تعريف عام بدين الإسلام

# ئىسلام دىنىنى ئومۇمى تونۇشتۇرۇش

﴿وَمن يَرْغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبْرَاهِيمَ إِلاَّ مَن سَفِهَ نَفْسَهُ﴾

**﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟﴾**

— سۈرە بەقەرە، 130 - ئايەت

## الجزء الأول: في العقيدة

علي الطنطاوي

**ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى**

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 2
ئىسلام دىنى ........................................ 7
ئىسلام دېگەن نېمە؟ ........................................ 22
چۈشەندۈرۈشلەر ........................................ 32
ئېتىقاد ئاساسلىرى ........................................ 37
ئاللاھقا ئىشىنىش ........................................ 56
ئاللاھنىڭ بىرلىكى ........................................ 70
ئىماننىڭ كۆرۈنۈشلىرى ........................................ 90
ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ........................................ 113
تەقدىرگە ئىشىنىش ........................................ 153
غەيبكە ئىشىنىش ........................................ 171
پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ........................................ 201
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ........................................ 218
كىتابلارغا ئىشىنىش ........................................ 237
خاتىمە ........................................ 242

www.munber.org





## كىرىش سۆز

بارلىق مەدھىيە بىرلا ئاللاھقا بولسۇن، بىز بارلىق ئىشلاردا ئاللاھقا تايىنىمىز ۋە شۇ ئاللاھتىنلا ياردەم سورايمىز.

مەن 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. 1928 ـ يىلى مىسىردا چىقىدىغان تۈنجى ئەدەبىي ژۇرنال «زەھرە ژۇرنىلى» ۋە «رىسالە ژۇرنىلى» چىققاندىن باشلاپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم. كېيىن مۇسۇلمانلار ژۇرنىلى چىققاندىمۇ بىر مەزگىل يېزىقچىلىق قىلدىم. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ژۇرنالدا ئەسەر ئېلان قىلغان ئىدىم. ئەپسۇسكى ئۇلارنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. تەخمىنەن 1930 ـ يىلدىن باشلاپ ئىككى يىل ئەتراپىدا پىراكتىكانت مۇخبىر بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇندىن كېيىن 1949 ـ يىلىغىچىلىك ئارىلىقتا 6 يىل مۇخبىرلىق قىلدىم. ھەركۈنى دېگۈدەك خەۋەر بېرىش بىلەن بولدۇم، كېيىن يەنە يېقىن شەرق رايونىدىكى ئەرەب رادىئو ئىستانسىسىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە دېكتورلۇق قىلىۋاتىمەن.

مېنىڭ 30 غا يېقىن كىتابىم نەشىردىن چىقتى. ھازىر نەشرگە تەييارلاپ قويغان 10دىن كۆپرەك كىتابىم بار. بۇ كىتابلار نەشىر قىلىنمىسىمۇ مەيلى، لېكىن خۇدا تۆۋەندىكى ئىككى كىتابنى تاماملاپ كېيىنكى كىشىلەرگە قالدۇرۇشۇمغا نېسىپ قىلسا مەن شۇنىڭغا رازى. بىرسى: دۆلەتلەرنىڭ ئالمىشىشىدىكى ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەرقايسى ئەللەرنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدىكى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى بايان قىلىمەن. بۇ كىتاب مېنىڭ ئەسلىمەم، ھاياتىمنىڭ ئەسلىمىسى بولۇپ قالغۇسى. يەنە بىرسى بۇنىڭدىن ياخشى ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا

www.munber.org

بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىك بولۇپ، ئۇ «ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش» دېگەن كىتاب. بۇ كىتاب ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇشتىكى بىردىنبىر مۇھىم كىتاب بولۇپ، ئەگەر ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى ئۆگەنمىگەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ياش ياكى ئىسلامنىڭ سىرتىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ نېمىلىكىنى تونۇماقچى بولغان ھەرقانداق ئوقۇغۇچى بۇ كىتابنى قولغا ئالسا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر كىتابقا مۇھتاج بولمايدۇ.

مەن 1936 ـ يىلى ئىراقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ئىسلام دىنىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. ئوقۇغۇچىلار مەندىن ئىسلام دىنىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر كىتابنى كۆرسىتىپ بېرىشىمنى سورىدى. مەن ئىسلام دىنىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر كىتابنى تاپالمىدىم. پەقەتلا «فىقھى» نىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ تارماق مەسىلىلىرى، ھەدىس، ئۇنىڭ رىۋايىتى ۋە ئاتىلىشى، تەۋھىد ۋە تەپسىر توغرىسىدىكى كىتابلارنى تاپتىم. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيالمايدىكەن. ئوقۇيالىغان تەقدىردىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان، چۈشەنسىمۇ تارماق مەسىلىلىرىنى، ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى ئىگەللەشكە توسالغۇ بولىدىغان ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان بولۇپ كىتاب تۈگىمەي تۇرۇپ ئۆمرى تۈگەپ كېتەتتى.

شۇ كۈنلەردە دىنىي بىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىشىمدىن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشىم كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ كىتابنى يېزىپ چىقالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1939 ـ يىلى «رىسالە ژۇرنىلى» دا ئالىملارنى بۇ كىتابنى يېزىشقا چاقىرىپ بىر قانچە ماقالە ئېلان قىلدىم. ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «تاغلىق ئادەملەر رەسۇلۇللانىڭ يېنىغا كېلىپ بىرەر كۈن ياكى بىر قانچە سائەت تۇرۇپلا



www.munber.org



ئىسلام دىنىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىۋالالايتتى ۋە ئىسلام ئاساسلىرىنى ئىگەللەپ ئۆز خەلقىنى دىنغا چاقىرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى بولۇپ قايتاتتى. ھازىر بىز نېمە ئۈچۈن بىرلا كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى زىيالىي ياشلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز؟»

بىر قانچە كۈنلەر ئۆتتى، مەن پايدىلىق مۇھىم ئون نەچچە ئىسلام كىتابلىرىنى رەتلەپ چىقتىم. لېكىن كىتابلارنى يېزىپ چىقىپ بولغۇچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەككىدىكى بۇرادىرىم مائارىپ مۇدىرى ـ شەيخ مۇستاپا ئەتتابار «ئىسلام بۆلەكلىرى» دېگەن كىتابتىكى ئىلمىي ماقالىدىن خەۋەر تېپىپ مائارىپ مىنىستىرى ـ شەيخ ھەسەن ئىبنى ئابدۇللا ئالىي شەيخ ئالىيلىرىغا ھاۋالە قىلىپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ قىزىقتۇرۇشى مېنى غەيرەتكە كەلتۈردى ـ دە، مەككىدە تۇرۇپ قېلىپ بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشتىم. بىر ياز ئۆتتى. مەكتەپتە بىر يىل يازدىم. گەرچە ھېرىپ كەتكەن بولساممۇ بوشاڭلىق قىلمىدىم. يېنىمدا ئۈچ چوڭ توپلام جەملەندى. توپلامدا مۇكەممەل قىسىملار، قىسىملەر ۋە ئەسلىمىلەر بار بولۇپ، تۆرگە ئايرىش، رەتلەشكە ۋە كۆپ ئىشلەشكە ئېھتىياجلىق ئىدى. يېڭى ياز يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇممانغا باردىم. توپلامنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ بىرگە ئېلىۋالدىم. ئوممان ئايرىدرومىدىن چىقىپ قىزىمنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن ماشىنغا ئولتۇردۇم. توپلاملار مەن بىلەن بىللە ئىدى. قىزىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا سەپەر ھاردۇقى، قارشى ئېلىش خۇشاللىقى ۋە دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن توپلاملارنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە ئۇلارنى ئىزلىدىم. تاپالماي بارلىق شوپۇرلاردىن سورىدىم. ساقچى ئىدارىلىرىگىمۇ باردىم. لېكىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي، گېپىمدىن تاماق ئۆتمەي، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي خۇدۇمنى يوقىتىپ بىر قانچە كۈن

قىزىپ قالدىم. كېيىن روھى كەيپىياتىم ياخشىلىنىشقا باشلىغاندا كىتابنى يېڭىدىن يېزىشنى قارار قىلدىم.

مەن ئۇممانىنىڭ شەھەر سىرتىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئىشخانام دەمەشىقتە، ماتېرىياللىرىم مەككىدە، يېنىمدا پەقەتلا بىر قۇرئان بار ئىدى. مەن، بۇ ياخشى بولسا كېرەك، مەن بۇ كىتابنى ئالىملارغا يېزىپ چىقمايمەن. پەقەت ئىسلامنىڭ نېمىلىكىنى ياشلارغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈنلا يېزىپ چىقىمەن. كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈشنى قانچىكى ئاز قىلسام ۋە يېڭى مەزمۇنلارنى كۆپرەك ئەكەلسەم، بۇ دىنىنى چۈشەنگۈچىلەرگە ياخشى بولىدۇ دەپ قارىدىم. ئاللاھتىن ياردەم سوراپ پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ئاللاھنىڭ كىتابى ـ قۇرئانغا تاياندىم. خۇداغا شۈكرى، مەن ئون كۈن ئىچىدە بۇ ئەقىدە توغرىسىدىكى كىتابىمنى يېزىپ تۈگەتتىم. بۇ ئىشنى ئۇممانىدىكى پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بۇرادىرىم، دوكتور ئىساق پەرھات ئوقۇپ مائارىپ مىنىستىرى ئۇستاز بەشىر سەبباغ ئالىيلىرىغا كىتابنى بىسىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە ھەق ئىگىسىگە قايتۇرۇش ھەققەت بولسا مەن ئاشۇ پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت ئېيتىمەن. كىتابنى چىقىرىشقا ياردەملەشكەن قەدىناس دوستۇم ئۇستاز مۇھەممەدسەلمىرروئىدانىغا، ھۆرمەتلىك بۇرادىرىم شەيخ ئىبراھىم زەيدىلكەيلانىغا ۋە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن بېسىلغان بىرىنچى قېتىملىقىدىن كېيىن بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىملىق بېسىلىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان سۆيۈملۈك ئوغلۇم ئۇستاز رىزۋان دەئىبۇلغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ھەمدە ھەممەيلەنگە ئاللاھتىن ياخشىلىق تىلەيمەن، ۋە يەنە ئاللاھ تائالانىڭ كىتاۋىمنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرىدىغان ئۈچ قىسىملىق كىتاب بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن باشقا قىسىملىرىنى يېزىپ چىقىشىمغا ياردەم

www.munber.org





بېرىشىنى ۋە بۇ كىتاۋىمنى ئاخىرەتتە ئوزۇق، ۋاپاتىمدىن كېيىن ئۈزۈلمەيدىغان ئەمەل قىلىپ بېرىشنى تىلەيمەن. بۇ كىتابتا خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىك بايقىغان كىشىدىن خاتالىقنى تۈزىتىۋېلىش، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن ماڭا كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەككە مۇكەررەمە

www.munber.org

# ئىسلام دىنى

سىز يالغۇز سەپەر قىلىۋېتىپ ئالدىڭىزدا بىر ئاچا يولنى كۆرسىڭىز، بىرى تاققا ئۆرلەپ چىقىدىغان مېڭىش ناھايىتى قىيىن بولغان داۋان، يەنە بىرسى تۈپتۈز، مېڭىش ئاسان بولغان يول بولۇپ بىرىنچى يولدا ئېگىز - پەس، تاش - تىكەن، ئازگاللار بار ئىكەن، يامشىپ چىقىش قىيىن، مېڭىش تەس ئىكەن. لېكىن ئۇ يولنىڭ ئالدىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپتىن تىكلەنگەن تاختىغا «بۇ يولنىڭ بېشى ئېگىز - پەس، مېڭىش قىيىن، لېكىن بۇ يول چوڭ شەھەرگە كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزىدىغان توغرا يول» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئىككىنچى يول ئاسفالىتلانغان بولۇپ ئۈنىڭغا گۈللەر، مېۋىلىك دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەھۋەخانىلار ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىن ئىبارەت دىل ھوزۇرلىنىدىغان، كۆز خۇرسەن بولىدىغان، قۇلاققا خۇش ياقىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. لېكىن «بۇ يولنىڭ ئاخىرىسىدا چىققىلى بولمايدىغان ھەقىقىي ھالاكەت بار» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

سىز بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسىغا ماڭىسىز؟...

شەك - شۈبھىسىزكى، كۆڭۈل قىيىنسىز ئاسانغا، دەردسىز لەززەتكە مايىل بولىدۇ، ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، كىشەننى يامان كۆرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئورۇنلاشتۇرغان تەبىئەت، ئىنسان كۆڭۈل خاھىشىنى ئىختىيارىغا قويۇپ شۇنىڭغا ئەگەشسە ئىككىنچى يولغا ماڭىدۇ. لېكىن ئەقىل ئارىلىشىپ ھازىرقى قىسقىغىنا لەززەتكە ئەگىشىپ كېلىدىغان مەڭگۈلۈك دەرد - ئەلەم ئوتتۇرىسى بىلەن ۋاقىتلىق مۇشەققەتتىن كېيىن كېلىدىغان مەڭگۈلۈك لەززەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرىدۇ - دە، بىرىنچى يولنى تاللايدۇ، مانا بۇ جەننەت ۋە دوزاخ يولىنىڭ مىسالى.



www.munber.org



دوزاخ يولىدا بارلىق لەززەتلىك، كۆڭۈللۈك نەرسىلەر بار بولۇپ، كۆڭۈل شۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. ئۇ يولدا چىرايلىقلارغا، ئۇلارنىڭ شەرمەندە يەرلىرىگە قاراش ۋە شەھۋەتكە، ئۈنىڭ لەززىتىگە بېرىلىش ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن مال - دۇنيا يىغىش بار بولۇپ، بۇ يولدىكى مال بەك سۆيۈملۈك ۋە تاتلىق. بۇ يولدا باش - باشتاقلىق بار، كۆڭۈل شۇنى ياخشى كۆرىدۇ، چەكلىمىنى يامان كۆرىدۇ.

جەننەت يولىدا جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، چەك - چېگرا، بەلگىلىمە، كۆڭۈلگە قارشى تۇرۇش، ھاۋايى - ھەۋەستىن يىراق بولۇش بار. لېكىن جەننەت يولىدىكى جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىرەتتىكى دائىملىق لەززەتتۇر. دوزاخ يولىدىكى ۋاقىتلىق لەززەتنىڭ نەتىجىسى جەھەننەمدىكى مەڭگۈلۈك ئازاپتۇر. مەسىلەن: ئوقۇغۇچى ئىمتىھان كېچىلىرىدە ناھايىتى خۇشال - خۇرام تېلېۋىزور كۆرىۋاتقان ئائىلە كىشىلىرىنى تاشلاپ، يالغۇز ھالدا كىتاب - دەپتەرلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ جاپا چېكىدۇ. شۇ جاپادىن كېيىن ئىمتىھاندىن ئۆتۈش خۇشاللىقىغا ئېرىشىدۇ. كېسەل ياخشى تائاملاردىن بىر نەچچە كۈن پەرز تۇتۇش ئازابىغا بەرداشلىق بەرسىلا كېيىن سالامەتلىكنىڭ لەززىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئىككى يولنى قويدى، ۋە بىزگە ئاشۇ ئىككى يولنى ئايرىيدىغان ئىقتىدارنىمۇ بەردى. كىشىلەر ئىقتىدار ئارقىلىق ياخشى - يامانلىنى ئايرىپ، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ئوخشاش ھەممىسىنى توسيالايدۇ. كىشىلەرنىڭ دىللىرى ياخشى ئىش قىلغان ۋاقتىدا راھەتلەنسە، يامان ئىش قىلغان ۋاقتىدا ئالاقزادە بولىدۇ. ھەتتا بۇ ئىقتىدار ھايۋانلاردىمۇ بار. مەسىلەن: سىز مۈشۈكىڭىزگە گۆش تاشلاپ بەرسىڭىز ئالدىڭىزدا ئالدىرىماي خاتىرجەم يەيدۇ. ئەگەر ئوغرىلىغان بولسا مېنى تۇتىۋېلىپ گۆشنى ئېلىۋالمىسۇن، دەپ قورقۇپ سىزگە قاراپ

تۇرۇپ ئالدىراش يەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ـ مۇشۇك بىرىنچى قېتىمدىكى يېمەكلىكنىڭ ئۆزىگە توغرا ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچىسىنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ يەنە بۇ ئۇ مۇشۇكنىڭ ھەق ـ ناھەقنى، ھالال ـ ھارامنى ئايرىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئىت ئەگەر ياخشى ئىش قىلسا خۇددى مۇكاپات تەلەپ قىلغاندەك ئىگىسىنى يالايدۇ. بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويسا ئۆزرە ئېيتقان ياكى جازانى كۈتۈۋاتقاندەك قۇيرىقنى شىپاڭشىتىپ يىراق تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ﴾

﴿بىز ئىنسانغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾[1] دېگەن سۆزىنىڭ شەرھىسى ئەمەسمۇ؟

ئاللاھ تائالا جەننەت يولىغا چاقىرىدىغان ۋە ئۇ يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى تۇرغۇزدى. شۇنىڭدەك دوزاخ يولىغا چاقىرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدىغان ئازدۇرغۇچى شەيتانلارنىمۇ تۇرغۇزدى. ئالىملارنى بولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى قىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ـ پاتىمە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن مال ـ دۇنيا، كۆچمەس مۈلۈك مىراس ئالغان ئەمەس. ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام چاقىرىغىنى مىراس ئالدى. كىمكى بۇنى ھەقىقىي ئېلىپ بارىدىكەن پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى بولۇشقا لايىق بولىدۇ. بۇ چاقىرىق بولسا قىيىن. چۈنكى ئىنساننىڭ كۆڭلى باش ـ باشتاقلىققا مايىل، دىن بۇنىڭغا چەكلىمە قويىدۇ. كۆڭۈل لەززەتكە مايىل، دىن بۇنى توختىتىدۇ. كىمكى بۇزۇق ۋە خاتا ئىشلارغا چاقىرىدىكەن بۇ ھېسسىياتقا مۇۋاپىق كېلىدۇ ـ دە، كىشىلەر ئۇ يامانلىققا چاقىرغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن سۇ پەسكە قاراپ ماڭغاندەك ماڭىدۇ. تاغ چوققىسىدىكى سۇ ئامبارلىرىغا چىقىپ ئامبارنى جوتو بىلەن ئۇرۇپ تەشسىڭىز سۇ ئېتىلىپ

[1] سۈرە بەلەد 10 ـ ئايەت.



www.munber.org



چىقىدۇ. سىز سۇ جىلغىغا چۈشۈپ بولغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن سۇنى قايتۇرۇپ چىقىشنى ئويلىسىڭىز، بۇ سۇنى باسما قۇدۇق ئارقىلىق ناھايىتى قىيىنچىلىق، زور چىقىملار بىلەن قايتۇرۇپ چىقالايسىز. تاغ چوققىسىدىكى مۇستەھكەم تاشلارنى دومىلىتىش ئۈچۈن ئىتتىرىپ قويسىڭىزلا مۇشەققەتسىز پەسكە چۈشىدۇ. قايتۇرۇپ چىقىشنى ئويلىسىڭىز نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت چېكىسىز، مانا بۇ ئىنساننىڭ مىسالى.

يامان ھەمرا سىزگە بۇ يەردە چىرايلىق ئايال يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ، دېسە كۆڭلىڭىز ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ. ھېسسىيات سىزنى ئۇ تەرەپكە ئۈندەيدۇ. نەچچە مىڭلىغان شەيتان سىزنى ئۇ تەرەپكە ئۈندەيدۇ. سىز سەزمەستىنلا ئۇنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قالىسىز. ئەگەر سىزنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن بىرەرسى نەسىھەت قىلسا، سىزنىڭ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشىڭىز، كۆڭلىڭىزنىڭ قىزىقىشىغا قارشى تۇرۇشىڭىز قىيىن بولىدۇ. يامانلىققا چاقىرغۇچى جاپا چەكمەيدۇ. تىرىشچانلىقمۇ كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن جاپا ـ مۇشەققەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە نەسىھەت ئارقىلىق ياخشىلىققا چاقىرغۇچى كىشىلەرگىدۇر. يامانلىققا چاقىرغۇچىنىڭ قېشىدا كۆز، قۇلاق خۇرسەن بولىدىغان، دىل ۋە تەن لەززەتلىنىدىغان، ھېسسىيات تەلپۈنىدىغان ھاياسىز ئىشلار ۋە چەكلەنگەن ئويۇن تاماشىلارنىڭ ھەممىسى بار. ئەمما ياخشىلىققا چاقىرغۇچى كىشىنىڭ قېشىدا بۇ ئىشلاردىن توسۇش بار. سىز بەدىنى ئۇچۇق قالغان قىزنى كۆرسىڭىز چىرايلىق يېرىنى كۆرۈشكە قىزىقىسىز. ياخشىلىققا چاقىرغۇچى سىزنى كۆزۈڭنى يۇم، ئۇنىڭغا قارىما دەيدۇ. سودىگەرگە جاپا چەكمەي ئېرىشكىلى بولىدىغان جازانىدىن ئىبارەت ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان پايدا تۇرسا كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولىدۇ. ياخشىلىققا



www.munber.org

چاقىرغۇچى ئۇنىڭغا ئۆنى قوي، قولۇڭنى سوزما قايت دەيدۇ. خىزمەتچى ئۆز ھەمراھىغا ئۇنى ئالما ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانما دەيدۇ.

ياخشىلىققا چاقىرغۇچى ئادەم كىشىلەرگە كەلگۈسىدىكى بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھازىرقى لەززەتنى تەرك ئېتىڭلار، ئاخىرەتتىكى ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆز ئالدىڭلاردىكى نەرسىلەردىن ۋاز كېچىڭلار، ھېسسىياتىڭلارنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا، كۆڭلۈڭلارنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىگە قارشى تۇرۇڭلار، دەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلگە نىسبەتەن ئېغىر تۇيۇلىدۇ. مېنىڭ ئېغىر دەپ سۈپەتلىگىنىمنى ئىنكار قىلماڭلار. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا شۇنداق دەپ ئاتىغان بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلا ثَقِيلا﴾

«بىز ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز»[1]

ھەرقانداق ئېسىل ئىشلار كۆڭۈلگە ئېغىر تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىنىڭ تېلېۋىزور كۆرمەي دەرس كۆرۈشى ئېغىر. ئالىمنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا قاتناشماي، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سورۇنلىرىغا قاتنىششى ئېغىر. ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ ئىسسىق ئورۇندىن بامدات نامىزىغا تۇرۇشى ئېغىر. ئەر كىشىنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىپ جىھادقا مېڭىشى ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكى ئادەملەر ياخشى ئادەملەردىن كۆپ. ئازغۇنلۇقتا تۇرىۋاتقان، بىپەرۋا، غاپىل كىشىلەر توغرا يولدا مېڭىۋاتقان كىشىلەردىن كۆپ. كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پاكىتسىز ئىشەنگەنلىكتىن تولا ۋاقىتتا ئېزىپ كېتىدۇ.

﴿وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِي الأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ اللّهِ إِن يَتَّبِعُونَ إِلاَّ الظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلاَّ يَخْرُصُونَ﴾

[1] سۈرە مۇززەممىل 5 - ئايەت.



www.munber.org



«ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (كۇپۇرلار) گە ئىتائەت قىلساڭ ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، يالغاننىلا سۆزلەيدۇ»[1] ئەگەر ئازلىق ھەم كەم تېپىلىش يۇقىرىلىقنىڭ ۋە بەلەنلىكنىڭ سۈپىتى بولمايدىغان بولسا ئالماس كەم، كۆمۈر كۆپ تېپىلمىغان بولاتتى. تالانتلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەر، كۆزگە كۆرۈنگەن چېمپىيونلار كىشىلەر ئارىسىدا ئاز بولماس ئىدى.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئالىملاردىن بولغان ۋارىسلىرى جەننەت يولىغا چاقىرىدۇ. شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ياردەمچىلىرى دوزاخ يولىغا چاقىرىدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزدە شۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلار بار. بىزنىڭ ئىچىمىزدە پەيغەمبەرلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە شەيتانلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بار. پەيغەمبەرلەر پارتىيىسى ئەقىدىدە گەۋدىلىنىدۇ. شەيتانلار پارتىيىسى يامانلىققا بۇيرۇيدىغان ھېسسىياتتا گەۋدىلىنىدۇ.

سىلەر «ئەقىل» دېگەن نېمە؟ «ھېسسىيات» دېگەنچۇ؟ دەيسىلەر، مەن بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ روشەن ئايرىپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى بۇ مەسىلە تېخىچە ئايدىڭلاشمىدى. ئىلىم - پەننىڭ ئەتراپلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلمىدى. ھەممىمىز «مەن كۆڭلۈمگە مۇنداق دېدىم» ۋە «ئەقلىم ماڭا مۇنداق دېدى» دەيمىز، بۇنداقتا «مەن نېمە؟» «كۆڭلۈمچۇ؟» «ھېسسىيات دېگەن نېمە؟» «ئەقلىڭچۇ؟» تېخىچە بۇ بىزگە روشەن بولمىدى. مەن بۇ يەردە بۇ نامەلۇم مەسىلىلەرنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن. سىز قىش كېچىلىرى ئىسسىق ئۆي، يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە تاتلىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋېتىپ نامازغا چاقىرىق قىلغۇچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا ئىچكى قىسمىڭىزدا «نامازغا تۇر» دېيىلگەن ئاۋازنى سېزىسىز. ئەگەر ئورنىڭىزدىن تۇرماقچى بولغىنىڭىزدا سىزگە

[1] سۈرە ئەنئام 116 - ئايەت.



www.munber.org

«ئازراق ئۇخلىۋال» دېگەن يەنە بىر سېزىم پەيدا بولىدۇ. ئاندىن بىرىنچى ئاۋاز سىزگە قايتا «ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى» دېسە، ئىككىنچى بىر خىل سېزىم «ئۇيقۇ تاتلىق، ۋاقىت كەڭرى، بىر نەچچە مىنۇت ئۇخلىۋال» دەيدۇ. ئىككى ئاۋاز ئارقمۇ ـ ئارقا سائەتنىڭ چىكىلدىغىنىدەك «ئۇخلا، تۇر، ئۇخلا، تۇر ...» دەيدۇ. مانا بۇ ئەقىل ۋە ھېسسىيات. بۇ مىڭلىغان شەكىلدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مەسىلىدۇر. ھەر ۋاقىت ئىنسان بۇ ئىشلارغا دۇچ كەلسە، كۆڭلى خالاۋاتقان ھارام لەززەتنى يېپىشقا ئىنتىلىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدە ئەقلىنى لەززەتتىن توسۇپ تۇرىدىغان ئىمان بار. ئەقلىنىڭ ياردەم بېرىدىغان مەنبىئى ئىمانىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدۇر. بۇنىڭ مەنىسى: ئەقىل دائىم ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەيدۇ، مۇسۇلمانلار يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئىسلام تەبىئىتى ۋە ئەمەلىي دىن. ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا مەخسۇس ئىبادەت ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ياراتقان. بىزنى پەرىشتە قىلمىدى ۋە يەنە ئەھۋالى گۇناھ مەئسىيەت بىلەن ئۆتىدىغان شەيتانلارنى ياراتتى. بىزنى ئاللاھ شەيتانغا ئوخشاش قىلمىدى. ئاللاھ تائالا ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلاردىن ئىبارەت بىر قانچە مەخلۇقلارنى يارىتىپ ئۇلارغا پەقەت سېزىملا بەردى. ئۇلار ئەمەل ـ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنمايدۇ. قىلغان ئىشلىرىدىن سوئال ـ سوراقمۇ قىلىنمايدۇ. بىزنى ئاللاھ ۋەھشىي ھاۋان قىلمىدى، ئۇنداقتا بىز نېمە؟ ئىنسانچۇ؟

ئىنسان ـ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا پەرىشتە، شەيتان ۋە ھايۋانلاردىن مۇجەسسەملەشكەن خاراكتېر بار. ئەگەر ئادەملەر ئىبادەتنى ياخشى قىلىپ ئاللاھ بىلەن سىرداشقان ۋاقىتتا قەلبى ساپ ۋە دىلى روشەن ھالدا ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالىسا بۇ كىشىدە پەرىشتىلىك سۈپەت غەلىبە قىلىدۇ ۋە ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىدىغان ئىتائەتچان پەرىشتىگە ئوخشايدۇ.





ئەگەر ياراتقۇچىسىغا ئىشەنمىسە، پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلىپ، كاپىر بولسا ياكى خۇداغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ شېرىك كەلتۈرسە ئۇ كىشىدە شەيتانلىق سۈپەت غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەندە تومۇرلىرى كۆپۈپ، قېنى قىزىپ، مۇسكۇللىرى چىڭقىيىپ كېتىدۇ. ئۇ كىشى دۈشمىنىنى تېپىپ، چىشلىرى بىلەن چىشلەپ، تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ، گەدىنىدىن تۇتۇپ، گېلىنى سىقىپ، كەينىگە ئىتتىرمىگىچە ئاچچىقى چىقمايدۇ. مانا بۇ ھالەت ئۇ كىشىدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۈپىتى غالىب كەلگەنلىكى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ يولۋاس ۋە يىلپىزدىن چوڭ پەرقى بولمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قورسىقى ئاچسا، ئۇسسىسا، تويغىچىلىك نان، قانغۇچە سۇ بولىدىغانلا بولسا، جىنسى قىزىقىش ئۇ كىشىنىڭ قېنىنى قاينىتىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ ئۇ كىشىنى كونترول قىلىۋالغان بولسا ۋە زېھنى ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ كىشىگە ھايۋانلىق سۈپىتى غالىب كەلگەن بولۇپ، ئۇ كىشى ئايغىر ئات ۋە باشقا ھايۋانلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ ھەقىقىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ياخشىلىق ۋە يامانلىققا تەييارلىق قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە ياخشى يامانىنى ئايرىش ئۈچۈن ئەقلىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىرادە بەردى. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ياخشى ئىشلىتىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتا ئىرادىنى ياخشى ئىشقا سېلىپ قابىلىيىتىنى ئاشۇرسا، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئەخلاقلىق بولسا ئاخىرەتتە بەختلىك كىشىلەردىن بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئازابلانغۇچىلاردىن بولىدۇ.

توغرا، كۆڭۈل باش ـ باشتاقلىقنى خالايدۇ. دىن بۇنى چەكلەيدۇ. بۇ چەكلىمە بولۇشى كېرەك. ئەگەر كۆڭۈل ئەركىن قويۇپ بېرىلسە، ئۆز خاھىشى بويىچە بۇزۇق ئىشلارغا ئاتلىنىدۇ ـ دە، جەمئىيەت بىر پۈتۈن



www.munber.org

بۇزۇقلار جەمئىيىتى بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى مۇتلەق ئەركىنلىك ساراڭلارغا مەنسۇپ. ساراڭ خىيالىغا كەلگەننى قىلالايدۇ. كوچىدا يالىڭاچ ماڭالايدۇ. ئاممىۋى ماشىنىلارنىڭ شوپۇرلىرىنى بوزەك قىلالايدۇ. كىيىمىڭىزنى چىرايلىق كۆرۈپ ئۇچىڭىزدىن تارتىۋالالايدۇ. قىزىڭىزنى كۆرۈپ ئۇنى ئىسلام قائىدىسى بىلەن ئەمەس بەلكى مۇھەببەت ھەققى بىلەن تەلەپ قىلىدۇ.

ئەقىل دېگەن نېمە؟ دېگەن سۆز تۆگىنى باغلايدىغان ئارغامچا دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن. ھېكمەت ھايۋانلارنىڭ باغلانچىسى دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن. مەدەنىيەت دېگەن سۆزمۇ قىلغان ئىشلىرىڭىزنى ئىختىيارىڭىزدا قويۇۋەتمەيدۇ. جەمئىيەتكە تونۇش كىشىلەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەركىنلىككە چەكلىمە قويىدىغان باغلانچا دەيمىز. ھەقىقانىيەتمۇ سىزنىڭ خوشنىڭىزنىڭ ئەركىنلىكى نامايەن بولىدىغان دەرىجىدە سىزنىڭ ئەركىنلىكىڭىزگە چەكلىمە قويغانلىقى ئۈچۈن بۇمۇ باغلانچا دېيىلىدۇ.

ھەقىقەتەن گۇناھ بولىدىغان ئىشلار تەلەپكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن شېرىن تۇيۇلىدۇ. باشقىلارنىڭ يامانلىقىنى چىشلەپ تارتىۋاتقان كىشىدىن ئاڭلىغان سۆزىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىڭىزنى سەزدۈرىدۇ. غەيۋەت ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا كۆڭلىڭىز خۇش بولىدۇ. ئوغرىلىق، جاپا - مۇشەققەتسىز مال - دۇنياغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن لەززەتلىك، زىنادا كۆڭۈلنى خاھىشقا قويۇپ بېرىش، تەلۋىنى قاندۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈن زىنامۇ لەززەتلىك تۇيۇلىدۇ. ئىمتىھاندا ساختىپەزلىك قىلىش كۈچ سەرپ قىلماستىن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن لەززەتلىك، مەجبۇرىيەتتىن قېچىش راھەتلىك دەم ئېلىش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇمۇ كۆڭۈلگە ياخشى تۇيۇلىدۇ.

www.munber.org



ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

لېكىن ئىنسان ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلسا بۇ ۋاقىتلىق لەززەتنىڭ كېيىنكى چەكسىز ئازابقا باراۋەر كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

كىم بىز بىلەن بىر يىللىق توختام تۈزۈشكە رازى بولىدۇ. بىز بۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇ كىشىگە تەلەپ قىلغان مال - دۇنيانى بېرىمىز. خالىغان شەھەردە ئۆي - داچىلاردا تۇرغۇزىمىز، ئاياللاردىن ئىككىنىمۇ، ئۈچىنىمۇ، ئەگەر ھەرئاخشىمى قويۇۋېتىپ ئەتىگىنى يېڭىنى ئېلىشنى خالىسىمۇ ئېلىپ بېرىمىز. ھېچ نەرسىدىن توسمايمىز. بىراق بىر يىل تۈگىسە ئۇ كىشىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمىز دېسەك بۇنىڭغا كىم رازى بولسۇن. ھەرقانداق ئادەم قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق بەخت دېمەمدۇ. ئۆزىنىڭ دارغا ئېسىلىپ تۇرغان ۋاقىتتىكى ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمامدۇ؟ ئۇ لەززەتتىن قولىدا ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ بۇ دۇنيادىكى دار ئازابى بىر نەچچە مىنۇت، ئاخىرەتتىكى ئازاب بولسا ئۇزۇن زاماندۇر.

بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئۆمرىدە گۇناھ قىلىپ باقمىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆڭۈل خالىغان ئىشلاردىن لەززەتلەنمىگەن كىشى يوق. ئەقەللىيسى بىر قېتىم ناماز بامداتقا تۇرۇشتىن كۆرپىنىڭ ھوزۇرىنى ئەلا بىلىپ مۇشۇ گۇناھنىڭ لەززىتىنى تېتىمىغان كىشى يوق.

ئون يىل ئىلگىرى ھوزۇرلانغان شۇ لەززەتلەردىن ھازىر قولىمىزدا نېمە قالدى؟ ئۆزىنى ئەمەل ئىبادەتكە زورلىمىغان ئادەممۇ يوق ئەمەس. ئەڭ ئاددىيسى رامىزاندا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىبارەت ئەمەل ئىبادەتنىڭ جاپاسىنى تارتقان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بىزدە شۇ جاپا - مۇشەققەتلەردىن نېمە قالدى؟ ھېچ نەرسە قالمىدى. ئۆلۈم ۋاقتى يېقىنلاشتى. بىز تېتىغان ئاشۇ لەززەتلەردىن شۇ دەرد - ئەلەملەردىن شۇ ئۆلۈم سائىتىدە بىزگە قايسىسى ئەسقاتار؟ قايسىسى بىزگە ھەمراھ بولار؟

www.munber.org

شەكسىزكى، ھەرقانداق مۆئمىن ئادەم تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا يۈزلىنىشنى ئويلايدۇ، لېكىن كېچىكتۈرىدۇ ۋە ئارقىغا سۈرىدۇ. مەن ھەج قىلسام تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا يۈزلىنىمەن دەيتتىم. ھەج قىلدىم، تەۋبە قىلالمىدىم. قىرىق ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا تەۋبە قىلىمەن دېدىم. قىرىق ياشقا كىردىم لېكىن يەنىلا تەۋبە قىلالمىدىم. قېرىدىم يەنىلا تەۋبە قىلالمىدىم. بۇ مەن ھەممىشە ئاللاھ چەكلىگەن پاھىشە، يامان ئىشلار بىلەن بولىدۇم دېگەنلىك ئەمەس. خۇداغا شۈكرى، مەن بۇنداق ئىشلارنى قىلمىدىم. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئىنسان ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئارقىغا سۈرىدۇ. ۋاقىت كەتكىرى، ئۆمۈر تېخى ئۇزۇن دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈمنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھەقىقەتەن مەنمۇ ئۆلۈمنى ئىككى قېتىم كۆردۈم. ئۆلۈمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ، تائەت - ئىبادەتسىز ئۆتكۈزىۋاتقان ھەربىر مىنۇت ئۆمرۈمگە پۇشايمان قىلدىم. بۇ تەسىرات بىر قانچە ئاي داۋاملاشتى. كېيىن بۇ ئىشلار سەل ئۇنتۇلۇپ ھاياتلىق قايىنىمىغا ئىككىنچى قېتىم چۆمدۈم. ئۆلۈمنى ئۇنۇتتۇم. ھەقىقەتەن ئۆلۈمنى ئۇنۇتتۇم ....

ھەركۈنى ئۆلۈكلەرنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆلۈمنى ئۇنتۇيمىز. ئۆزىمىزنىڭ يېقىندا ئۆلىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمايمىز. ھەممىمىز جىنازا نامىزىدا تۇرۇپ دۇنيا توغرىسىدا ئويلىنىمىز. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ تۇرمايدىغانلىقىنى، دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈم بارلىق كىشىلەرگە پۈتۈلۈپ كەتكەن دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ.

مەيلى ئىنسان قانداقلا ياشىسۇن ئۆلىدۇ. ئۇ ئاتمىش يىل ياشىسۇن ياكى يەتمىش يىل ياشىسۇن ياكى يۈز يىل ياشىسۇن بەربىر ئۆلىدۇ. ھايات ئاخىرلاشماي قالارمۇ؟ يۈز يىل ياشىغان كىشىنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋملىرىنى ئاللاھنىڭ



www.munber.org



بىرلىك بارلىقىغا ئىشىنىشكە چاقىرىپ 950 يىل ياشىغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام ھازىر قەيەردە؟ ئۇ، دۇنيادا مەڭگۈ تۇردىمۇ؟ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايمىز. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ بولمايدىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمايمىز؟

ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئالدىدا سەپەر بولسا ئۇ كىشى سەپەر ۋاقتىنى بىلمىسىمۇ سەپەرگە تەييارلىق قىلىپ تۇرغان بولسا، چاقىرسىلا دەرھال ماڭالايدۇ. مەن ئۆتكەن يىلى يازدا ئوممان شەھرىدە ئىدىم. ئىئوردانىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلىتى بىلەن ئۇلارغا ئىشلەپ بېرىش كېلىشىمىنى تۈزگەنلىكىنى كۆردۈم. سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلار ئۇلارغا يېقىندا ئايرۇپىلان كېلىپ ئۇلارنى يۆتكەپ كېتىدىغانلىقىنى شۇڭا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن يول خېتىنى تەييارلاپ، يۈك - تاقلىرىنى تېڭىپ ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ بولغانلار، چاقىرىلغان ھامان كىيىملىرىنى كىيىپ ئايرودرومغا مېڭىپتۇ. ئۇلاردىن چاقىرىلغانغا قەدەر ئىشلىرىنى كېچىكتۈرگەن ۋە سەل قارىغان كىشىلەر چاقىرىلغان ۋاقىتتا بازارغا كىرەكلىك نەرسە ئېلىۋالاي، يېزىغا بېرىپ ئائىلىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىۋالاي، ھۆكۈمەتتىن يول خېتىمنى ئېلىۋالاي توختاپ تۇرۇڭلار دەپتىكەن، ئۇلار ئۇ كىشىگە ساقلاپ تۇرمايلا كېتىپ قاپتۇ. بىراق ئۆلۈم پەرىشتىسى كەلسە جاننى ئالماي كەتمەيدۇ. بەلكى مەجبۇرىي ھالدا ئالىدۇ. ئۇ كىشىگە بىرەر سائەت، بىرەر مىنۇت ياكى بىرەر سىكۇنتمۇ ۋاقىت بەرمەيدۇ. ۋاقىت بېرىش ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ. ھەممىمىز ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى بىلىمىز، لېكىن قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

ئۇنداقتا ئۆلۈم دېگەن نېمە؟ ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتىچۇ؟



www.munber.org

ئىنساننىڭ ھاياتى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىلىك باسقۇچى، بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق باسقۇچى. ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەت كۈنىگىچىلىك بولغان ھاياتى، بەرزەخ باسقۇچى ۋە ھەقىقىي ھايات ـ دائىملىق باسقۇچ يەنى ئاخىرەت باسقۇچىدىن ئىبارەت بىر قانچە باسقۇچقا بۆلىنىدۇ. ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالا ئانىنىڭ قورسىقىنى دۇنيا دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر ئۇ بالا ئويلىيالىسا، پىكىر يۈرگۈزەلىسە، سوئالغا جاۋاب بېرەلىسە ئانىنىڭ قورسىقىدىن چىقىش ھەقىقىي ئۆلۈم دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى. ئەگەر قورساقتا قوشكېزەك بالا بولسا، بىرى يەنە بىرسىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇنى چوقۇم ئۆلۈپ كەتتى، چوڭقۇر يەرلەرگە دەپنە قىلىندى دەيدۇ. ئەگەر ئۆز جەسەتىدىن بولغان بالا ھەمرىيىنىڭ ئەخلەتكە تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسە ئۇ مېنىڭ تۇققىنىم دەپ ئويلايدۇ ۋە ئانا چاڭ ـ توزاڭ يۇقۇشتىن قورقىدىغان بالىسىنىڭ تۇپىغا كۆمۈلۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە يىغلىغاندەك ئۇمۇ ئۇنىڭغا يىغلايدۇ. سىز ئۆز جىسمىڭىزنىڭ بالا ھەمرىيىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز يەنى كىر بولۇپ تاشلىۋېتىلگەن كۆڭلەككە ئوخشاش ياكى ۋاقتى توشقان ھاجىتى قالمىغان كىيىمگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ مانا بۇ ئۆلۈم. ئۆلۈم ئەمەلىيەتتە ھاياتلىق باسقۇچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن بىر باسقۇچقا يېڭى تۇغۇلۇش بولۇپ، بۇ دۇنيا پەقەتلا بىر يول، بۇ يولدىكى بىزنىڭ ھاياتىمىز خۇددى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ ھاياتىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ كۆچمەن پاراخوتتا ياخشى ئۆيلەرنى تاللايدۇ، راھەتكە قىزىقىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى ياتقىنى يېڭىلاش، تاملىرىغا نەقىش قىلىش ئىشلىرىغا چىقىم قىلىۋېتىپ ئامېرىكىغا ئۆزىدە ھېچ نەرسە يوق خالتىسى قۇرۇق قەلەندەر بولۇپ بارامدۇ؟ ياكى مېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشۇم بىر ھەپتە ماڭا زۆرۈر بولغان نەرسىلا بولسا بولىدى، مەن ھازىر

www.munber.org



ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

بىر كۆچمەن مال ـ مۈلكۈمنى يېقىندا بېرىپ ئورۇنلىشىدىغان ئامېرىكىدىكى ئولتۇراق جايىمغا قالدۇرۇشۇم كېرەك دەمدۇ؟

سىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ مىسالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ بىر قېتىم ئامېرىكا تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى بىر كىچىك ئارالدا ئاتوم تەجرىبىسى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ 15 يىل بۇرۇن بولغان ئىش. ئارالدا بېلىقچى ئاھالىسىدىن يۈز نەچچىسى بار ئىدى. ئامېرىكا ئۇلاردىن ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بېرىشنى، ئورنىغا خالىغان شەھەردىن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆي بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى تىزىملىتىش ئۈچۈن كۆچمەكچى بولغان ۋاقىتتا ئامېرىكىلىقلارغا ئۇقتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۇلارغا كۆچۈش ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن ئايروپىلان كېلىپ ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقان ئىدى. ئۇلاردىن بەزى كىشىلەر ئۆيىنى بوشىتىشقا تاپشۇرغان. بەزىلەر ۋاقىت يېقىنلاشقانغا قەدەر كۆچۈشكە سەل قاراپ كېچىكتۈرگەن. بەزىلەر بۇنىڭ ھەممىسى يالغان، دۇنيادا ئامېرىكا دەيدىغان ئورۇن يوق، دۇنيا پەقەتلا مۇشۇ ئارال، بىز بۇ ئارالدىن ئايرىلىپ كېتىشكە رازى ئەمەس دېگەن، ھەممىدە بۇ ئارالنىڭ يېقىندا پارتلاپ بىر خاتىرە سۈپىتىدە قالىدىغانلىقىنى ئۇنتىغان.

مانا بۇ دۇنيانىڭ مىسالى. بىرىنچىسى ئۆزىنى، ئاقىۋىتىنى ئويلىغان ۋە پەرۋەردىگارىغا ئۈچرىشىشى ئۈچۈن گۇناھدىن يېنىش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ئارقىلىق تەييارلىق قىلغان مۆئمىن كىشىلەرنىڭ مىسالى. ئىككىنچىسى ئەمەل ئىبادەتنى تولۇق قىلمىغان گۇناھكار مۆئمىننىڭ مىسالى. ئۈچىنچىسى بۇ دۇنيا بولسا بىزنىڭ ھاياتلىق دۇنيايىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەس، ئۆلۈم بولسا ئۇزۇن زامانلىق ئۇخلاش ۋە دائىملىق راھەت، ھەقىقىي يوقىتىلىش دەيدىغان ماتېرىيالىست كاپىرنىڭ مىسالى.

www.munber.org

بۇ ئىسلام دىن مۇسۇلمانلاردىن تەركى دۇنيا بولۇپ ئىبادەتلا قىلىش، قوللىرىنى مال ـ دۇنياغا يېقىن ئەكەلمەي، مەسچىتتىن چىقماي ئولتۇرسۇن، ئۆگكۈرگە ئورۇنلىشىۋىلىپ بىر ئۆمۈر دەرۋىش بولسۇن دېگەنلىك ئەمەس. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس... بەلكى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ياخشى مەدەنىيەت يارىتىپ ھەرقانداق مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە كاتتا باي بولۇشنى، ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدە كاتتا ئالىم بولۇشنى، شۇنداقلا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ۋە ھوزۇرلىنىش ئارقىلىق كۆڭۈلنى خۇش قىلىشنى، ئائىلىسىدىكىلەرگە بويسۇنۇپ ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئەۋلادلىرىنى تەربىيلەش، يول كۆرسىتىش، مېھرىبان بولۇش قاتارلىق ھەقلىرىنى ئۆتەپ جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھاتى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتنى تونۇشنى، خۇددى ئاللاھ تائالاغا يەككە ـ يېگانە دەپ ئىشىنىش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، بىزدىكى ھەققىنى تونۇغىنىمىزدەك يۇقىرىقى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىمۇ توغرا تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ئىمانىغا مەيلى ئاشكارا مەيلى مەخپىي بولسۇن شېرىك ئارىلاشتۇرماي توغرا ئىسلام ۋە توغرا تەۋھىد ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇرۇپ ھالالدىن مال دۇنيا توپلىشى، ئائىلىسىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان، ئىسلام رۇخسەت قىلغان پاك نەرسىدىن پايدىلىنىشى، ھارام ئىشلارنى قەتئىي تەرك ئېتىشى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىشى، مال ـ دۇنيا ئۇ كىشىنىڭ دىلىدا ئەمەس قولىدا بولۇشى، مال ـ دۇنياغا ئەمەس ئۆز پەرۋەردىگارىغا تايىنىشى بولۇپمۇ ئۇ كىشىنىڭ نىشانى ۋە ئارزۇسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولۇشى لازىم.

www.munber.org





## ئىسلام دېگەن نېمە؟

مەن بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلىرىمغا: «ئەگەر سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بىرەر يات ئادەم كېلىپ، مېنىڭ بىر سائەت ۋاقتىم بار، شۇ بىر سائەت ئىچىدە ئىسلامنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەكچى ئىدىم، دېسە سىلەر ئۇ كىشىگە بىر سائەت ئىچىدە ئىسلامنى قانداق چۈشەندۈرىسىلەر؟» دېسەم، ئۇلار: «بۇ مۇمكىن ئەمەس ئۇ كىشى تەۋھىد (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش) تەجۋىد (قۇرئان ئايەتلىرىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىش) تەپسىر، ھەدىس، پىقھە (ئىسلام قانۇنلىرىغا دائىر بىلىملەر)، ئۇسۇل (ئىسلام قانۇنى) قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشى لازىم. ئۇ كىشىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇ ئىشلارنى بەش يىلدىمۇ قىلىپ بولۇشى تەس» دېيىشتى. مەن «سۇبھانەللاھ...! سەھرالىق بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر كۈن ياكى بىر نەچچە سائەت تۇرۇپلا ئىسلام دىنىنى تونۇپ ئۇنى ئۆز كىشىلىرىگە ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا يېتەكچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىسلامغا چاقىرىدىغان تەبلىغچى بولاتتى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرائىلنىڭ سوئالىدىكى بىرلا ھەدىستە ئۈچ جۈملە سۆز ئارقىلىق ئىمان، ئىسلام، ئېھسان (ئىسلامدىكى گۈزەللىك) نى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىز بۈگۈنكى كۈندە بىر سائەتتە ئىسلامنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز؟» دېدىم.

ئۇنداقتا ئىسلام دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا قانداق كىرگىلى بولىدۇ؟ توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، پايدىلىق بولسۇن ياكى زىيانلىق بولسۇن، ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ھەرقانداق جەمئىيەت، ھەرقانداق دىن، ھەرقانداق پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇن

www.munber.org

پرىنسىپلىرى، ئىدىيىۋى ـ پىكىرلىرى بار ۋە ئۇلارنىڭ نىشانىنى بەلگىلەپ، يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەقىدە مەسىلىلىرى بار بولۇپ، بۇ شۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دەستۇرى بولىدۇ. كىمكى شۇ جەمئىيەتلەرنىڭ بىرسىگە كىرمەكچى بولسا بىرىنچى بولۇپ بۇ پرىنسىپلارغا قارايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا رازى بولۇپ ئۇنى توغرا دەپ قارىسا ھەمدە ئۇنى ئاڭ ـ تەپەككۇرى، يوشۇرۇن ئەقلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇ پرىنسىپلاردىن گۇمان قىلمىسا بۇ جەمئىيەتكە كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن شۇ جەمئىيەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى بۇيرىغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش ۋە شۇ جەمئىيەتكە كىرىش رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئۆتىشى لازىم. شۇندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، مېڭىش ـ تۇرۇشىدا شۇ جەمئىيەتنىڭ تۈزۈملىرىگە بولغان سەممىيلىكىنى ئىپادىلىشى ۋە بۇ تۈزۈملەرنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانىنى قەتئىي قىلماسلىقى، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەخلاقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئارقىلىق شۇ جەمئىيەتكە ئۈلگە بولۇپ باشقىلارنى چاقىرىشى كېرەك.

ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى شۇ جەمئىيەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى پۇختا بىلىشى، چىن دىلىدىن تەستىقلىشى، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ھاياتىنى شۇنىڭ تۈزۈملىرىگە مۇناسىپ ئۆتكۈزۈشى كېرەك. مانا بۇ ئومۇمىي ھالەت بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. كىم ئىسلام دىنىغا كىرمەكچى بولىدىكەن ئاۋۋال مۇستەھكەم ئەقىدە تۇرغۇزۇشى ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ ئەقلى ئاساسلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئىشەنچ قىلىشى لازىم. بۇ ئاساسلار تۆۋەندىكى ئېتىقادلاردا خۇلاسىلىنىدۇ.

بۇ ماددىۋى دۇنيا بارلىق شەيئى ئەمەس، ھاياتى دۇنيامۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى ئەمەس. ئىنسان تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق مەۋجۇت. ئىنسان ھەرگىز ئۆزىنى ئۆزى ياراتقان ئەمەس، بەلكى ئىنسان ئۆزىنى تونۇشتىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىدى.



www.munber.org



ئىنساننى ئەتراپىدىكى جانسىز نەرسىلەرمۇ پەيدا قىلمىغان، چۈنكى ئىنسان ئەقىللىق، ئۇ نەرسىلەر بولسا ئەقىلسىز. بەلكى ئىنساننى، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىرلا ئاللاھ ياراتقان. ئاللاھ ئۆزى يالغۇز تىرىلدۇرىدۇ. ئۇ زات بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقان بولۇپ خالىسا يوق قىلىۋېتەلەيدۇ. ئۇ ئاللاھ دۇنيادىكى ھېچ قانداق نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششى يوق بولۇپ ئەزەلدىن بار، مەڭگۇ يوقالمايدۇ. ئاللاھ چەكسىز قۇدرەتلىكتۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ئادىلدۇر. لېكىن ئاللاھنىڭ چەكسىز ئادىللىقنى ئىنساننىڭ ئادىللىق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئاللاھ ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قانۇنى دەپ ئاتىۋالغان دۇنيا قانۇننى بېكىتكەن. بارلىق نەرسىلەرنى ئۆلچەملىك قىلىپ ئۇلارنىڭ قىسىم ۋە تۈرلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن ۋە جانلىق ـ جانسىزلاردا پەيدا بولىدىغان ھەرىكەتلىنىش، جىم تۇرۇش، مۇستەھكەملىك، ئۆزگىرىش قىلىش، قىلماسلىقتەك ئىشلارنى بەرگەن. ئىنسانلارغا شۇ ئىشلارغا ھۆكۈم قىلالايدىغان ئەقلنى بەردى ۋە يەنە ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۆيلىغان ئىشنى قىلالايدىغان ئەقلنى، تاللىغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىرادىنى بەرگەن. بۇ ۋاقىتلىق ھاياتتىن كېيىن، ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنى پەيدا قىلغان. ئۇ يەردە ئاللاھ تائالا ياخشى ئىش قىلغانلارنى جەننەتتە مۇكاپاتلىسا، يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جەھەننەمدە ئازابلايدۇ.

مانا بۇ ئاللاھ يەككە يېگانە بىر ئىلاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىنىدىغان باشقا شېرىكى يوق. ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستىچىمۇ يوق. ئۇ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز شاپائەت قىلىدىغان بىر كىشىمۇ يوق. ئىبادەت بارلىق كۆرۈنۈشلىرى بىلەن مەخسۇس شۇ ئاللاھقىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سېزىم ئەزالار بىلەن سەزگىلى بولىدىغان، بىز ئۈچۈن ئاشكارا بولىدىغان ۋە ئاشكارا بولمىغان مەخلۇقلىرى بار.



www.munber.org

ئۇلارنىڭ بەزىسى جانسىز، بەزىسى جانلىق، جانلىقلار ئىچىدە پەرىشتىدىن ئىبارەت پەقەت ياخشىلىققا، شەيتانلاردىن ئىبارەت پەقەتلا يامانلىققا مەخسۇس قىلىنغانلىرى بار. يەنە ياخشىلىق، يامانلىق، ئويدانلىق، ئەسكىلىك ئارىلىشىپ كەتكەنلىرى بار بولۇپ ئۇلار ئىنسان ۋە جىنلاردۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ ئىنسانلار ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلاھىي تەلىماتلارنى پەرىشتىلەر ئارقىلىق چۈشۈردى. بۇلار پەيغەمبەرلەردۇر.

ئىسلام شەرىئىتى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار، سەھىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكىسى ئىلگىرىكىنى ئۆزگەرتىدۇ، ياكى تۈزىتىپ تولۇقلايدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى قۇرئان كەرىم. قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلار ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن ياكى زايا بولۇپ كەتكەن ياكى ئۇنتۇلۇپ قالغان. قۇرئان بولسا ئۆزگەرتىلىشتىن، زايا بولۇپ كېتىشتىن ساق قالغان. شەكسىزكى پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئەرەب مىللىتى، قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. شۇ كىشى بىلەن ئەلچىلىك ۋە ئۇنىڭ دىنى بىلەن بارلىق دىنلار تۈگىگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمىسى، دىنى بولسا دىنلارنىڭ خاتىمىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.

قۇرئان ئىسلامنىڭ دەستۇرى، كىمكى قۇرئان كەرىمنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشكەن دەپ تەستىقلىسا ۋە ئۇنىڭغا بىر پۈتۈن ئىشەنسە ئۇ كىشى مۆئمىن دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقان ۋاقتىدا ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلمىگەنلىكى ۋە دىلىدىكى سىرنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىماننى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى «ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام



ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن بۇ ئىككى گۇۋاھلىق سۆزنى ئېلان قىلسا مۇسۇلمانلار ئۇ كىشىنى مۇسۇلمان دەپ سانىشى لازىم. ئەگەر بۇ كىشى بۇ ئىككى گۇۋاھلىق سۆزنى چىن دىلىدىن ئېيتسا مۇسۇلمان بولىدۇ، يەنى ئىسلام دۆلىتىدە يىلتىز تارتىپ مۇسۇلمانلار بەھرىمەن بولغان بارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ ۋە ئىسلام بۇيرىغان بارلىق ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ئىشلار يەنى ئىبادەتلەر ناھايىتى ئاسان ۋە ئاز بولۇپ ھېچ قانچە جاپا - مۇشەققەت يوق.

بىرىنچىسى: ئەتىگەندە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن سىردىشىپ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سوراپ، جازاسىدىن پاناھ تىلەيدۇ. ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئالىدۇ. جونۇپ بولۇپ قالغان بولسا پۈتۈن بەدىنىنى يۇيىدۇ. ئەتىگەندە ئىككى رەكەت، چۈشتە تۆت رەكەت، چۈشتىن كېيىن تۆت رەكەت، كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ رەكەت، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكەت يەنى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشى لازىم.[1]

مانا بۇ پەرز نامازلار بولۇپ ئۇنى ئادا قىلىشقا ھەركۈنى يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كەتمەيدۇ. بۇ نامازلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئورۇن ياكى ئوقۇپ بېرىدىغان مەخسۇس بىر ئادەم شەرت ئەمەس ۋە يەنە بۇ ئىبادەتلەردە مۇسۇلمان بىلەن ئۆز پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە كەتمەيدۇ.

ئىككىنچى: بىر يىل ئىچىدە مەخسۇس بىر ئاي بولۇپ، ئۇ ئايدا مۇسۇلمان كىشى ئەتىگەنلىك تاماقنىڭ ئورنىغا بالدۇرراق زولۇق يەيدۇ. كۈندۈزى يەيدىغان تاماقنى كۈن كىرىپ كەتكۈچە (ئىپتارغىچە) كېچىكتۈرىدۇ. كۈندۈزدە يېمەك - ئىچمەكتىن، ئەر - ئاياللار مۇناسىۋەت

[1] ئاپتور بۇ يەردە پەقەت پەرز نامازنىلا نەزەرگە ئالغان سۈننەت نامازلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئۆتكۈزۈشتىن توختايدۇ. بۇ بىر ئاي رامىزان دىلنى پاكلاشتۇرىدۇ، ئەخلاقنى تۈزەيدۇ، ئورگانىزىمنى ساغلاملاشتۇرۇپ ئاشقازانغا راھەت بېغىشلايدۇ ۋە بۇ بىر ئاي ياخشىلىق ئۈستىگە جۇغلىنىش، تۇرمۇشتىكى باراۋەرلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش.

ئۈچىنچى: ئەگەر مەلۇم مىقداردىكى مال ئۆزىنىڭ ۋە بالا - چاقىسىنىڭ خىراجىتىدىن ئاشسا،تولۇق بىر يىل ئۇ مالغا ئېھتىياجى چۈشمىسە، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يېقىن ھاجەتمەن كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ مالنىڭ 100 دىن ئىككى يېرىمنى چىقىرىپ بېرىشى لازىم. ئۇ كىشى بۇنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزمەيدۇ. ئۇ مال ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە چوڭ ياردەم.

تۆتىنچى: ئىسلام دىنى ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە دەۋر خاراكتېرلىك يىغىلىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. كوچا خاراكتېرلىك يىغىلىش مەكتەپ ۋاقتىغا ئوخشاش ھەركۈنى بەش قېتىم ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇ بولسىمۇ جامائەتلىك بەش ۋاخ ناماز. ئۇ يىغىندا ھەربىر ئەزا ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش، بىلىدىغانلار بىلمەيدىغانلارغا ئۆگىتىش، بايلار كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى 15 مىنۇت بولۇپ خىزمەتچىنىڭ خىزمىتىگە، تىجارەتچىنىڭ تىجارىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. يىغىن تامام بولۇپ بولغان ۋاقىتتا بىرەر مۇسۇلمان كېچىكىپ قېلىپ نامازنى ئۆيىدە ئوقۇسا، كېچىككەنلەر جازالانمايدۇ. لېكىن يىغىنغا قاتناشقانلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

كەنت خاراكتېرلىك يىغىلىش ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇ جۈمە نامىزى. بۇ يىغىنغا ئەرلەرنىڭ قاتنىشىشى زۆرۈر بولۇپ ئۆتكۈزۈش ۋاقتى بىر سائەتكە يەتمەيدۇ.

www.munber.org





شەھەر خاراكتېرلىك يىغىلىش يىلدا ئىككى قېتىم ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇ ئىككى ھېيت نامىزى بولۇپ ئۆتكۈزۈش ۋاقتى بىر سائەتكە يەتمەيدۇ.

يەنە بىر يىغىلىش خەلق قۇرۇلتىيىغا ئوخشاش بولۇپ، مۇئەييەن ئورۇندا ھەريىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتتە يول يۈرۈش، بەدەن چېنىقتۇرۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى قاتنىشىشقا قادىر بولالىسا ئۆمرىدە بىر قېتىم قاتنىشىشى تەكلىپ قىلىنغان. بۇ بولسىمۇ ھەج قىلىشتۇر. مانا بۇلار بۈيرۇلغان ئاساسىي ئىبادەتلەر.

دۇنيا ئاقىللىرى يامان دەپ بىرلىككە كەلگەن، قىلماسلىق زۆرۈر بولغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، كىشىلەرگە قانداقلا بولمىسۇن زۇلۇم قىلىش، ئەقىلنى يوقىتىدىغان مەس قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش، يۈز - ئابرۇينى چۈشۈرىدىغان، نەسەبنى بۇلغايدىغان زىنا قىلىش، جازانە يېيىش، يالغان ئېيتىش، ساختىپەزلىك قىلىش، خائىنلىق قىلىش، ئاللاھنىڭ سۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بولۇۋاتقان جەڭدىن قېچىش، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، يالغاندىن قەسەم ئىچىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق ئىشلار چەكلەنگەن بولۇپ، بۇلارمۇ ئىبادەتتۇر. شۇنىڭدەك ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس، يامان دەپ قارالغان ناچار، ئەسكى ئىشلارمۇ چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنى قىلماسلىقمۇ ئىبادەت بولىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمان ئادەم بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلالمىسا ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن چەكلەنگەن ئىشلاردىن قىلىپ سالسا، ئاندىن شۇ ئىشتىن يېنىپ تەۋبە قىلىپ، ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراپ شۇ ئىشنى ئىككىنچى قىلمىسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلمىسا مۇسۇلمانلار ئىچىدە مۇسۇلمان دەپ سانىلىدۇ. بىراق گۇناھكار بولۇپ، ئاخىرەتتە ئازابلىنىدۇ. ئەمما ئەقىدە ئاساسلىرىنى ئىنكار قىلسا ياكى ئۇنىڭدىن گۇمانلانسا ياكى ۋاجىپلىقى (قىلمىسا بولمايدىغانلىقى) بىرلىككە كېلىنگەن ئىشلارغا تانسا ياكى قەتئىي ھارام قىلىنغان ئىشقا تانسا ياكى

www.munber.org

قۇرئان كەرىمدىن بىرەر سۆزنى ئىنكار قىلسا دىندىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇ كىشى دىندىن چىققۇچى (مۇرتەد) دەپ سانىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا مۇرتەد بولۇش چوڭ گۇناھ بولۇپ، ھازىرقى قانۇنلاردىكى ئەڭ چوڭ جىنايەت قىلغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ جازاسى (قىلمىشىغا تەۋبە قىلمىسا) ئۆلۈم بولىدۇ.

بەزىدە مۇسۇلمان كىشى بىلىپ تۇرۇپ بىر قىسىم ۋاجىپ ئىشلارنى قىلمىسا ياكى چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ سالسا ئۇ كىشى مۇسۇلمان ھالەتتە تۇرىۋېرىدۇ. لېكىن گۇناھكار بولىدۇ. ئەمما ئىمان كەتمەيدۇ. مەسىلەن: 99 ئەقىدىگە ئىشىنىپ بىرگە ئىشەنمىسە كاپىر بولىدۇ.

بەزىدە مۇسۇلمان كىشى مۆئمىن ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىرەر پارتىيىگە كىرگەن ياكى يىغىلىشلىرىغا قاتنىشىپ، رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ، يىغىنلىرىغا قاتناشقان ۋە شۇ پارتىيە ۋە ئەزالىق بۇرچىنى ئادا قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ راستلىقىغا قانائەتلەنمىگەن ئادەم ئۇ پارتىيىگە جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن ياكى شۇ پارتىيىنىڭ ئىشىنى بۇزۇش ئۈچۈن كىرگەن بولىدۇ.

مانا بۇ كىشى ئىككى گۇۋاھلىق سۆزنى ئېيتقان، سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغان مۇناپىق بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر مۇسۇلمان دەپ قارىسىمۇ لېكىن ئۇ ھەقىقىي مۆئمىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قارايدۇ. كىشىلەرنىڭ دىللىرىدىكى مەخپىيەتلىكنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ.

ئەگەر بىرەر كىشى ئىسلامنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرىغا ئىشەنسە يەنى ئاللاھقا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ شېرىك ۋە ۋاستىدىن پاكلىسا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە ئىشەنسە، ئىككى گۇۋاھلىق سۆزنى ئېيتسا، نامازلارنى ئوقۇسا، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، زاكات ۋاجىپ بولغاندا مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىسا، قۇدرىتى يەتسە



www.munber.org



ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلسا، ھاراملىقى ئېنىق ئىشلاردىن يانسا ئۇ كىشى مۇسۇلمان مۆئمىن بولىدۇ. لېكىن ئىماننىڭ نەتىجىسى ئۇ كىشىدىن ئاشكارا بولمايدۇ. ئىماننىڭ ھالاۋىتىنىمۇ سېزەلمەيدۇ. ئۆز ھاياتىدا مۇسۇلمان مۆئمىن كىشىنىڭ يولىدا ماڭمىغۇچە كامىل مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ يولنىڭ تۈزۈمىنى سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى، ئىنسانلار سۆزلىگەن سۆزنىڭ ئەڭ پاساھەتلىكى بولغان بىر جۈملە بىلەن خۇلاسىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ سۆز دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىنى، ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى جۇغلىغان سۆزدۇر.

ئۇ تۆۋەندىكىچە:

«ئاللاھقا كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىل، سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرمىساڭ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.»

مۇسۇلمان كىشى ئۆرە تۇرغاندا، ئولتۇرغاندا، يالغۇزلۇقتا، كىشىلەر بار يەردە ئاچچىقلانغاندا، خۇشال بولغاندا ۋە بارلىق ھالەتلەردە ئاللاھ تائالا مېنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىمنى ئۇقۇپ، كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەننى ئېسىدىن چىقارماسلىقى لازىم ۋە ئۇ كىشى مېنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ خاتالاشماسلىقى، ئاللاھ بىلەن سىردىشىپ تۇرۇپ يالغۇزلۇق ھېس قىلماسلىقى، بىرەر ئادەمگە بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭ ھاجىتىنى ئېيتماسلىقى لازىم. ئەگەر ئىلاجسىزلىقتىن خاتالىشىپ قالغان بولسا گۇناھدىن يېنىپ تەۋبە قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بۇنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھساننى تونۇشتۇرۇشتىكى سۆزىدۇر: «سەن خۇددى ئاللاھنى كۆرگەندەك ئىبادەت قىلغىن، سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.»

مانا بۇ يىغىپ ئېيتقاندا ئىسلام دىنىدۇر. خۇدا خالىسا بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇشۇ ئەقىدە قىسمىدا ۋە كېلەركى «ئىسلام»، «ئېھسان» قىسىملىرىدا چۈشەندۈرۈلىدۇ.

www.munber.org





## چۈشەندۈرۈشلەر

مەن ئەقىدىنى تونۇشتۇرماقچى بولغان بۇ قىسىمدا «شەك، گۇمان، بىلىم» دېگەن ئەقىدىلەرنى تونۇشتۇرۇشۇمغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقىدە كىتابلىرىدا، ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدە كۆپ كېلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىمامى غەززالى «ئېزىپ كېتىشتىن قۇتقۇزغۇچى» دېگەن كىتابىدا، دىكارت ئۆزىنىڭ مەشھۇر پىلانىدا ھەقىقەتكە يېتىشنى شەك بىلەن باشلىغان. دىكارت شەكتىن ھەقىقەتكە يول ئىزدىگەن ئۇنداقتا شەك دېگەن نېمەن؟

ئالايلۇق سىز مەككىدە ئىكەنسىز، بىرسى سىزدىن:«ھازىر تائىپتا (مەككىنىڭ شەرقىدىكى شەھەر ئىسمى) يامغۇر يېغىۋاتامدۇ؟» دەپ سورىسا: «ھەئە ياكى ياق» دېيەلمەيسىز. چۈنكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تائىپتا يامغۇر ياغقان بولۇشى ياكى ياغمىغان بولۇشى، ھاۋا ئوچۇق بولۇشمۇ مۇمكىن. يامغۇر يېغىش نىسبىتى 50%، ياغماسلىق نىسبىتى 50% بولۇپ ئىككى تەرەپ باراۋەر بولۇپ قالدى، يامغۇر ياققانلىقىنى كۈچلەندۈرىدىغان پاكىتمۇ يوق، مانا بۇ شەك.

ئەگەر شەرققە يەنى تائىپقا قاراپ يىراقتىن ئۇپۇقتا ئاشكارا بولىۋاتقان بۇلۇتنى كۆرسىڭىز، تائىپتا يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ، دېگەن كۆز قاراش يەڭگىل ھالدا پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ كۆز قاراش «گۇمان» دەپ ئاتىلىدۇ. سىز ھازىر تائىپتا يامغۇر يېغىۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن دەيسىز، ئۇ ۋاقىتتا «ھەئە» دېگەن گۇمانىڭىز 60%، «ياق» دېگەن گۇمانىڭىز 40% بولىدۇ.

www.munber.org

سىز بۇلۇتنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، توپلىشىپ قارىداپ يىغىلىپ، چاقماق چېقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز تائىپتا يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىغا بولغان گۇمانىڭىز ئېشىپ «شۇنداق» دېگەن سۆز 70% ياكى 75% بولىدۇ. بۇنى ئالىملار «گۇماننىڭ غەلىبە قىلىشى» دەپ ئاتايدۇ. سىز سوئال سورىغۇچىغا، تائىپتا يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىغا گۇمانىم ئاشتى، دەيسىز. ئەگەر تائىپقا بارسىڭىز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ، يۈزىڭىز بىلەن سەزسىڭىز يامغۇرنىڭ چۈشكەنلىكىگە جەزمەن ئىشىنىسىز، ئالىملار بۇ جەزمىگە ئىشىنىشنى «ئىلىم» دەپ ئاتايدۇ.

«ئىلىم» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرىنچىسى بىلمەسلىكتىن زىت كېلىدىغان چەكسىز ئىلىم. يەنە بىرى، فىزىكا پەلسەپەگە زىت كېلىدىغان بىلىم. مەسىلەن: خىمىيە بىر بىلىم، فىزىكا بىر بىلىم ئەمما رەسىم، شېئىر بولسا پەن. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقان ۋاقىتىدا ئىلىمنىڭ غايىسى ھەقىقەت، سايىمنى ئەقىل، ۋاستىسى مۇھاكىمە قىلىش، تەجرىبە قىلىش ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈش بولىدۇ.

پەننىڭ غايىسى ـ گۈزەللىك، سايىمنى ـ سېزىم، ۋاستىسى ـ زوقلىنىش بولىدۇ.

جەزمىيەت مەنىسى بىلەن كېلىپ شەك ۋە گۇمانغا زىت كېلىدىغان ئىلىمنى تۆۋەندىكى تەتقىقاتىمىزدا سۆزلەيمەن.

1. زۆرۈر ئىلىم ۋە نەزەرىيىۋى بىلىم.

زۆرۈر ئىلىم دېگەن سىزىش، كۆرۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن، دەلىلگە ئېھتىياجلىق بولمايدىغان ئىلىمدۇر. ئالدىڭىزدا تۇرۇۋاتقان تاغنىڭ بارلىقىغا دەلىل تۇرغۇزۇش كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىقىنى مەجبۇرى ھالدا بىلىسىز ۋە ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئەقىللىق كىشى ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ.

ئەمما تىك تۆتبۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ يۈزى ئاساسىنى ئېگىزلىككە كۆپەيتىپ ئىككىگە بۆلگەنگە تەڭ، دېگەن بۇ بىلىم ئەقلى دەلىلگە مۇھتاج



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

بولىدۇ. ئالىم ياكى ئوقۇغۇچى بۇنىڭ دەلىلگە ئېرىشىپ ھەقىقىتىنى بىلەلەيدۇ. ئەمما ساۋاتسىز كىشى ئۈچ بۇلۇڭنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ دەلىلىدىن خەۋەر تاپمىسا ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

مانا بۇ نەزەرىيە ئىلمى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەقلى دەلىل ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## ئوچۇق ئىش ۋە ئەقىدە

نەزەرىيىۋى ئىلىم ئەسلىدە پاكىتقا مۇھتاج بولغان، ھېس قىلىش، كۆرۈش ئارقىلىق ئۇقۇقلى بولمايدىغان لېكىن «زۆرۈر ئىلىم» دەرىجىسىگە يېقىن كېلىدىغان چوڭ ـ كىچىك، ئالىم ـ داناغىچىلىك ئومۇمىي مەشھۇر بولىدىغان ئىلىم.

مەسىلەن: پارچە نەرسە پۈتۈن نەرسىدىن كىچىك بولىدۇ. پۇچۇق نان پۈتۈن ناندىن كىچىك بولىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت. ئەسلىدە پاكىتقا ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئىلمى نەزەرىيىدىن بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭغا ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ ۋە پاكىت تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر سىز بىر كىچىك بالىدىن بىر شاكىلاتنى ئېلىۋېلىپ يېرىمىنى بەرسىڭىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر پۈتۈن دەپ قانائەتلەندۈرمەكچى بولسىڭىز قانائەتلەنمەيدۇ. چۈنكى پارچە نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشى ئۇ پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ئىش. ئەگەر بىرسى سىزگە قولىڭىزدىكى تۇتۇپ تۇرغان قەلەمنىڭ چاي قوشۇقى ئەمەسلىكىنى ماڭا ئىسپاتلاپ بېرىڭ، دېسە سىز ئۇ كىشىگە بۇ ئىسپاتلاشقا مۇھتاج بولمايدىغان ئېنىق ئىش، چۈنكى قەلەم دېگەن قەلەم دەيسىز.



www.munber.org

ئوچۇق ئىشلار دېگەن كىشلەرنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىدىغان، پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ئەقلى ھەقىقەتلەر بولۇپ، ئۇ ئەقىلگە كىرىپ ئورۇنلاشسا، سىزىم ۋە ئاڭدا تەسىرنى كۆرسەتسە، ئىنساننىڭ ئۆتكۈر پىكرىگە ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە يولباشچى بولسا ئۇنى ئەقىل «ئەقىدە» دەپ ئاتايدۇ. ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىشنى «ئىمان» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن بىز ئىنساننىڭ بەزى ۋاقىتلاردا ھەقىقەتكە ۋە بەزى ئاساسسىز ئىشلارغا ئېتىقاد قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىۋاتىمىز ۋە مۇشۇ كۆنلەردە ئۆزگەرتىلگەن تەلىماتلارنىڭ ئۆزگەرتكۈچىلىرى، ئاساسسىز پرىنسىپلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر شۇ ئاساسسىز سەپسەتىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇنىڭغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا يېپىشىپ، مېلى ۋە جېنىنى ئۇنى قوغداشقا ۋە ياردەم بېرىشكە سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنداقتا ئۇلارنى مۆئمىن دېسەك بولامدۇ؟

كېسىپ ئېيتىمىزكى، مۆئمىن دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئۆزلىرى ئىشەنگەن باتىل نەزەرىيىسى بىلەن قوشۇپ «مۆئمىن» دەپ ئاتىساق بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ أُوتُواْ نَصِيبًا مِّنَ الْكِتَابِ يُؤْمِنُونَ بِالْجِبْتِ وَالطَّاغُوتِ﴾

﴿كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ﴾[1] ئىمان دېگەن ئىسىمنى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىكى سۈپەتلىشىگە باغلاپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ.

﴿وَمَا يُؤْمِنُ أَكْثَرُهُمْ بِاللّهِ إِلاَّ وَهُم مُّشْرِكُونَ﴾

﴿ئۇلارنىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ﴾[2]

ئەمما خاس مەنىدىن ئېيتقاندا ئىمان دېگەن سۆز پەقەت مۆئمىنغىلا

[1] سۈرە نىسا 51 - ئايەت.
[2] سۈرە يۈسۈف 106 - ئايەت.

www.munber.org





ئىشلىتىلىدۇ. كىتاب ۋە ھەدىستە ۋە ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىكى ئىمان ۋە ئىماندىن تۈرلەنگەن سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك مەنىلارنى ئىپادىلەيدۇ.

- ئاللاھنى يالغۇز تەربىيلىگۈچى دەپ ئېتىقاد قىلىش.

- ھەممىنىڭ پادىشاھى، تاللاپ بېكىتكۈچى، ئىش باشقۇرغۇچى، ئىبادەتتە يالغۇز بىرلا ئىلاھ بولۇپ بارلىق ئىبادەتلەر شېرىكسىز شۇ ئاللاھقا قىلىنىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش.

- يەنە ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋەھيي قىلغان پەرىشتىلەرگە پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئۇنىڭ بارلىق خەۋەرلىرىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى يامانلىقىغا ئېتىقاد قىلىش. مۇشۇ ئېتىقادنىڭ ئىگىسى مۆئمىندۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەرسىنى كېمەيتىۋەتسە ياكى رەت قىلسا ياكى تەستىقلاشتا ئىككىلىنىپ شەك قىلسا ئىماننىڭ سۈپىتى يوقاپ مۆئمىنلەر قاتارىدىن سانالمايدۇ.

www.munber.org

## ئېتىقاد ئاساسلىرى

***بىرىنچى ئاساس:***

ھېسسىي ئەزالىرىم بىلەن سەزگەن نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە شەك قىلالمايمەن. بۇ ئەقلى جەھەتتىكى تەسلىم بولۇنغان ئېنىق ئىش بولۇپ، لېكىن مەن چۆش ۋاقتىدا سەھرادا ماڭغىنىمدا يىراقتا كۆرۈنۈشتە ۋاللىداپ تۇرغان سۇ كۆلچىكىنى كۆرىمەن. ئەسلىدە ئۇ تۇپراق بولۇپ ئېزىتقۇ ئىدى. ئەگەر سۇ بار ئىستاكاندا قەلەمنى قويسام سۇنۇق كۆرىمەن، ئەسلىدە سۇنمىغان. كىشىلەر جىن ـ شەيتان توغرىسىدا سۆز بولىۋاتقان يىغىلىشلاردا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتقىنىدا يول قاراڭغۇ، خالى ھەم ئۇ كىشى قورقۇنچاق، خىيالى چېچىلىپ كەتكەن بولسا ئالدىدا جىن ياكى شەيتاننىڭ شەكلىنى كۆرىدۇ. كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ۋە بارلىقىنى سېزىدۇ. لېكىن ئۇ ھېچنىمە ئەمەس. سېھرىگەرلەر ۋە راھىبلار ئاجايىپ ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ھەقىقتى يوق.

ئۇنداقتا سېزىم خاتالىشىدۇ، ئالدىنىدۇ، شەك قىلىدۇ ۋە سېزىم ئىگىسىنى گۇمانغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇنداق بولسا مەن بارلىقىنى ھېس قىلغان نەرسىگە شەك قىلامدىمەن؟

ياق، ھەرگىز شەك قىلمايمەن. ئەگەر مەن كۆرگەن، ئاڭلىغان ھېس قىلغان نەرسىدە شەك قىلىدىغان بولسام مەندە ھەقىقەت بىلەن خىيال چىرمىشىپ كەتكەن ۋە مەن ساراڭ بولۇپ قالغان بولىمەن. لېكىن سەزگەن نەرسىنىڭ ھەقىقى بارلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بىر شەرتنى قوشىمەن. ئىلگىرى تەجرىبىنى خىيال ياكى ھېسسىي ئالدىنىش دەپ ھۆكۈم قىلغان ئەقىلدۇر. ئەقىل بىرىنچى قېتىم ئالدىنىپ ئېزىتقۇنى سۇ دەپ ئويلايدۇ. ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندە ئېزىتقۇ ئىكەنلىكىنى

www.munber.org





بىلىدۇ. ئەقىل قەلەمنى سۇنۇق كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن كۆزگە قانداق كۆرۈنسۇن. بەربىر ئەسلىدىكىدەك ساق دەپ ھۆكۈم قىلىۋرىدۇ. سەزگۈ ئەزالار خاتالىشىدىغان ئىشلار بەلگىلىك بولۇپ، بۇلار قائىدىنى بۇزىۋەتمەيدۇ. بۇگۈنكى ماھىر سېھرىگەرلەرنىڭ ئىشلىرىمۇ مۇشۇ قاتاردا.

***ئىككىنچى ئاساس:***

بۇ يەردە كۆرمىگەن، سەزمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەر بار. لېكىن ئۇنىڭ بارلىقىغا كۆرگەندەك، سەزگەندەك ئىشىنىمىز. بىز ھىندىستانلىقلارنى ۋە برازىيىلىكلەرنى كۆرمىگەن ۋە زىيارەت قىلمىغان بولساقمۇ ئۇلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. بىز ئىسكەندەر ئۇرۇشلىرىغا قاتناشمىغان، ۋەلىد بىننى مۇلۇكنىڭ ئۇممەۋى مەسچىدىنى سالغانلىقىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئىسكەندەرنىڭ پارس دۆلەتلىرىنى ئازاد قىلغانلىقىغا، ۋەلىد بىننى ئابدۇل مۇلۇكنىڭ ئۇممەۋى مەسچىدنى سالغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ھەرقانداق كىشى ئۆزىگە قارايدىغان بولسا كۆرمەي تۇرۇپ بارلىقىغا ئىشەنگەن دۆلەتلەر، شەھەرلەر ۋە ھازىر يۈز بېرىۋاتقان تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈپ ئىشەنگەندىن كۆپ ئىكەن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىم ئەزالار بىلەن بىلمىگەن تۇرۇپ بۇنىڭغا قانداق ئىشىنىدۇ؟

ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنى كۆپچىلىك بىر ـ بىرىدىن نەقىل قىلىنغانلىقىنى، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بۇ خەۋەرنى توقۇشىنىڭ ۋە يالغان خەۋەر قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىشەنگەن.

ئىككىنچى ئاساستا ئىشەنچ، كۆرۈش ۋە ھېس قىلىش بىلەن ھاسىل بولغىنىدەك بىز راستچىل دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشى بىلەن ھاسىل بولغان.

***ئۈچىنچى ئاساس:***

www.munber.org

سىزنى ئەزالىرىڭىز بىلىش دائىرىسى قانچىلىك؟ مەۋجۇت بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سېزەلەيدۇ؟ شەكسىزكى مەۋجۇدات بىلەن بولغان سىزنى ۋە كۆڭۈلنىڭ مىسالى: پەقەتلا تاملىرىنىڭ شەرق تەرەپتە ئېقىپ تۇرغان دەرياني كۆرىدىغان بىر تۆشۈك، غەربتىكى تاغ تەرەپتە بىر تۆشۈك، شىمال تەرەپكە سېلىنغان سارايغا قارايدىغان بىر تۆشۈك، جەنۇپ تەرەپكە جايلاشقان مەيدانغا قارايدىغان بىر تۆشۈك بار. ئىشىك دېرىزىلەر ئېتىۋېتىلگەن قورغانغا، ھاكىم سولاپ قويغان كىشىگە ئوخشايدۇ. سولانغان كىشى بولسا روھ، قورغان بولسا جىسىم، تۆشۈكلەر سەزگۈ ئەزالاردۇر. كۆزنىڭ سېزىمى رەڭ دۇنياسىغا، قۇلاقنىڭ سېزىمى ئاۋاز دۇنياسىغا، تېتىشنىڭ سېزىمى تەم دۇنياسىغا، پۇراقنىڭ سېزىمى پۇراق دۇنياسىغا، تۇتۇشنىڭ سېزىمى جىسىم دۇنياسىغا مەنسۇپ.

1 ـ سوئال: دۇنيادىكى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سېزىم ئەزالىرى ئارقىلىق بىلگىلى بولامدۇ؟ ھېلىقى كىشى دەريا تەرەپتىكى يوچۇقتىن قارىسا دەريانىڭ ھەممىسىنى كۆرەلمەيدۇ. بەلكى ئازراقىنىلا كۆرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش كۆزمۇ رەڭ دۇنياسىغا قارىسا ھەممە نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. بەلكى ئازراقىنىلا كۆرىدۇ. مەن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا مېڭىۋاتقان چۈمۈلىنى گەرچە چۈمۈلە بولغان تەقدىردىمۇ كۆرەلمەيمەن. سۈزۈك سۇ قاچىسىدا نەچچە مىڭ جانلىق مىكروپلا بار بولسىمۇ، ئۇنى كۆرەلمەيمەن. ئاتوم ئىچىدە ئايلىنىۋاتقان توكنى، ھاۋا بوشلۇقىدىكى پىلانېتلارنىڭ ئايلىنىشىنى كۆرەلمەيمەن. چوقۇم چۈمۈلىنىڭ ئاۋازى بار، لېكىن مەن ئاڭلىيالمايمەن. چۈنكى قۇلاق بەش گىرتىس تەۋرىنىشتىن 20 مىڭ گىرتىسكىچە بولغان تەۋرىنىشنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئۇنىڭدىن تۆۋەنلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئاۋاز قۇلاقنىڭ ناغرا پەردىسىگە ئۇرۇلسا، قۇلاقنى ئاڭلىماس قىلىپ قويىدۇ ۋە كاردىن چىقىرىپ قويىدۇ. مەن شېكەرنىڭ پۇرىقىنى



www.munber.org



پۇرىيالمايمەن. چۈمۈلە ۋە چىۋىن ئۇنى پۇرىيالايدۇ ۋە يېيىشكە ئالدىرايدۇ. ئۇنداقتا سەزگۈ ئەزالارمۇ ئۆزىگە تەۋە بولغان دۇنيانىڭ بىر قىسمىنىلا سېزەلەيدۇ.

2 ـ سوئال: كۆز كۆرۈۋاتقان رەڭ دۇنياسى ۋە قۇلاق ئاڭلاۋاتقان ئاۋاز دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر دۇنيانىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مەندە ئۇ دۇنيانى سېزىدىغان سېزىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەسلا سېزەلمەيمەن. قورغانغا سولانغان كىشىگە نىسبەتەن دەريا بىلەن تاغ ئوتتۇرىسىدا كۆرگىلى تۆشۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشى كۆرمىگەن چوڭ بىر باغ بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كىشى باغنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىنكار قىلىشى توغرىمۇ؟

تۇغۇلما قارىغۇ ئادەم دېڭىزنىڭ كۆك ئىكەنلىكىنى، يايلاقنىڭ يېشىل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاش ئارقىلىق بىلەلەيدۇ. لېكىن يېشىل ۋە كۆكنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەيدۇ. گاس ئادەم ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇزىكىلاردا شېئىر، قاپىيە، نوتا بارلىقىنى بىلىدۇ. بىراق ئۇ مۇزىكىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. قارىغۇ ئادەمنىڭ يېشىل رەڭنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشى، گاس ئادەمنىڭ مۇزىكىنى سېزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى توغرىمۇ؟

جىمجىت كۆرۈنگەن ئۆينىڭ ھاۋاسىدا ھازىرنىڭ ئۆزىدە تارقاۋاتقان ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ھەرخىل ئاۋازلار بار. لېكىن ئۇلارنى سېزەلمەيمەن. چۈنكى ئۇلار كۆزىڭىز كۆرىدىغان رەڭ، قۇلىقىڭىز ئاڭلايدىغان ئاۋاز ئەمەس. بۇ باشقا بىر خىل ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاۋاز بار. لېكىن قۇلاق بايقىيالمايدۇ. ئاۋاز قايتۇرىدىغان رايون ئارقىلىق ئۇنى ئاڭلىيالايسىز. ھاۋا بېسىمىنىڭ ئازراق ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن ھاۋا بېسىمىنى سېزەلەيسىز. چۈنكى، سىزدە ئۇنى سېزىدىغان سېزىم يوق.



www.munber.org

تېرمومېتىر ئەكەلسىڭىز ئاندىن سېزەلەيسىز. يەنى يەڭگىل تەۋرىنىشلەرنى رادار ئارقىلىقلا ئاندىن سېزەلەيسىز. مەۋجۇدىيەتتە سېزىم دائىرىسگە كىرمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئۇ نەرسىلەردە كۆرگىلى بولىدىغان رەڭ، ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋاز، تۇتقىلى بولىدىغان جىسىم ۋە پۇرىغىلى بولىدىغان پۇراق، تېتىغىلى بولىدىغان تەم يوق. ئۇنداقتا مېنىڭ بىلىش دائىرىسى چەكلىك بولغان سەزگۈ ئەزالىرىم ئۇ نەرسىلەرنى سېزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مېنىڭ ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشىم توغرىمۇ؟

3 ـ سوئال: سەزگۈ ئەزالار تولۇقمۇ؟ بۇرۇنقىلار سەزگۈ ئەزالارنى پەقەت بەشكە توختاتقان. ئۇلار سەزگۈ ئەزالارنىڭمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان. هازىر ئىنساندا ئاللاھ تائالا ئامانەت قىلغان باشقا سەزگۈ ئەزالىرىنىڭمۇ بارلىقى بايقالدى. كۆپىيىشنى قوبۇل قىلغان نەرسە تولۇق هېسابلانمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى، قولۇمنى يۇمۇپ تۇرۇپ قولۇمنىڭ يۇمۇقلۇق ئىكەنلىكىنى سېزەلەيمەن. مەن قولۇمنى تۇتمۇدۇم ياكى كۆرمىدىم. ئۇنداقتا ئۇنى قايسى سېزىم بىلەن سەزدىم؟ مەن چارچاشنى، ئاجىزلىقنى، كۆڭۈل ئاينىشنى، يىغلىشنى ۋە كېڭىيىشنى سېزىمەن. ئۇ ئىشنى بەش سېزىم ئەزالىرىنىڭ بىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىچكى سېزىم ئەزاسى بىلەن سېزىۋاتىمەن. مەن ماڭسام ئەگىپ كەتمەيمەن. كىچىك بالا دەسلەپ ماڭغان ۋاقتىدا ئەگىپ كېتىدۇ. ۋېلسىپىتقا مىنگەن ئادەم ۋە سىرك ئويۇنى ئويناۋاتقان ئادەم ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئۇلار قايسى سېزىم بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قالغان. چوقۇم بۇ يەردە تەڭپۇڭلۇق سېزىمىدىن ئىبارەت سەككىزىنچى سېزىممۇ مەۋجۇت. تۆۋەندە ئالىملارنىڭ تەڭپۇڭلۇق سېزىمىنى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇنىدىن بايقىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن. تەڭپۇڭلۇق سېزىمى ئىچكى قۇلاقتىن ئازراق سۇيۇقلۇق ماددىسىدا بار بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئالىملار تەجرىبە قىلغاندا شۇ سۇيۇقلۇقنى



www.munber.org



توشقاننىڭ قۇلىقىدىن چىقىرىۋالغاندىن كېيىن توشقان تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ خۇددى مەستتەك ئەگىپ ماڭغان. ئۈچىنچى ئاساستا سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن سېزەلمىگەن نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىشىمىز توغرا ئەمەس.

*تۆتىنچى ئاساس:*

هەقىقەتەن سەزگۈ ئەزالىرىمىزنىڭ دائىرىسى چەكلىك دېيمىز. مەن هەرقانداق كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىنى كۆزۈم بىلەن كۆرەلمەيمەن. بۇ توغرا، لېكىن ئاللاھ تائالا بىزگە خىيالدىن ئىبارەت سېزىمنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدىغان ئىقتىدارنى بەردى. مەن مەككىدە تۇرۇپ دەمەشقتىكى ئۆيۈمنى كۆرەلمەيمەن. لېكىن ئۇنى كۆرگەندەك خىيال قىلالايمەن. خىيال سېزىمنى تولۇقلايدۇ. ئۇنداقتا خىيال چەكلىكمۇ ياكى چەكسىزمۇ؟ مەن سەزگۈ ئەزالار بىلەن سەزمىگەن نەرسىنى خىيال قىلالايمەنمۇ؟

خىيال پىسخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىسى: قايتۇرغۇچى خىيال. مەن مەككىدە تۇرۇپ دەمەشقتىكى ئۆيۈمنى خىيال قىلغىنىمغا ئوخشاش. يەنە بىرى: ئىجادچى خىيال. ئۇ شائىر، رومانچى، رەسساملارنىڭ ۋە باشقا سەنئەتچىلەرنىڭ خىيالى. بۇ سەنئەتچىلەرنىڭ خىيالىغا قاراڭ، ئۇلار ئەمەلىيەتتىن تاشقىرى بىر نەرسىنى ئەكەلدىمۇ؟ پەيلۇسىنىڭ هەيكىلىنى ئويغان كىشى ئۇنى بىز كۆرۈپ باقمىغان كىشى شەكلىدە ئويغان. لېكىن ئۇ يېڭىلىقمۇ؟ ياكى ئەمەلىيەتتىن بىر قانچە قىسمىنى ئېلىپ قۇراشتۇرغانمۇ؟ ئۇ ئۆزى كۆرگەن چىرايلىق بۇرۇننى، چىرايلىق ئېغىزنى، چىرايلىق ئورگانىزىمنى ئېلىپ بۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشتۇرۇپ يېڭىلىق ياراتقان. لېكىن بۇ بۇرۇنقى پارچىلاردىن تەركىب تاپقان يېڭىلىق. پارىژدىكى ئاسار ـ ئەتىقىلار كۆرگەزمىخانىسىدا قاناتلىق ئۆكۈزنىڭ هەيكىلى بار. هەيكەلتاراش



www.munber.org

ئۆكۈزنىڭ ھەيكىلىگە ئادەم بېشىنى، قۇش قانىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ يېڭىلىق ياراتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ قەدىمىي بۆلەكلەردىن قۇراشتۇرۇلغان.

دارۋىننىڭ خىيالىدىكى ئاجايىپ ھايۋانلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. شائىرلارنىڭ خىياللىرىمۇ ئوخشىتىش، مىسال كەلتۈرۈش، كىنايە قىلىش، ئاجايىپ مۇبالىغىلەشتۈرۈشلەر قانچە چوڭقۇرلاپ كەتسىمۇ ئەمەلىيەتنىڭ بۇرۇنقى پارچىلىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بەلكى بىزمۇ مۇشۇ پارچىلارنى يادلاشتۇرۇشتا قانچىكى چوڭقۇرلىساق خىيالنىڭ ئۆزى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، رەڭ دۇنياسىدىن بىر قىسىم، ئاۋاز دۇنياسىدىن بىر قىسىم ئېلىپ پالانى ناخشىچى قىزىل گۈلدەك خۇشپۇراق ناخشا ئېيتىدۇ، ياكى پالانى ئەترىنىڭ پۇرىقىنىڭ رەڭگى قىزىل ئىكەن دەپ، بۇنىڭ شەكلىنى خىياللارغا ئەكىلىپ باقساڭلار بۇنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت دۇنياسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇنى خىيال قىلالمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىسىلەر. بىز خۇشپۇراق ناخشىنى، قىزىل رەڭلىك پۇراقنى خىيال قىلالمايمىز. بىز پەقەت ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك، ئېگىزلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مۇساپىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. تۆتىنچى مۇساپىنى ياكى نامەلۇم نەرسىنى ۋە يەنە بۇلۇڭ يوق ئۈچ بۇرجەكنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئۇنداقتا بىز قانداقمۇ بىزنىڭ دۇنيايىمىزغا ئوخشىمايدىغان ئاخىرەت دۇنياسىنى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز؟ چوقۇم ئاخىرەت مۇشۇ دۇنياغا نىسبەتەن بالىياتقۇ دۇنياسىدىكى بۇ دۇنياغا ئوخشايدۇ. ئەگەر تۆرەلمە بىلەن ئالاقە باغلاشقا، ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا ۋە ئۇنىڭدىن جاۋاب ئېلىشقا مۇمكىن بولغان بولسا بىز ئۇنىڭغا دۇنيا دېگەن نېمە؟ دېسەك ئۇ ئەمەلىيەتتە دۇنيا دېگەن مېنى ئوراپ تۇرغان پەردە ۋە قاراڭغۇلۇق، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا بۇ يەردە قۇياش، ئاي، كېچە ـ كۈندۈز، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، تاغ،





تۈزلەڭلىك، چۆل، باغ ـ بوستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دۇنيا بار دېسەك، ئۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ھەقىقىي خىيال قىلالمايدۇ.

بۇ توغرىسىدا ئىبنى ئابباس «دۇنيادا ئاخىرەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىلا بار» دېگەن. ئاخىرەتتىكى ئىچىملىك دۇنيانىڭ ئىچىملىكىگە، ئاخىرەتنىڭ ھۆر ـ پەرىلىرى دۇنيانىڭ ئاياللىرىغا، جەھەننەمنىڭ ئوتى دۇنيانىڭ ئوتىغا، جەھەننەمدىكى كۆۋرۈك، جىلغا دۇنيانىڭ كۆۋرۈكلىرىگە ئوخشاش ئەمەس.

*تۆتىنچى ئاساس:*

ئىنساننىڭ خىيالى پەقەت سەزگۈ ئەزالار بىلەن بولىدىغان نەرسىلەرنىلا بىلەلەيدۇ.

*بەشىنچى ئاساس:*

كۆز سۇ ئىچىدىكى تۈز ياغاچنى ئەگرى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئەقىل كۆرگەن نەرسىلەر بىلەن ئالدانمىدى، بەلكى ئۇنىڭ رۇس ئىكەنلىكىنى بىلدى. سەھرادىكى ئېزىتقۇنى كۆرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ سۇ ئەمەس تۇپراق ئىكەنلىكىنى بىلدى. سېھىرگەرلەر ئاغزىدىن يۈز لۆڭگىسىنى، يېڭىدىن 20 توشقاننى چىقارغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتىمىزدا ئەقىل ئۇنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى سېزەلەيدۇ. ئەقىل توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان بولۇپ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. لېكىن ئۇ ھەممە نەرسىگە ھۆكۈم قىلالامدۇ؟ غايەتسىز نەرسىلەرگىچۇ؟ ئەقىل پەقەت ۋاقىت، ئورۇندىن ئىبارەت ئىككى نەرسە ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىلەلەيدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرنى بىلەلمەيدۇ.

ئەگەر سىزگە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئەرەب ۋە ئىران ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇرۇش بولغان، بىراق ئۇ ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىمۇ ئەمەس ياكى كېيىنمۇ ئەمەس، ئۇ بىرەر ۋاقىت ئىچىدە بولمىغان، لېكىن ئۇ ئەمەلىي بولغان



www.munber.org
www.munber.org

ئۇرۇش، دېسە سىز ئۇنى بىلەلمەيسىز ۋە قوبۇل قىلىپ ئىشەنمەيسىز. ئەگەر جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى، بىر شەھەر بار ئۇ تۇزلەڭلىكتىمۇ ئەمەس، تاغدىمۇ ئەمەس، دېڭىزدىمۇ ئەمەس، قۇرۇقلۇقتىمۇ ئەمەس، زېمىندىمۇ ئەمەس، ئاسماندىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئورنى يوق لېكىن ئۇ مەۋجۇت، دېسە ئۇنىمۇ بىلەلمەيسىز ۋە قوبۇل قىلىپ ئىشەنمەيسىز.

ئەقىل پەقەت ۋاقىت ۋە ئورۇن دائىرىسىدىكى نەرسىلەرگە ھۆكۈم قىلغان بولۇپ روھ مەسىلىلىرى، قازاۋە ـ قەدەر ئىشلىرى، ئاللانىڭ نېئمەت ۋە سۈپەتلىرى قاتارلىق ئورۇن ۋە ۋاقىتتىن سىرت نەرسىلەرگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئەقىل چەكلىك بولۇپ چەكسىز نەرسىلەرگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ ۋە بىلەلمەيدۇ.

مۆئمىننىڭ جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. مۆئمىننىڭ ئەقلى بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. بۇ چۈشەنچە ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك چۈشەندۈرۈشتىن كەلگەن. ئويلىنىپ بېقىڭ، ئەقلىڭىز جەننەتتە مەڭگۈ تۇرىشىنى بىلەلەمدۇ؟ پىكرىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۆئمىنلەرنىڭ جەننەتتە تۇرىشىنى بىر ئەسىر، ئىككى ئەسىر، يۈز ئەسىر، مىليون، مىليارد ئەسىر دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىزدا ئەقلىڭىز ئاجىز كېلىپ بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ دەپ سورايدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىرەر چەك ـ چېگرا قويۇلسا بوپتىكەن دەپ ئويلايدۇ. چۈنكى ئەقىل چەكسىز نەرسىنى بىلەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ غايىگە يېتىشىنى پەرەز قىلسا خاتاغا ھۆكۈم قىلىدىغان زىتلىققا چۈشۈپ قالىدۇ.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ كانتىنىڭ ئەقىل پەقەتلا ماددى دۇنياغا ھۆكۈم قىلالايدۇ، دېگەننى ئىسپاتلاشقا مەشھۇر بىر كىتابى بار. لېكىن كانت ئىپتقان سۆزنى ئالىملىرىمىز دەپ بولغان ۋە بارلىق كىشىلەر قول قويىدىغان ھالقىغىچە ئىسپاتلاپ بەرگەن بولۇپ، بۇ توغرىسىدا سۆزلەش ئادەتتىكى سۆزدەك بولۇپ قالغان، ھەتتا كانتىنىڭ مەشھۇر زىت ئىشلىرىغا



www.munber.org



بىزنىڭ ئالىملىرىمىز ماتېماتىكىلىق دەلىل بىلەن ئاللىبۇرۇن خاتا دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئۇلارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

شەكىلدىكى بىر ـ بىرسىدىن يىراقلىشىپ
كېتىۋاتقان تۈز سىزىقنىڭ «م» نۇقتىسىدىن
چىقىپ ھەربىر سىزىقنىڭ چەكسىز «∞»
سوزۇلىشىنى پەرەز قىلىسىڭىز سوزۇلىشى
«ب،ج»، «ب،ج» دىن ئىبارەت باپباراۋەر
بولغان مۇساپىلاردىكى ئىككى سىزىققا
يېتىپ بارسا ھەتتا «∞،∞» سىزىققا يېتىپ
بارسا بۇ سىزىق چەكلىكمۇ ياكى چەكسىزمۇ؟

ئەگەر سىز چەكلىك دېسىڭىز، ئۇ چەكسىز تۈرسا قانداقمۇ چەكلىك بولسۇن دەپ سىزگە رەددىيە بېرىلىدۇ. ئەگەر چەكسىز دېسىڭىز ئۇ ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدا تۇرسا قانداق چەكسىز بولىدۇ دەپ رەددىيە بېرىلىدۇ. ئۇ بولسا چەكلىك ۋە چەكسىز بىر ـ بىرىگە قارشى مەسىلە.

ئەگەر ئەقىل چەكسىز نەرسىگە ھۆكۈم قىلىشقا ئۇرۇنسا ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقى، ئەگەر ئاخىرىسى چىقمايدىغان نەرسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسا مۇمكىن بولمايدىغان زىددىيەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئۇنداقتا ئەقىل پەقەتلا چەكلىك بولغان ماددىي ئىشلارغا ھۆكۈم قىلالايدۇ ۋە شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشى توغرا. ئەمما ماددىي دۇنيانىڭ ئارقىسىدىكى غەيب «مىتافىزىك» دۇنياغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. بۇ كانت ئۆز كىتابىدا ئىسپاتلىغان ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئالىملىرىمىز ئېيتقان سۆزلەر.



www.munber.org

«سەدد» نىڭ «شەرھۇل مۇۋاپپىق (ئۇيغۇن چۈشەندۈرۈش)» دېگەن كىتابىدىكى، غەززالىنىڭ «يۈكسەك نىشان» دېگەن كىتابىدىكى ۋە باشقا «ئىلمى كالام» كىتابلىرىدىكى سۆزلەردۇر.

*ئالتىنچى ئاساس:*

ھەقىقەتەن بارلىق كىشىلەر مۆئمىن. كاپىر ئىبادەتخانىدا، چوڭ ئالدامچىلىق سورۇنلىرىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئامال قىلالمايدىغان ياكى قارشى تۇرالمايدىغان بىرەر جاپا - مۇشەققەتكە يولۇقسا مۇشۇ كائىنات ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىمەيدۇ. پەقەتلا كائىناتنىڭ ئارقىسىدىكى كۆرگىلى بولمايدىغان لېكىن روھ ۋە دىللار بىلەن سەزگىلى بولىدىغان ۋە ھەر بىر نېرۋا ئۇنىڭ بارلىقىنى، بۈيۈكلىكىنى، ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى سېزىدىغان بىر كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن پاناھ تىلەيدۇ.

بۇ ئىش ئىمتىھان كۈنى ئوقۇغۇچىلاردا بولىدۇ. كېسەلنىڭ ئاغرىقى قاتتىق بولۇپ دوختۇر داۋالاشتىن ئاجىز كەلسە ھەممىسى ئۆز پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ ۋە ئىبادەت قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزەڭلاردىن سوراپ باقتىڭلارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەن كىشى ئاللاھ تەرەپكە قايتىدۇ؟

ھەممىمىز ئۆتكەنكى ئۇرۇش كۈنلىرىدە، يەنى 1914 - يىلدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا چوڭ كىچىك كىشىلەرنىڭ دىنغا قانداق يۈزلەنگەنلىكى ۋە ئاللاھقا قانداق ئىلتىجا قىلغانلىقىنى ئەسلەپ باقايلى. باشلىقلار ۋە قوماندانلار ئىبادەتخانىغا يۈگۈرۈشەتتى ۋە جەڭچىلەرنى نامازغا چاقىراتتى.

مەن رىيدىر زىدايجىستت ژۇرنىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مۇختا» ژۇرنىلىدا ئۇرۇش كۈنلىرىدە تارقىتىلغان پاراشوتچىلار قىسمىدىكى بىر ياشنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. (شۇ كۈنلەردە پاراشوت ۋە ئۇنىڭدىن سەكرەش يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىش ئىدى) ئۇ ئۆز ھېكايىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئاللاھنى ئەسلەيدىغان ياكى ناماز ئوقۇيدىغان ھېچ



www.munber.org



قانداق كىشى يوق ئۆيدە چوڭ بولغان بولۇپ، دىنى دەرس ئۆتەلمەيدىغان ۋە دىنى ئوقۇتقۇچىمۇ يوق مەكتەپتە ئوقۇغان ئىكەن. ئۇ خۇددى يەپ - ئىچىش، جىنسى ئالاقە ئۆتكۈزۈشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھايۋاندەك ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئىكەن. بىراق ئۇ تۇنجى قېتىم پاراشوتتىن سەكرەپ ئۆزىنىڭ پاراشوت ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ھاۋا بوشلۇقىدا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا «يا ئاللاھ! يا پەرۋەردىگارىم» دېيىشكە باشلاپتۇ ۋە سەممىيلىك بىلەن دۇئا قىلىپتۇ. ئۇ بۇ ئىمانىنىڭ ئۆزىگە قەيەردىن كەلگەنلىكىگە ھەيران قېلىپتۇ.

ستالىننىڭ قىزى يېقىندا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ دىنغا قانداق قايتقانلىقىنى سۆزلەپتۇ. ئۇ خۇداسىزلىق قاينىمىدا چوڭ بولغان تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاخىرى دىنغا قايتقانلىقىغا ھەيران قالىدىكەن. بۇ ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس.

چۈنكى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن تەبىئەتنىڭ سېزىمى. لېكىن بۇ سېزىمنى شەھۋانىيلىق، قىزىقىش، تەماخورلۇق ۋە ماددى ھايۋانى تەلەپلەر يۆگىۋالغان بولۇپ، ئىنساننى قورقۇنچلۇق خەۋەر، قىيىنچىلىق قاتارلىقلار تىترىتىدىغان بولسا ھېلىقى سېزىمدىن پەردىلەر چۈشۈپ كېتىپ، تەبىئي سېزىم ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىندىن باشقىسى كاپىر دەپ ئاتالغان. كاپىرنىڭ مەنىسى ئەرەپ تىلىدا «ياپقۇچى، يۆگىگۈچى» دېگەن بولىدۇ.

ھەيران قالارلىق ئىش، مەن ۋاقىت، ئورۇن، شارائىت، مەقسەت جەھەتتە بىر - بىرىدىن يىراق بولغان ئىككى سۆزدە بۇ پىكىرنى قوللاشنى بايقىدىم. بىراق ئۇ ئىككىسى مەنە جەھەتتە يېقىن.

مەشھۇر تەقۋادار مۇسۇلمان ئابىدە «رابىئەتۇل ئەدەۋىييە» ۋە مەشھۇر دىنسىز فرانسىيىلىك يازغۇچى ئاناتول فرانسنىڭ مۇنداق سۆزى بار. ئاناتول فرانس ئۆزىنىڭ كاپىرلىقى ۋە دىنسىزلىقى توغرىسىدا مۇنداق



www.munber.org

دەيدۇ: ئىنسان سۈيدۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شېكەر سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، ئىنسۇلىن ماددىسىنى بىلمەيمۇ بىلەلەيدۇ.

رابىيەگە بىر كىشى «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا مىڭ دەلىل تۇرغۇزۇلۇپتۇ» دېگەندە رابىيە كۈلۈپ كېتىپ «بىر دەلىل يېتەرلىك» دېگەن. ئۇنداقتا ئۇ دەلىل نېمە دېيىلگەندە ئۇ: «ئەگەر سىز چۆل ـ باياۋاندا يالغۇز ماڭغىنىڭىزدا ئازگاللغا چۈشۈپ كېتىپ قالسىڭىز ئۇ يەردىن چىقالمىسىڭىز نېمە قىلىسىز؟» دېگەن. ئۇ كىشى «يائاللا دەپ تۇۋلايمەن» دېگەن. رابىيە ئۇ كىشىگە «مانا بۇ دەلىل» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ھەربىر ئىنساننىڭ دىلىدا ئاللاھقا ئىشىنىش مەۋجۇت. ئاللاھ بىزلەرگە «ئىمان» دېگەن ئىنسانلاردىكى تەبىئىي ھالەت دەپ خەۋەر بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتنى ھەربىر مۇسۇلمان قوبۇل قىلىدۇ ۋە ياۋروپالىقلار يېقىندىن تونۇشقا باشلىدى. فرانسىيىلىك مەشھۇر خەلق ئۇستازى دۇر كايىمنىڭ «ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز بولغان ئوچۇق ئىش» دېگەن بىر كىتابى بار. كىشىلەر مۇشۇ كائىناتنىڭ بىر ئىلاھى بارلىقىغا پىكىر يۈرگۈزمەي تۇرۇپ ياشىشى ۋە ئۆلۈشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىنساننىڭ ئەقلى ھەقىقىي ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر زاتقا يېتەلمەي ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھ دەپ ياكى شۇ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىش مۇرەككەپلىشىپ خەتەرلىك ۋاقىت يېتىپ كەلسە بىرلا ئاللاھقا قايتىپ ئومۇمىي بۇتلارنى تاشلايدۇ.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى «ھۇبەل، لات، ئۇززات» قاتارلىق تاش ۋە بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. ھۇبەل بىر خىل ئېسىل تاشتىن ياسالغان بولۇپ ئەمرۇبنى لۇھەي دېگەن كىشى ھۇممەت دېگەن جايدىن ئەكەلگەن. ئۇ كىشى بۇ بۇتنى تۆگىگە ئارتىپ كېلىۋاتقاندا بۇت يولدا



www.munber.org



تۆگىدىن چۈشۈپ كېتىپ قولى سۇنۇپ كەتكەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالتۇندىن قول ياساپ قويغان. ئويلاپ بېقىڭلار، ئىلاھىڭمۇ قولى سۇنۇپ كېتەمدۇ؟ تېخى شۇنداق تۇرۇقلۇق كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلغان. كىشىلەر ئۇنىڭغا خاتىرجەم ۋاقىتتا ئىبادەت قىلىدۇ. ئەگەر كېيىمدە كېتىۋېتىپ دولقۇنغا دۇچ كېلىپ غەرق بولۇش كۆلەڭگىسى كۆرۈنسە ھۇبەل دېمەستىن بەلكى يائاللاھ! دەيدۇ. كېمە غەرق بولىۋاتقان ياكى ئوت يالقۇنجىغان ياكى خەتەر يۈز بەرگەن ياكى قاتتىق كېسەل بولغان ۋاقىتتا دىنسىزلارنىڭ دىنغا قايتقانلىقىنى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئىمان دېگەن بىۋاستە سېزىم بولۇپ ئىنسان دىنلىق ھايۋان. سىلەر دىنسىز ماددىئىزىمچىلارغا قاراڭلار، «ماركىس ياكى لېنىن» غا ئۆلۈم كەلگەن ۋاقىتتا ئۆزلىرى «ئىلاھ» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى چاقىردىمۇ ياكى ئاللاھنى چاقىردىمۇ؟ شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭلار كېرەككى، ئۇلار ئاللاھنى چاقىرىپ ئاندىن ئۆلدى. لېكىن چاقىرىشنىڭ پايدىسى يوق ۋاقىتتا چاقىردى.

فىرئەۋن تەكەببۇرلىشىپ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ۋە مەن سىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىلاھىڭلار دېگەن. ئاندىن كېيىن نىل دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتكىلىۋاتقاندا «بەنى ئىسرائىل ئىمان كەلتۈرگەن ئاللاھقا مەنمۇ ئىمان كەلتۈردۈم» دېگەن.

ئاشىق سېزىدىغان مۇھەببەت ھېسسىياتىدا ئىمان ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكى تەبىئىي سېزىم دېگەنلىككە دەلىل بار. مۇھەببەت بولسا ئىماننىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى ۋە چوقۇنۇش تۈرىنىڭ بىرسى. فرانسىيىلىكلەر دىنىنى تاشلىغان ۋاقىتتا چوقۇنۇش دېگەن سۆزنى مۇھەببەتتە ئىشلىتەتتى. بۇنى بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بەزىلەر ياۋروپالىقلارنى دوراپ ھېكايىلىرىدە «ئۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئۇنىڭغا

چوقۇنىدۇ» ۋە «مەن ئۇنى چوقۇنىدىغان دەرىجىدە ياخشى كۆرىمەن» دەيدىغان بولىدى. بۇ چوقۇنۇش ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشتىكى تەبىئىي سېزىمنىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈشى ۋە مۇھەببەت ئىمانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئاشىق سۆيگىنىگە بويسۇنىدۇ ۋە ئۇ خالىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ. مۆئمىن ئاللاھ بىلەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئاشىق ئەگەر سۆيگىنى رازى بولسا بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاچچىقلىنىشىغا پەرۋا قىلمايدۇ. مۆئمىنمۇ ئاللاھ بىلەن شۇنىڭغا ئوخشاش. ئاشىق سۆيگىنىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا رازى بولىدۇ. مۆئمىن بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنداق بولىدۇ. ياخشى كۆرۈش ئىشقى، ئىماننىڭ ئىنساننىڭ دىلىدىكى تەبىئىي سېزىم ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتى.

## سۆزنىڭ كەمچىلىكى «پالانى ئاڭلاپ كۆرۈپ تۇرىدۇ»

بۇنىڭ مەنىسى ئاللاھنى دوست تۇتۇش، مەشۇقنى دوست تۇتۇش تۇرىدىن دېگەنلىك ئەمەس. ئاشىق مەشۇققا بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە رازى بولىدۇ. ئۆزى لەززەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن مەشۇقنىڭ رازىلىقىنى كىشىلەرنىڭ رازىلىقىدىن يۇقىرى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاشىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ چىرايى سەتلىشىپ كېسەل سەۋەبىدىن بۇرنى، كۆزى ئېقىپ كەتكەن بولسا يېقىن كەلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭغا تەلپۈنمەيتتى. بەلكى ئۇنىڭدىن قاچاتتى ۋە يىراق تۇراتتى. مانا بۇ ياراتقۇچىنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە مەخلۇقنىڭ ياخشى كۆرۈشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق. ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى تۈر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تىلى روھى مەنىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن تار كەلگەنلىكى ئۈچۈن كۆپىنچە مەنالاردا بۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىز ئېيتىمىز: «پالانى تاغ مەنزىرىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، پالانى تارىخنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاتا ـ



ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

ئانا بالىنى ياخشى كۆرىدۇ، مەجنۇن لەيلىنى ياخشى كۆرىدۇ، مۆئمىن ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ» بۇنىڭدىكى ياخشى كۆرۈش بىرسى ـ بىرسىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: چىرايلىق دېگەن بىر سۆز مىڭلىغان مەنىلەرنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بىزنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىمىز مۇشۇنداق «پالانى ئاڭلاپ كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېسەك بۇ كىشى گاس ۋە قارىغۇ ئەمەس دېگەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ كۆرۈشى ۋە ئاڭلىشى بەندىنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرىشىگە ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھېچقانداق مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ.

***يەتتىنچى ئاساس:***

ئىنسان سېزىم ئارقىلىق بۇ ماددى دۇنيانىڭ بىر پۈتۈن ئەمەسلىكىنى، بۇ دۇنيانىڭ ئارقىسىدا روھى دۇنيانىڭ بارلىقىنى سېزىدۇ ۋە ماددىدىن روھى دۇنيانى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى بايقايدۇ. بۇ ئىنساننىڭ ماددىۋى لەززىتىنى چەكلىك كۆرگەنلىكىدىن بولۇپ، ماددى لەززەت غايىسىگە يەتسە ئۇ لەززەت ھېسابلانمايدۇ. ئادەتتىكى نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ. تەمسىزلىشىپ سېھرىي كۈچى يوقايدۇ. تەكرارلانغان لەتىپىگە ئوخشاش ئادەتتىكى سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

كەمبەغەل كىشى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باينىڭ ماشىنىسى ۋە ئىمارەتلىرىنى كۆرۈپ، پۇل ـ مال شۇنچىلىك بولسا باي بولغان بولىمەن، دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر شۇنداق دۇنياغا ئېرىشسە ھوزۇرلىنىشنى سەزمەيدۇ. ئاشىق سۆيگىنىگە ئېرىشىشنى چۈشىدە كۆرۈپ دۇنيانىڭ ھوزۇرى سۆيگىنىنى ياخشى كۆرۈش، بارلىق ئارزۇ ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر ياخشى كۆرىدىغان قىزغا ئۆيلىنىپ ئىككىسى بىرگە ئۆتسە ھېلىقى ئارزۇ يوقىلىپ ھوزۇرلىنىش تۈگەيدۇ. پەقەت ئەسلىملا قالىدۇ. ئىنسان بەزىدە كېسەل سەۋەبىدىن ئاغرىق ئازابى تارتقاندا ساقايغان ۋاقىتتىكى لەززەتنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئەگەر ساقايسا ۋە كېسەل كۈنلىرىنى ئۇنۇتسا ھېلىقى



www.munber.org

لەززەتلەردىن ھېچ نەرسىنى بايقىمايدۇ. ياشلار شۆھرەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئىسمى رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا ئاڭلىتىلسا، رەسمى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بېسىپ تارقىتىلسا خۇش بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تونۇلۇپ ئىسمىنى ھەممە كىشى بىلىپ كەتسە ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۆھرەت ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن جىمجىت كېچىدە ئاشىق ناخشىچىنىڭ قەلبىدىن چىققان مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلاپ ئاڭلىغۇچىنىڭ قەلب تارىسى تىترەيدۇ، روھى دۇنياغا كۆز تىكىدۇ ۋە تالانتلىق ئەدىبلەرنىڭ مەشھۇر ھېكايىلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ كىشى خۇددى سېھىرلەنگەن دۇنيا يوللىرىدا ناخشا بىلەن بىللە مېڭىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. ئەگەر ھېكايە ئاخىرلاشسا ئادەمنى ئازدۇرىدىغان لەززەتلىك چۈش ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ ۋە ئويغىنىدۇ. ئاندىن چۈشىنىڭ لەززىتىگە ۋە ئازدۇرىشىغا قايتىشقا بېكاردىن ـ بېكار ئۇرىنىدۇ ھەمدە ئويلىنىش ئارقىلىق ئېغىر يۈكتىن يەڭگىللەپ، كۆڭلى يورىغان ۋاقىتتا دىلى روشەن ئازادە ياشايدۇ. ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلۇپ خېلى پاكلانغانلىقى ئۈچۈن ئاچقانغا تائامنىڭ لەززىتى، مەھرۇم بولغانغا ۋىسالنىڭ لەززىتى، يوقسۇل پېقىرغا مەنسۇپ مالنىڭ لەززىتىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان روھنىڭ لەززىتىنى بايقىغان ۋاقىتتا كۆڭۈل ئىككى قانىتى بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ زېمىن ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر قاراشقىمۇ ئەرزىمىگۈدەك دەرىجىدە كىچىك كۆرىنىدۇ.

كۆڭۈل داۋاملىق مۇشۇ كۆرىنىشلىرى تونۇلغان نامەلۇم يۇقىرى روھى دۇنياغا قىزىقىدۇ ۋە ماددى لەززەتنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، روھى لەززەتنىڭ ماددىۋى لەززەتتىن كاتتا ھەم تەسىرى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەقىل دەلىل بىلەن ئەمەس بەلكى روھى سېزىم بىلەن بۇ ماددىي ھاياتنىڭ بىر پۈتۈن ئەمەسلىكىنى، بۇ دۇنيانىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇن نامەلۇم بىر دۇنيانىڭ ھەقىقى بارلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭغا روھلار ئىشتىياق



www.munber.org



باغلايدۇ ۋە ئۇچۇپ بېرىشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن بۇ جەسەت ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدۇ. مانا بۇ ئىككىنچى بىر دۇنيانىڭ بارلىقىغا بولغان كۆڭۈل خاراكتېرلىك دەلىلدۇر.

*سەككىزىنچى ئاساس:*

ئاخىرەت ھاياتىنىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىش ـ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنىڭ زۆرۈر نەتىجىسى. يەنى ئىلاھ بولسا چوقۇم ئادىل، ئادىل زات زۇلۇمنى قارار قىلمايدۇ. زالىمنى جازالىماي، زۇلۇم قىلىنغانغا ئىنساپ قىلماي تاشلىۋەتمەيدۇ. بىز مۇشۇ ھاياتلىقتا ھەمىشە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ ياشاپ، جازالانماستىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ۋە ھەمىشە زۇلۇم قىلىنىپ، ئىنساپ قىلىنماستىن ئۆلۈپ كېتىدىغان كىشىلەرنى كۆرىمىز.

بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئاللاھ مەۋجۇد تۇرسا ۋە ئادىل تۇرسا بۇ قانداق تامام بولىدۇ؟ بۇنىڭ مەنىسى ياخشى كىشىلەر مۇكاپاتلىنىدىغان، يامان كىشىلەر جازالىنىدىغان يەنە بىر ھاياتلىق لازىم دېگەنلىكتۇر.

رىۋايەت بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ، ئەگەر تېلېۋىزوردا بىر فىلىم قويۇۋېتىپ ئوتتۇرلاشقاندا توختىلىپ تۈگىدى دېيىلسە، تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەردىن ھېچكىم تۈگىگەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە باش قەھرىمانغا نېمە ئىش بولدى؟ ھېكايىنىڭ ئاخىرى قەيەردە؟ دەپ ئويلايدۇ. كىشىلەر ئاپتوردىن ھېكايىنى تولۇقلاپ قەھرىمان ھېساۋىنى توغرىلاپ بېرىشنى كۈتىدۇ. ئاپتور بولسا ئىنسان.

ئەقىللىق كىشى «ھاياتلىق» دېگەن بۇ ھېكايىنىڭ ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىغا قانداقمۇ ئىشەنسۇن! تېخى ھېساب توغرىلانمىسا، رىۋايەت تولۇقلانمىسا؟ ئەقىل مۇشۇ دۇنيانىڭ بىر پەرۋەردىگارى بار، بۇ دۇنيادىن كېيىن ئاخىرەت بار، دەپ ئىشىنىدۇ.

ئۆز ئورنىدا مۇڭلۇق كۈيلەر، مەشھۇر ھكايىلەردە، روھنى چاقناتقان دىل يورىغان ۋاقىتلاردا ئۇنى راھەتلەندۈرگەن بۇ نامەلۇم دۇنيا ئەپلاتۇن خىيال



www.munber.org

قىلغان خىيالى دۇنياغا ئوخشاش ئەمەس. بەلكى، ئۇ ئەپلاتۇننى ياراتقان زات پەيدا قىلغان ئاخىرەت دۇنياسىدۇر.

دۇنيا لەززەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى يېرىم مىنۇت داۋاملاشمايدىغان ۋىسال لەززىتى. بۇ ئاخىرەت لەززىتىدىن بىر نەمۇنە. ئۇ لەززەتسىز تېتىغان تائامدىن بىر لوقما بولۇپ، ئەگەر سىزنى قىزىقتۇرالىسا سېتىۋېلىپ قورسىقىڭىز تويغىچە يەيسىز. ھەقىقەتەن بۇ سىز كۆرۈۋاتقان ئىش تىجارەت خاراكتېرلىك ئۆلگە بولۇپ، رازى بولسىڭىز مالنى تەلەپ قىلىسىز. مانا بۇ يېرىم مىنۇت داۋاملاشمايدىغان لەززەت مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان، چەك ـ چېگىرىسى يوق، ھەرگىز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان مەڭگۈ لەززەتكە ئىگە ئاخىرەت دۇنياسى لەززىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن مىسالى.

www.munber.org





## ئاللاھقا ئىشىنىش

ئاللاھقا ئىشىنىش: چوقۇم ئاللاھ پەيدا قىلغۇچىسىز مەۋجۇد، پۈتۈن دۇنيادىكى كائىناتلارنىڭ پەرۋەردىگارى، خالىغانچە ئىش باشقۇرىدۇ، بىرلا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ، ئۇنىڭغا باشقىلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىنمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت تۆت مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئاللاھنىڭ بارلىقى

بىز ئالتىنچى ئاساستا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش دەلىلگە مۇھتاج بولمايدىغان، ئەقلى دەلىل قوبۇل قىلماي تۇرۇپ كۆڭۈلنىڭ سېزىمى بىلەن بىلگىلى بولىدىغان ئېنىق ئىش دېگەن ئىدۇق. ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدىكى پاكىتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىنى دەپ ئولتۇرمايمەن. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك يېزىقچىلىق قىلغان دەمەشىقلىق ئۇستاز جامالىددىن قاسىمى «تەۋھىد دەلىللىرى» دېگەن كىتابتا نۇرغۇن پاكىتلارنى بايان قىلغان.

كىمكى تەبىئەت، ئاسترونومىيە ئالىملىرىدىن ۋە بۇ ئىلىمدە يۇقىرى پەللىگە چىققان ئالىملاردىن ئوتتۇز كىشى يېزىپ چىققان «ئاللاھ ئىلىم ـ پەن دەۋرىدە ئاشكارا بولىدۇ» دېگەن كىتابنى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى «ئىلىم ـ پەن ئىمانغا چاقىرىدۇ» دېگەن كىتابقا نەزەر سالىدىكەن، ھەقىقىي ئالىم بىلەن ئاددىي خەلقلەر مۆئمىن بولىدىكەن، پەقەتلا ئازراق بىلىمگە ئىگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كاپىر مۆئمىنلىق تەبىئىتىدىن زىيان تارتىپ قالىدىكەن

www.munber.org

ۋە ئىمانغا چاقىرىدىغان بىلىمگە ئېرىشەلمەيدىغان خۇداسىز بولۇپ قالىدىكەن دەپ بىلىدۇ.

بۇ ئىككى كىتابتا بىر قانچە ماقالە بار بولۇپ، بۇ ماقالىلەر دۇنيانىڭ قەدىمدىن تارتىپ بار بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە ھەرقانداق نەرسىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ، قەدىمىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن ھۆكۈمنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. بۇ بىئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئەڭ چوڭى «فرانىڭ ئالىن»، رادارنى كەشىپ قىلغان «روبېرت مورىيىس بىدج»، خىمىيە ئالىمى «جون كىلىفلاند كوسران» ۋە فىزىكا ئۇستازى «جون ھىربىرت بلوند» قاتارلىق ئالىملارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىسىدۇر. مەن بۇ ئىككى كىتابنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان خۇدانىڭ بار ھەم بىرلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاللاھنىڭ بارلىقىغا پاكىت بولىدىغان ئىلگىرىكى دەلىللەرنى، تەۋھىد ئالىملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ۋە يۇقىرىقى ئالىملار سۆزلىگەن يېڭى ئىسپاتلارنى سۆزلىمەيمەن. لېكىن، قۇرئان ئارقىلىق بۇ پاكىتلارغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمەن. قۇرئاننىڭ پاكىتلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا، قەتئىي بولۇپ قىسقىغىنا ئىبارەتتە ئاددىي خەلقمۇ چۈشىنەلەيدىغان، ئالىملار قۇرئاننىڭ قابىلىيىتىنى ۋە مەنىسىنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە ئوچۇقلىقىغا ھەيران قالىدىغان ئوچۇق ھۆججەتلەرنى ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممە خەلقنىڭ سۆزى توغرا دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا دەلىللەرنىڭ ئۆزىمىزدە ئىكەنلىكىنى بىرلا سۆز بىلەن ئاگاھلاندۇردى. پاكىتلار پېشانىمىزگە يېزىلغان ۋە ئۇنى بىلىش ئىقتىدارى سىزگە بېرىلگەن تۇرسا بىز بۇنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىمىز. ئاللاھ تائالا: «ئۆزەڭلارغا قاراپ باقمامسىلەر؟!!» دېگەن. بىز چىن قەلبىمىزدىن ئاللاھنىڭ بارلىقىنى سېزىمىز ۋە قىيىنچىلىق، مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا



www.munber.org



مۆئمىنلىق تەبىئىتىمىز ۋە دىن تونۇش تەبىئىتىمىز بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىمىز. ئاللاھنىڭ بارلىقىدىكى پاكىتلارنى ئەتراپىمىزدا، ئۆزىمىزدە ۋە دۇنيادا كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. يوشۇرۇن ئەقىل ئاللاھنىڭ بارلىقىغا سېزىم بىلەن ئىشىنىدۇ. ھوشيار ئەقىل دەلىل بىلەن ئىشىنىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كاپىر ئۆزى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل تۇرۇپ قانداقمۇ ئاللاھقا تانىدۇ؟ بۇنداق كىشى خۇددى سىزنىڭ نەرسىڭىزنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ مەن ئۇنى ئالمىدىم، تۇتمىدىم دېگەن ۋە سۇ تېمىپ تۇرغان ھۆل كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ «مەن سۇغا يېقىن كەلمىدىم» دەپ داۋا قىلغان كىشىگە ئوخشاش. مانا بۇ ئەڭ چوڭ ھەقىقەت. لېكىن نېمە ئۈچۈن كۆپىنچە كىشىلەر بۇنىڭغا دىققەت قىلمايدىغاندۇ؟

جاۋاب: چۈنكى ئۇلار ئۆزىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتىغان. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇردۇ» ئۇلار پىكىر يۈرگۈزۈشتىن قاچىدۇ. يالغۇز ئولتۇرۇپ ئويلانمايدۇ. خالىي ئولتۇرۇپ ئۆزى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. شۇڭا ئويلىنىشتىن بىكار پاراڭ، تېتىقسىز كىتاب ياكى ئۆزىنى مەشغۇل قىلىدىغان بىرەر ئىش ئارقىلىق يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئۇ كىشى ئۆزىنى ـ ئۆزى يامان كۆرۈپ خۇددى دۈشمەندەك ئۆمرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا گەدىنىگە مىنىۋالغان مالنىڭ دەسمايىسىدەك ئۆمرىنى يۇقىرىقى بىكار ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. بەزى كىشىلەرگە دىققەت قىلىڭ، ئۇلارنى يەۋاتقاندەك، ئىچىۋاتقاندەك، ئۇخلاۋاتقاندەك، ئويناۋاتقاندەك، لەززەتكە قىزىقىۋاتقاندەك، دەرد ـ ئەلەمدىن قېچىۋاتقاندەك، دۇنيادا ئۆزىگە، ئائىلىسىدىكى كىشىلەرگە ۋە دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىۋاتقاندەك كۆرىسىز. ئۇلار ئەتىگەندە ئويغىنىدۇ. ئاندىن بەدىنىنى پاكىز تازىلايدۇ. كىيىمىنى كىيىپ، ئەتىگەنلىك تاماق يەيدۇ، ئىشقا بارىدۇ. مال توپلاش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، پايدىسىنى كۆپەيتىدۇ. ئاندىن ئۆيگە قايتىدۇ، غىزالىنىدۇ، ئارام ئالىدۇ. ئىشقا قايتا



www.munber.org

بارىدۇ، ياكى كۆڭۈل ئېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. قورسىقى ئاچقۇچىلىك بوش ۋاقتىنى توشقۇزىدىغان، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىدىغان، ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان ئىشلارنى ئىزدەيدۇ، كېيىن تاماق يەپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئەتىسى يېڭى بىر كۈننى كۈتىۋالىدۇ ۋە ئۇ كۈندە ئۆتكەن كۈندىكى ئۇسۇل بويىچە ماڭىدۇ. ئۆتكەن كۈننى قايتىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتمۈشى مۇشۇ دۇنيادا ياشىغانلىقىنى سەزگەن كۈنلىرىدۇر. كەلگۈسى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسى پەقەتلا مۇشۇ دۇنيادا ياشايدىغانلىقىنى سەزگەن كۈنلىرىدۇر.

ئەمما مۇسۇلمان كىشى هاياتلىقتا يېيىش، ئىچىش، ئىشلەش، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بولىدى قىلمايدۇ. بەلكى ئۆزىدىن مەن قەيەردىن كەلدىم؟ قەيەرگە كېتىۋاتىمەن؟ دەپ سورايدۇ ۋە هاياتلىقنىڭ تۇغۇلۇش بىلەن باشلانمايدىغانلىقىنى، ئۆلۈش بىلەن ئاخىرلاشمايدىغانلىقىنى، تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئانىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلمە هالەتتە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن دادىسىنىڭ سۇلبىدا مەنىسمان هالەتتە ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى دادىسىنىڭ قېنىدا ئېقىپ يۈرۈيدىغان قان ئىكەنلىكىنى، بۇ قان يېگەن ئوزۇقتىن كەلگەنلىكىنى، بۇ ئوزۇقلۇق زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈملۈكنى يېگەن هايۋان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر قانچە باسقۇچنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، بۇ ئۇزۇن زەنجىر بولۇپ، زەنجىردە ئازغىنە هالقىلارنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى، قالغانلىرىنى كۆزىمىزدىن قاراڭغۇ توساپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە ئىرادىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئەقىل ۋە ئىرادىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

بىزلەردىن هېچكىم تۆت ياشتىن بۇرۇنقى ئەهۋالىنى بىلمەيدۇ. تۇغۇلغانلىقىنى ئەسلەپ بېرەلمەيدۇ. كىم تۇغۇلغانلىقىنى ئەسلەپ بېرەلەيدۇ؟ كىم ئانىنىڭ قورسىقىدىكى كۈنلىرىنى ئەسلەپ بېرەلەيدۇ؟ ئەگەر





ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلىشتىن بۇرۇن، مەۋجۇت بولسا ئۇ ئۆزىنى پەيدا قىلدى دېيىش مۇمكىنمۇ؟

ئەگەر سىز خۇداسىز كاپىرغا يولۇقۇپ قالسىڭىز ئۇنىڭغا مۇنداق دەڭ ۋە سوراڭ: سەن ئۆزەڭنى ئۆز ئىرادەڭ ۋە ئەقلىڭ بىلەن ياراتتىڭمۇ؟ سەن ئۆزەڭنى - ئۆزەڭ ئاناڭنىڭ قورسىقىغا كىرگۈزدۇڭمۇ؟ سەن ئۆزەڭ بۇ ئايالنى ئانا قىلىپ تاللىدىڭمۇ؟ ئۆزەڭ ئاناڭنىڭ قورسىقىدىن چىقىشىڭ ئۈچۈن ئۆزەڭ تۇغۇت ئانىسى چاقىرىپ كەلدىڭمۇ؟ ئۇنداقتا يوق يەردىن تەسىر كۆرسەتكۈچىسىز ۋە ياراتقۇچىسىز يارىتىلىپ قالدىڭمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ياكى سېنى سەندىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان تاغ - دەريالار، قۇياش ۋە باشقا پىلانىتلار قاتارلىق مەۋجۇداتلار ياراتتىمۇ؟

گۇمان نەزەرىيىسى بىلەن مەشهۇر بولغان دىكارت گۇمان نەزەرىيىسىنى تەجرىبە قىلغان ۋە هەممە نەرسىدە گۇمان قىلىپ ئۆزىگە كەلگەن ۋاقتىدا ئۆزىگە گۇمان قىلالمىغان. چۈنكى ئۇ گۇمان قىلىدۇ. گۇماندا گۇمان بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇ تۆۋەندىكى مەشهۇر سۆزنى ئېيتقان «مەن يۈگۈرسەم مەن مەۋجۇت. مەۋجۇتلىقىمدا هېچقانداق گۇمان يوق. ئۇنداقتا مېنى كىم پەيدا قىلدى؟ مېنى مۇشۇ ماددىۋى كائىناتلار پەيدا قىلدىمۇ؟ هەقىقەتەن بۇ نەرسىلەر جانسىز، ئەقىلسىز. مەن بولسام ئەقىللىق. ئەقىل يوق نەرسە ئەقىل بېرەلمەيدۇ. ئۆزىدە يوق ئادەم باشقىلارغا بېرەلمەيدۇ.»

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراهىم ئەلەيهىسسالاممۇ مۇشۇنداق تونۇغان. ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام دادىسىنىڭ بۇت ئويىۋاتقانلىقىنى، تاشتىن هەيكەل ياساپ ئۇنى ئۆزى، قەۋمى ئىلاھ دەپ چوقۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىدا، بۇ تاشنى ئىنسان ياسىغان ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. بۇ ئىلاھنى مەن ياراتتىم. مەن ئۇنىڭغا خالىغان نەرسەمنى يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلالمىدىمەن. بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. ئۇنداقتا هەقىقي ئىلاھ قەيەردە؟ ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام بىر كىچىسى هەيكەل ياسىلىدىغان تاشتەك، زېمىندىن

چىقمايدىغان پارقىراق، چاقناپ تۇرىدىغان بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ مەن ئىزلەۋاتقان ئىلاھنى كۆردۈم دەپ ئويلايدۇ. تۇيۇقسىز ئاي چىقىپ يۇلتۇزنى يوشۇرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاينى چوڭ ھەم نۇرلۇق كۆرۈپ ئاينى ئىلاھ دەپ ئىشىنىدۇ دە شۇ كېچىسى ئاينى كۆزىتىپ ئولتۇرىدۇ. كېيىن تۇيۇقسىز كۈن چىقىپ ئاينىڭ شولىسىنى ئۇچۇرۇپ زېمىنغا نۇر چاچىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ئىلاھ ئىكەن دەيدۇ. بىراق كۈن زېمىننى قاراڭغۇ ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. كېتىپ قالىدىغان، مۇلۇكنى بىكار تاشلىۋېتىدىغان مۇشۇ نەرسىلەر ئىلاھمۇ؟ ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. كۈن مېنى ياراتقان ئىلاھ ئەمەس. بۇ مەۋجۇداتلارمۇ ئىلاھ ئەمەس. مەنمۇ ئىلاھ ئەمەس. مەن ئۆزۈمنى ياراتمىدىم. باشقا نەرسىلەرنىمۇ ياراتمىدىم. پەقەت توغرا، ھەق بولغان بىر ئېھتىمال قالدى. ئۇنىڭدىن باشقىسى خاتا. ئۇ بولسىمۇ جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىدىكى بۇ نەرسىلەرنى، مېنى ۋە بارلىق نەرسىلەرنى يوق يەردىن بارلىققا ئەكەلگەن ئۇلۇغ، ھەممىگە قادىر بىر ئاللاھ بار دېگەنلىكتۇر. قۇرئان بۇ دەلىل ئۇستىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ﴾

﴿ئۇلار ئۆزلىكىدىن يارىتىلىپ قالدىمۇ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟﴾[1] مانا بۇ ئاللاھنىڭ بايان قىلىشىتىكى بىر مۆجىزىسى ۋە ئەقىلگە بويسۇنىدىغان، پىكىرگە ھۆرمەت قىلىدىغان خۇداسىزلارغا قاتتىق زەربىسى.

دىنسىز بىر قىسىم ئەخمەق كاپىرلار، ئازراق بىلىم ئىگەللىگەن ھاماقەتلەر تەبىئەت ئىنساننى يارىتىپ ئۇنىڭغا ئەقىلنى بەردى دەيدۇ.

بىز كىچىك چاغلاردا يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىرىنچىدىن ئىسلام يولىدىن، ئىككىنچىدىن پارىژدىن يېڭى مەدەنىيەتلىشىش پۇرىقىنى پۇراپ قالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى

[1] سۈرە تۇر 35 ـ ئايەت.





مەدەنىيەتلىك كىشىلەر دەپ ئاتىۋالغان ئوقۇتقۇچىلىرىمىز شۇنداق دېگەن ئىدى.

بىز ئۇنىڭدىن جىق چوڭ بولدۇق. «تەبىئەت دېگەن نىمە؟» دەپ سورىدۇق. تەبىئەت دېگەن سۆز لۇغەتتە «پەئىلە» فورمۇلىسى «قىلىنغۇچى» دېگەن مەنىدە كەلگەن، ئۇنداقتا ئۇ قىلىنغۇچى بولسا ئۇنى كىم قىلدى؟

ئۇلار «تەبىئەت دېگەن تاسادىپىيلىق... ئېھتىمال قانۇنى» دېدى. بىز ئۇنىڭ مىسالى نېمە بىلەمسىز؟ دېدۇق. مەسىلەن، ئىككى كىشى چۆل ـ باياۋاندا ئېزىپ قىلىپ تاملىرى زىننەتلىنىپ نەقىشلەنگەن، قىممەت باھالىق جايىنامازلىرى بار، سائەت، لامپۇچكىسى بار ئاۋات، چوڭ بىر سارايدىن ئۆتۈپتۇ. بىرىنچىسى:«بۇ ساراي ۋە ئۇنىڭدىكى سەرەمجانلارنى بىرسى ياسىغان» دېسە، ئىككىنچىسى: «سەن خۇراپىي، زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغان ئىكەنسەن، بۇنى تەبىئەت قىلغان» دەپ رەددىيە قايتۇرۇپتۇ.

ـ بۇنى تەبىئەت قانداق قىلدى؟...

ـ بۇ يەردە تاش بار ئىدى، تاشنى سەل ئېقىتىپ كەلدى، شامال ۋە ھاۋارايى سەۋەبلىرى بىلەن بىرلەشكەن ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تاشلار تاسادىبىي تام بولۇپ قالغان.

ـ گىلەم جايىنامازلارچۇ؟

ـ قوي يۇڭلىرى كېلىپ بىر ـ بىرى بىلەن بىرىككەن، ئاندىن رەڭ كېلىپ بويىغان ۋە كىرىشكەن. ئۇندىن كېيىن گىلەم جايىناماز شەكىللەنگەن.

ـ سائەتچۇ؟



www.munber.org

- تۆمۈر ھاۋارايى ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە ئۇپراپ، ئۇزۇلۇپ شارچىلارغا ئايلىنىپ بىر - بىرىگە كىرىشكەن. ئۇزۇن زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سائەت شەكىللەنگەن.

سىلەر بۇ كىشىنى ساراڭ دەمسىلەر؟ پەقەت مىكروسكوب بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان چوڭ بىر مەيداننى توشقۇزۇش ئۈچۈن خىمىيۋى خىزمەتنى ئىبلىپ بېرىشتا نەچچە مىڭ سايمان ئۇسكۇنىگە مۇھتاج بولىدىغان جىگەر ھۈجەيرىلىرىنى تاساددىپىيلىق ئىجاد قىلغانمۇ؟ بۇ ھۈجەيرە قاندىكى شېكەر ماددىسىنى ئېھتىياج چۈشكەن ۋاقىتدا گىلوكوزىغا قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن ئۇزۇم شېكىرى (گىلىكوزىن) غا ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئۆت سۇيۇقلىقىنى چىقىرىپ بېرىپ قاندىكى خولىستىرنى تەكشەپ تۇرۇپ قىزىل قان دانچىلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ ۋە باشقىلار.

تىلدا تەم تېتىيدىغان كىچىك دانچە بار. ھەربىر قۇلاقتا ئاڭلايدىغان يۈز مىڭ ھۈجەيرە بار. ھەربىر كۆزدە نۇر قوبۇل قىلىدىغان بىر يۈز ئوتتۇز مىليون ھۈجەيرە بار. يەر ۋە ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ سىرلىق نەرسىلەر، يەرنى ئوراپ تۇرغان ھاۋا، ھاۋادىكى كۆرگىلى، سەزگىلى بولمايدىغان جانلىقلار ۋە بىز يېقىندا كۆزەتكەن قار زەررىچىسىدىكى ئىنچىكىلىك ۋە چىرايلىق يارىتىش قاتارلىق ئاجايىپ سىر ۋە شەكىللەر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭسىز تاساددىپىيلىق قىلدىمۇ؟

بۇ زېمىنغا ۋە ئۇنىڭدىكى كائىناتلارغا، ئۇنىڭ سىرىغا، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرىگە، زېمىندىكى كەڭ كەتكەن چۆل - باياۋانلارغا، دېڭىز - ئوكيانلارغا، ئېگىز تاغلارغا قاراپ بېقىڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەرسىلەرنى قۇياشقا سېلىشتۇرۇپ باقسىڭىز ئۇلارنىڭ قۇياشقا ۋە ئۇنىڭ چوڭلۇقىغا نىسبەتەن ھېچقانداق نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىسىز.

www.munber.org





قۇياش زېمىندىن نەچچە مىليون ھەسسە چوڭ. لېكىن قۇياش دۇنيادىكى پىلانتلارغا نىسبەتەن چۆل - باياۋاندىكى بىر تال قۇم دانىچىسىغا ئوخشايدۇ. قۇياش بىزدىن يۈز مىليون كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتا بولۇپ، ئەگەر بۇ ئارىلىقنى نۇر تېزلىكى بىلەن ئۆلچىسەك (نۇر تېزلىكى سېكۇنتىغا ئۈچ يۈز مىڭ كىلومېتىر) قۇياشتىن بىزگە سەككىز مىنۇتتا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا بىزگە يورۇقلۇقى نۇر تېزلىكىدە بىر مىليون يىلدا يېتىپ كېلىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟ بىر يىللىق نۇر تېزلىكى ئون مىڭ مىليارد كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ. ئۇنداقتا بىر مىليون يىل قانچە كىلومېتىر بولىدۇ؟

بۇ يۇلتۇزلار توغرىسىدا ئاسترونومىيە ئالىملىرى يورۇق گۈمبەز دېگەندىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. سامان يولى سېستىمىسىدىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چوڭ كۆلەمدىكى يۇلتۇزلارنى ئەقىل تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. بۇ يۇلتۇزلار ساناپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تېز ماڭىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇلار ئوتتۇرىسىدا سوقۇلۇش يۈز بەرمەيدۇ؟

مەن ئاسترونومىيە ئالىملىرىدىن بىرسىنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى ئوقۇدۇم. پىلانتلارنىڭ سوقۇلۇش ئېھتىمالى خۇددى ئالتە ھەسەل ھەرىسىنى زېمىن ئوراپ تۇرغان ھاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بەرگەندىكى سوقۇلۇش ئېھتىمالىغا ئوخشاش. ئالتە ھەسەل ھەرىسىگە نىسبەتەن زېمىن بوشلۇقىنىڭ كەڭلىكى ساناپ بولغىلى بولمايدىغان يۇلتۇزلار ئۈچۈن ئاشۇ بوشلۇقتا ئوخشاش بولۇپ، بۇ بوشلۇقنىڭ ھەممىسى زور يۇمىلاق جىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا. ئۇ بولسىمۇ دۇنيا ئاسمىنى. بۇ يۇمىلاق جىسىم ھەقىقىي جىسىم. ھاۋا ياكى بوشلۇق سىزىقى ھەندىسىشۇناس ۋە تەپسىرشۇناس بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك پىلانتلارنىڭ ئوربىتىسى بولغان خىيالى سىزىق ئەمەس. بۇ يۇمىلاق جىسىم بوشلۇق ۋە بوشلۇق ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى ئوراپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ جىسىم ھاۋانى

قورشاپ تۇرغان بولۇپ، ھاۋا يۇمىلاق جىسىمنىڭ ئىچىدە. بۇ يۇمىلاق جىسىمنىڭ ئېچىلىدىغان، يېپىلىدىغان ئىشىكلىرى بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى مۇشۇ بوشلۇقنى ساقلاپ تۇرىدىغان ئۆگزە ـ تورۇس قىلغان. ھەمدە بۇ پىلانېتلاردىن تورۇسنى زىننەتلەيدىغان چىراققا ئوخشاشلىرى بار. ئۇنىڭغا يۈكسەكلىك مەنسۇپ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوشلۇق بار. بۇ بوشلۇقنىڭ كەڭلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ. بۇ بوشلۇقتەك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراقىنى، ئۇنىڭدىن چوڭ، كەڭراقى يەنە كەڭراق بىر يۇملاق جىسىم ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى يۇمىلاق جىسىم، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆتىنچى بوشلۇق، تۆتىنچى يۇملاق جىسىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بەشىنچى بوشلۇق، بەشىنچى يۇملاق جىسىم ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتىنچى بوشلۇق ئالتىنچى يۇمىلاق جىسىم، ئۇنىڭدىن كېيىن غايەت زور ۋە كاتتا بولغان جىسىملار بار. ئۇ بولسىمۇ ئەرشى كۈرسى ۋە ئاللاھ خەۋەر بەرگەن نەرسىلەردۇر.

ئەڭ ھەيران قالارلىقى ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئەڭ چوڭ پاكىت شۇكى، بۇ بوشلۇق ئەقىل ئۇنىڭ كەڭ ۋە ئازادىلىكىنى بىلەلمىگىنىدەك، ئۇنىڭ كىچىك ۋە نازۇكلۇقىنى بىلەلمىگۇدەك دەرىجىدە كىچىكلىتىلگەن ھالىتى ئاتوم زەررىچىسىدە مەۋجۇت بولىدۇ.

ئاتومنى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ بىلەنلا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇرۇنقى پەيلاسوپ ۋە ئالىملار ئاتومنى پارچىلانمايدىغان جىسىم دەپ ئاتاشقان ۋە يەنە قىرىق مىليون ئاتومنى بىر يەرگە جۇغلىسا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى بىر سانتىمېتىر بولىدۇ. بۇ ئاتومنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق بار. بۇ بوشلۇقتا بىر مەركەز بولۇپ، مەركەز ئەتراپىدا خۇددى پىلانېتلار بوشلۇقتا ئايلانغانغا ئوخشاش ئايلىنىپ تۇرىدىغان كىچىك ئېلېكترون جىسىملار مەۋجۇت دېگەن ئىدى. ئاتومغا نىسبەتەن بۇ مەركەز چوڭ سارايدىكى بىر تال بۇغدايغا ئوخشايدۇ. مەركەز ئېلېكتروننىڭ **1800** ئېغىرلىقىدىن بىر



www.munber.org



ئېغىرلىقىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى تاساددىپىيلىقمۇ؟ مۆئمىنىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدىغان نەرسە تەبىئەت، تاساددىپىيلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تېتىقسىز ماقالىلار بولۇپ، بۇنى ھەقىقىي ئالىملار سۆزلىمەيدۇ. ھازىر ئۆزى ئالىم ئەمەس تۇرۇپ ئالىملارنى دوراپ ئالىملىق قىلىدىغان بىلىمسىز كىشىلەرگە ئوخشاش ئادەملەردىن باشقىلار بۇلارنى ھەرگىز دېمەيدىغان بولدى.

## ئاللاھ پۈتۈن دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى

بۇ ئاللاھقا ئىشىنىشتىكى ئىككىنچى مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئادەملەر، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى، ئاسمان جىسىملىرى دۇنياسى ۋە بىزگە كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن بارلىق شەيئىلەرنى پەيدا قىلىپ ياراتقان ۋە ئۇلارغا ھازىرغىچىلىك خىمىيە، فىزىكا، تىبابەت، ئاسترونومىيىلەردە پەقەت ئازراق ئېچىلغان سىرلارنى ۋە قانۇنىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلگۈچى زات پەقەت بىر ئاللاھ دەپ ئېتىقاد قىلىش. يەنە بىر تۈپ دەرەختە قانچە تال يوپۇرماق بار، يوپۇرماقلارنىڭ شەكلى، تۈرى ۋە دۇنيادا قانچىلىك مىكروب بارلىقىنى ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە كەڭلىكىنى، نېمىدىن بىرىككەنلىكىنى، ھەربىر ئاتومدىن ھەرىكەتلىنىدىغان ۋە ھەرىكەتلەنمەيدىغان ئېلېكترونلارنى، ئۇنىڭ سانىنى، ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ئۇلاردىكى ھەرىكەتنى، جىم تۇرۇشنى، چوڭىيىدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلگۈچى زات بىر ئاللاھ، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى كىتابتا خاتىرىلەنگەن دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارى بولۇپ، بۇلارنى ياراتقان ۋە ساقلاۋاتىدۇ. بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىدۇ ۋە شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەربىر زەررىچىسىدىن شۇنداق



www.munber.org

نەرسىلەرنى قىلغانكى، ئۇ نەرسىلەر ئەقىللىق كىشىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەندۈرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ ئاللاھقا ئىشىنىشتىكى ئىككىنچى مەسىلە بولۇپ ئىنتايىن زۆرۈر. لېكىن ئىنساننىڭ مۆئمىن بولۇشى ئۈچۈن بۇنىڭغا ئىشىنىش يېتەرلىك بولامدۇ؟ بىرسى ئاللاھ ياراتقۇچى پەرۋەردىگار دېسىلا ئۇنى مۆئمىن دەمدۇق؟ ياق... بۇ يالغۇزلا يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ تولىسى بۇنىڭغا ئىشىنەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كۇففارلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىنى ئىنكار قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئەقىدىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋە ئۇلارنى جەڭگە تەكلىپ قىلغان. ئەگەر ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تەربىيىچىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا سوئال قىلىنسا ئۇلار بۇنى ئېتىراپ قىلاتتى. ھەرگىز ئىنكار قىلمايتتى. بەلكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى شەيتانمۇ ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. مەسىلەن ئۇ مۇنداق دېگەن:

﴿قَالَ رَبِّ بِمَآ أَغْوَيْتَنِي﴾

﴿ئى پەرۋەردىگارىم مېنى نېمە سەۋەبتىن ئازدۇردۇڭ؟﴾[1] ۋە

﴿قَالَ رَبِّ فَأَنظِرْنِي﴾

﴿ئى پەرۋەردىگارىم ماڭا مۆھلەت بەرسەڭ﴾[2] دېدى. ئىبلىسمۇ ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغۇچىدۇر.

[1] سۈرە ھىجر 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھىجر 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org



## ئاللاھ دۇنيانىڭ ئىگىسى

ئۈچىنچى مەسىلە: ئاللاھ دۇنيانىڭ ئىگىسى. دۇنيانى ئەركىن پادىشاھ مۈلكىنى ئىشلەتكەندەك ئىشلىتىدۇ، تىرىلدۈرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزدىن ئۆلۈمنى قايتۇرالامسىز؟

ئاللاھ تائالا مال ـ دۇنيا بېرىدۇ. پېقىر كىشىلەرنى سىنايدۇ. كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئەكىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى ئىتالىيىنىڭ شىمالىدا كەلكۈن كېلىپ شەھەرلەرنى ئېقىتىپ كەتتى، بىنالارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا ھىندىستاندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى. چارۋىلار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلدى. سۇ كېيىنىشكە بىلەن تارقىتىلدى. ئىتالىيىلىكلەرگە ئۇلار بىزار بولغۇدەك سۇ بەرگەن كىم؟ ھىندىستانلىقلارنى سۇغا تەشنا بولغۇچىلىك سۇدىن مەھرۇم قىلغان كىم؟ بەزىلەرگە قىز، بەزىلەرگە ئوغۇل بەرگەن كىم؟ بىر قىسىم ئاياللارنى تۇغماس قىلىپ قويغان كىم؟ مۇتلەق تۇغماس ئايالنى تۇغدۇرىدىغان قىلالامدۇ؟ ئاللاھ تائالا كىشىلەر قورساقتىكى ۋاقتىدا ئۆلۈمنى بېكىتىۋېتىدۇ. ئۇلار قېرىلىق ھالىتىگە يەتكۈچىلىك ئۆمرىنى ئۇزارتىپ بېرىدۇ. بەزى شەھەرلەرگە مۆلدۈر، قىراۋ ياغدۇرسا، بەزى شەھەرلەرنى قىزىتىۋېتىدۇ. بەزى شەھەرلەردە يەر تەۋرىتىدۇ. مانا بۇ كۆرۈپ تۇرىدىغان ئىش بولۇپ، ئىنسانلار بۇنى توسىيالمايدۇ ۋە قايتۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە كىشىلەر ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، خالىغانچە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. لېكىن مۇشۇنداق ئىقرار قىلىش مۇسۇلمان بولۇشقا يېتەرلىكمۇ؟ ياق... بەلكى ئاللاھ تائالا يالغۇز ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ دېگەندىن ئىبارەت تۆتىنچى مەسىلىگە ئىشىنىش لازىم.

ئەگەر كىشىلەر ئاللاھ مەۋجۇت، پۈتۈن دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى، ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى، دەپ ئىقرار قىلىدىكەن ئاللاھ بىلەن باشقىلارنى قوشۇپ

ئىبادەت قىلمايدۇ. ئاللاھقا قايسى شەكىلدە بولمىسۇن ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ.

ماڭا ئاللاھ سۈرە ناسنىڭ مەنىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا، پەرۋەردىگار، پادىشاھ ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان. لېكىن ئاللاھنىڭ يالغۇز، يېگانىلىقىنى ئىقرار قىلمىغان كىشىگە رەددىيە قىلىدۇ. مەن تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ مۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى كۆردۇم. بۇنىڭ توغرا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ: «مەن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى[1] ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى بىلەن پاناھ تىلەيمەن دېگىن» دەيدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانلار دېگەن سۆزنى تەكرار كەلتۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «ئۇلار» دېگەن ئالماشنى كەلتۈرمەستىن، ئىنسانلار دەپ ئۈچۈق كەلتۈرىدۇ؟ مەسىلەن: «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ پادىشاھى، ئۇلارنىڭ ئىلاھى» دېمىدى؟

ماڭا بىلىنگىنى (ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ) خۇددى پەرۋەردىگارىمىز ئۇلار ئېيتىدۇ، «مۇشۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بىرسى ـ بىرسىنى تولۇقلايدىغان ئۈچ مەسىلە بولۇپ، بىر ـ بىرسىگە چېتىشلىقى بىلەن ھەربىرسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مەسىلە. ئاللاھ تائالا (ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى) يەنى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە مۇھاپىزەت قىلغۇچىسى (ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى)، ئۇلارنى خالىغانچە ئىشلىتىدىغان ئىگىسى، (ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى) ئۆزى يالغۇزلا ئۇلارنىڭ ئىبادىتىگە لايىق زات. ئىبادەتتە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش توغرا ئەمەس...»

بۇ ئايەتنىڭ تەلىپى، ئۈچ مەسىلىنى بىر پۈتۈن تەستىق قىلىشلار ياكى بىر پۈتۈن ئىنكار قىلىشلار لازىم. بىرىنچىسىنى، ئىككىنچىسىنى تەستىق قىلىپ ئۈچىنچىسىدىن باش تارتىشلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىرسى ـ

[1] ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى



www.munber.org



بىرسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۈچ مەسىلىنى قانداق ئايرىۋېتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن بەزىسىنى قوبۇل قىلىپ، بەزىسىنى قوبۇل قىلمايسىلەر؟

ئۈچىلا مەسىلە ئىسپاتلىنىشتا باپباراۋەربولۇپ، ھۆكۈمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

## ئاللاھنىڭ بىرلىكى

ئاللاھ تائالانى پۈتۈن دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى، دۇنيانىڭ ئىگىسى دەپ ئىشىنىش دىلنىڭ ئىشى ۋە ئىنسان ئېتىقاد قىلىدىغان ئەقىدە. ئەمما ئاللاھنى «ئىلاھ» دەپ ئىشىنىش ئېتىقاد جەھەتتە يېتەرلىك بولمايدۇ. بەلكى ئىشىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش قىلىش، ئىبادەت قىلىش، ئاللاھنى يالغۇز دەپ بىلىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىسا ياكى شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىبادەت قىلسا، ئاللاھ تائالانى پۈتۈن دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى، ئىگىسى دەپ ئېتىقاد قىلسا ۋە تەستىقلىسىمۇ مۆئمىن بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئىبادەت دېگەن نېمە؟ ئىنساننىڭ ئېسىگە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغىنى ئاللاھنى ئەسلەش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلار. بۇ راست توغرا. لېكىن ئىبادەت دېگەن بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئىسلام قانۇنى توسمىغان ھەرقانداق مەنپەئەتلىك ئىشنى مۆئمىن ئادەم ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ قىلغان بولسا، ئىبادەت بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بېجىرىشكە قۇۋۋەت تېپىشقا تاماق يېگەن بولسا بۇمۇ ئىبادەت بولىدۇ. ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى ئىپپەتلىك ساقلاش ئۈچۈن توي قىلغان بولسا بۇ تويمۇ ئىبادەت بولىدۇ. ياخشى نىيەت بىلەن تىجارەت قىلغان بولسا بۇمۇ ئىبادەت بولىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەرنى



www.munber.org

بىقىش، بىلىم ئىگەللەش، ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھنامە ئېلىش قاتارلىقلارمۇ ئىبادەت بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئىشىنى قىلىش، ئېرىنى كۈتۈش، باللىرىنى ياخشى تەربىيلەشمۇ ئىبادەت بولىدۇ.

ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىنسانغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلا لِيَعْبُدُونِ﴾

﴿مەن جىن ۋە ئىنساننى پەقەتلا ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم﴾[1] دېگەن سۆزىدە مەقسەت قىلىنغان مەنە بولۇشى مۇمكىن.

## ئىبادەتنىڭ روھى

ئىبادەتنىڭ روھى ۋە جىسمى بار بولۇپ، روھى بولسا ئىبادەتكە ئۇندەيدىغان ئەقىدە ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيدىغان غايە. جىسمى بولسا، تىلنىڭ سۆزلىشى، جىسمنىڭ ھەرىكەتلىنىشى قاتارلىق ئەزالارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدۇر. مەسىلەن: ناماز ھەرىكەت قىلىش، سۆزلەش، ئۆرە تۇرۇش، ئېگىلىش، باش قويۇش، قۇرئان ئوقۇش، زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى نامازنىڭ جىسمى. ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچى تەۋھىدى توغرا، ئەقىدىسى ساغلام، مەقسىدى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش بولمىسا ناماز روھسىز ئۆلۈك جەسەتكە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

[1] زارىيات 56



www.munber.org



## ئاللاھنى بىر بىلىشتىكى ئاساس

بىز چوقۇم ئاللاھ يالغۇز ھالدا پايدا يەتكۈزگۈچى، زىيان يەتكۈزگۈچى دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. بۇ توغرىسىدا ئازراق سۆزلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقان. پۈتۈن دۇنيانى يوق يەردىن پەيدا قىلغان. دۇنياغا ھەممە نەرسىنى تارقاتقان. بىزگە ئەقلىنى بەرگەن ۋە بىزدىن: «ئەقلىڭلار بىلەن مەن ياراتقان نەرسە بىلەن مەن ياراتقان نەرسىلەردە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاسمان ـ زېمىندىكى نەرسىلەرگە قاراڭلار» دېگەن.

بىز قاراپ بۇ نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى ۋە بەزىسىنى ـ بەزىسىگە ھۆكۈمران قىلىپ قويغانلىقىنى بايقىدۇق. مەسىلەن: ئوت قۇرۇق دەرەخقە تەگسە دەرەخنى كۆيدۈرىدۇ. ئوتقا سۇ سېپىلسە ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. پاشىنىڭ بىر خىلى ئادەمنى چاقسا، ئادەم «مالارىيا» كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. «كىنا» دەرىخىنىڭ پوستىدا بىر خىل ماددا بولۇپ بۇنى شۇ ئادەمگە ئىچكۈزسە ياكى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇلسا ھېلىقى كېسەلدىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق، بىرسى ـ بىرسىگە بىرىكىپ يېڭى ماددا مەيدانغا كېلىدىغان قىلغان. مەسىلەن: «خلور»، «سۇرىيۇم»[1] ھەرئىككىلىسى زىيانلىق ماددا. ئەگەر ئىككىسى بىرلەشتۈرۈلسە، ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر ۋە پايدىلىق بولغان ئاشتۇزى مەيدانغا كېلىدۇ.

❶ بىز بۇ مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىلەرنىڭ بىز تەبىئەت قانۇنى دەپ ئاتەتلەنگەن دۇنيادىكى ئۆزگەرتىلمەيدىغان مۇئەييەن ئۇسۇل ۋە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئەگىشەلەيدىغانلىقىنى بايقىدۇق.

[1] سۇرىيۇم ـ ناترى (Na). خلور ـ Cl يەنى Na Clدۇر.



www.munber.org

❷ بىز تەبىئەت قانۇنى دەۋالغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچنى كۆيدۈرىدىغان ئوت بىلەن ياغاچ تېرىسىدىكى ۋە سۇ ئۆچۈرىدىغان ئوت بىلەن سۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا ئالاقىغا ئوخشاش. بۇنىڭ ھەممىسى ئاددىي ۋە ئىنچىكە ئەمەس. بەلكى ناھايىتى نازۇك ۋە چوڭقۇر.

ئاللاھ تائالا مۇشۇ دۇنيادا ھەرقانداق كىشىلەرگە دورا بولىدىغان نەرسىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. بىراق كۆزگە كۆرۈنىدىغان يەردە ئىشلىتىشكە تەييار قىلىپ قويمىدى. مەسىلەن: شىپالىق دورا «پېنىسىلىن» ئۆلتۈرگۈچ زەھەر دەپ قارالغان سېسىپ قالغان يېشىل نەرسىلەردە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇنداقلا ئەڭ خۇشپۇراقلىق ئەترلەر، چىرايلىق رەڭلەر پۇراق جەھەتتە ئەڭ سېسىق، شەكىل جەھەتتە ئەڭ سەت بولغان «سىمۇلا» ئىسملىك ناچار قارا ماددىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن ئەتىر ۋە رەڭلەر چىقىدۇ.

پەرۋەردىگارىمىز بۇ نەرسىلەرنى يېقىن ئورۇنلاردا قويماستىن، بەلكى باشقا ماددىلارغا ئارىلاشتۇرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىش، تەجرىبە قىلىشقا مۇھتاج بولىدىغان قىلغان. كىمكى «تىرىشچان ئوقۇغۇچى» دېگەن كىتابنى ئوقۇيدىكەن، بىر گىرام «رادىيوم» نى چىقىرىش ئۈچۈن چوڭ بىر دۆڭنى قېزىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، داۋاملىق بىر نەچچە يىل ئىشلەش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

❸ بىز ھازىرغىچە دۇنيانى ياراتقان زات ئورۇنلاشتۇرغان بۇ دۇنيانىڭ سىرلىرىدىن پەقەت دېڭىزنىڭ تامچىسىدەكلا كەشىپ قىلالىدۇق. بۇ سىرلاردا ھەيران قالارلىق ئىشلارنى كۆردۇق. بىز بىلگەن بۇ بىر تامچە ئىلمىنى «ئىلىم ـ پەن» دېگەن نام بىلەن يېزىپ چىقتۇق. مەسىلەن: جانلىقلار ئىلمى، خىمىيە، فىزىكا، فىزىئولوگىيە، تىبابەتچىلىك ئىلىملىرى ۋە باشقىلار.





❹ بىز تۆۋەندىكىلەرنى بايقىدۇق. دۇنيادا بىزگە پايدىلىق نەرسىلەر زىيانلىق نەرسىلەرمۇ بار. پايدا ـ زىيان ئىككى خىل شەكىلدە. ئۇنىڭدىن بىزگە كەشىپ قىلىپ ساھەسىگە كىرگۈزگەن تەبىئەت قانۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئاشكارا تەسىرچانلىقى بار. مەسىلەن: زەھەرلىك ماددىنى يېگەندە ئۇنىڭدىن ئاشكارا سەۋەبسىزلىرى بار. ھەم ھەممىزگە تونۇشلۇق بولغان قانۇنىنىڭ سىرتىدا بولىدىغىنى بار. يەنە مەسىلەن: تېنى ساغلام، كۈچلۈك كىشىنىڭمۇ تۇيۇقسىز يۈرىگى توختاپ قالىدۇ. بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيمىز. بۇنىڭ ھەرئىككىسى ئاللاھتىن. ئاللاھ ئۆزى يالغۇزلا پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى.

❺ ئاللاھ ئىنسانلارنى پايدىغا قىزىقىدىغان تەبىئەتتە ياراتقان بولۇپ، پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلارنى قوللاندۇرىدۇ ۋە زىياننى يامان كۆرىدىغان تەبىئەتتە ياراتقان بولۇپ، زىياندىن قېچىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكرىلەرنى ئىشلىتىدۇ ۋە مۇمكىن بولغان بارلىق كۈچ قۇۋۋەتلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ياردەم قىلىشلاردىن ئىسلام دىنىدا توغرا دەپ بەلگىلەنگىنى ۋە خاتا دەپ چەكلەنگىنى بار. ئىمانغا زىت كېلىدىغانلىرىمۇ بار. ئىسلام يولغا قويغان ياردەم تەلەپ قىلىش قايسى؟ چەكلەنگىنىچۇ؟

مەسىلەن: بالىڭىز كېسەل بولۇپ قالغاندا، دوختۇر خوشنىڭىزنى چاقىرسىڭىز ئۇ بالىڭىزنى تەكشۈرۈپ مۇنداق دورا يېسە بولىدىكەن دەپ بەرگەن بولسا، مانا بۇ ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان ياردەم. چۈنكى سىز ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغان تەبىئىي قانۇن بىلەن مۇشۇ قانۇننى بىلىدىغان كىشى بىلەن كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىغا ياردەم تەلەپ قىلدىڭىز. بىراق سىز ئىلمىسىز، قانۇنسىز ھالدا ئاللاھنىڭ كىتابى ياكى ھەدىستە ئىسپاتلانمىغان غايىب كۈچ بىلەن كېسەل داۋالايدىغان سېھىرگەر، پالچىنى چاقىرسىڭىز مانا بۇ ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ياردەم. ئەگەر سىز ئۆلۈپ كەتكەن



www.munber.org

دوختۇرنىڭ قەبرىسگە بېرىپ چاقىرسىڭىز دوختۇر كېسەلنى تەكشۈرەلمەيدۇ ۋە دورىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ چەكلەنگەن ياردەم سوراش.

ئەگەر كېسەلنى بىلگىلى بولمىسا، كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىغا دۇئا قىلىش ياكى سەدىقە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىلتىجا قىلسىڭىز بۇ توغرا ياردەم. ئەگەر سالىھ كىشىنىڭ قەبرىسىدە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىسىڭىز ئۆلۈك سىزگە دۇئا قىلىش ئۈچۈن تىلىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدۇ ۋە كېسىلىڭىزنى داۋالىيالمايدۇ. مانا بۇ چەكلەنگەن ياردەم تەلەپ قىلىشتۇر. دوختۇر دەپ بەرگەن دورىنى بالىغا ئىچۈرۈش ئارقىلىق شىپالىق ئىزدىسىڭىز بو توغرا. لېكىن دورا قەغىزىنى ئېلىپ ئۇنى قاتلاپ كېسەلنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويسىڭىز ياكى سۇغا چىلاپ سۈيىنى ئىچۈرسىڭىز ۋە مۇشۇ كېسەلگە پايدا قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلسىڭىز مانا بۇ چەكلەنگەن ياردەم. ئاللاھ سەۋەبىنى ئوچۇق قىلمىغان نەرسىلەر بىلەن ياردەم سوراش خاتا. تۇغماس ئايال بالىنى ئارزۇ قىلىپ دوختۇرلارنىڭ دورىسى بىلەن ياردەم تەلەپ قىلسا ۋە ئاللاھ چۈشۈرگەن ئىلىم قانۇنىغا مۇۋاپىق ھالدا چىقىرىلغان دورىلار بىلەن ياردەم تەلەپ قىلسا، چەكلەنگەن ئىش قىلمىغان بولىدۇ. لېكىن پەلەستىن قىز - خوتۇنلىرى ئېتىقاد قىلغاندەك رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى جۈمە كۈنى «قاسسىيۇن» تېغىدا ھالقا چالسا قورسىقىدا قالىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلسا ياكى قەبرە سالاسۇنىغا كونا لاتا چىگىپ قويۇش ئارقىلىق ياردەم ئىزدىگەن بولسا چەكلەنگەن ھارام ئىش قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. تەبىئي قانۇنلار بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە تەبىئي قانۇن بىلىدىغان كىشىنىڭ قېشىغا بېرىش ھەمدە «پايدا يەتكۈزگۈچى پەقەت بىرلا ئاللاھ، باشقىلار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ» دەپ پايدىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەتتىكى سەۋەبلەرنى قوللىنىش توغرا. ئەمما ئىلمىي تەجرىبە ئىسپاتلىمىغان، قۇرئان ياكى ھەدىستە بايان





قىلىنمىغان گۇمانى كۈچ - قۇۋۋەتلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىش چەكلەنگەن ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىگە خىلاپ.



www.munber.org

## ھالال ۋە ھارام قىلىش بىر ئاللاھقا خاس

بىز تەبىئەت قانۇنلىرىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئېرىشىۋاتقان بۇ مەنپەئەتلەر دۇنياۋى مەنپەئەتلەر. چۈنكى ئاللاھ ئەقلىمىزنى مۇشۇ قانۇنلارنى ئېچىش ئۈچۈن بەرگەن. بىز مادىدا دائىرىسىدە مۇشۇ دۇنيادا پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەيمىز. ئاخىرەتتە ئۆزىمىزنىڭ پايدا ـ زىيانىغا ئىگە بولالمايمىز.

ئاللاھ تائالا ئاخىرەت مەنپەئەتىنىڭ سەۋەبىنى ياراتتى. بۇ سەۋەب مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتۇر. ئاخىرەتنىڭ زىيىنىنىڭ سەۋەبىنىمۇ قىلدى. بۇ ھارامنى قىلىشتۇر. بىر نەرسىنى ھالال ـ ھارام قىلىش بۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئاللاھقىلا مەنسۇپ. بىرەر ئادەم ئۆز خاھىشى بىلەن بۇ ھالال، بۇ ھارام دېيەلمەيدۇ ۋە ئاللاھ مەجبۇرىيەت قىلمىغان ئىشنى مەجبۇرىيەت ۋاجىپ قىلالمايدۇ ياكى ئاللاھ ھارام قىلمىغان ئىشنى ھارام قىلالمايدۇ. كىمكى ھالال ـ ھارام قىلىشنى ئاللاھتىن باشقىغا نىسبەت بېرىدىكەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلماستىن شۇ كىشىگە ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. ياكى ئۇنى ئاللاھقا ئىبادەتتە شېرىك قىلىۋالغان بولىدۇ.

## ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، قورقۇش

ئىنسان ياخشى كۆرىدۇ ۋە يامان كۆرىدۇ. مەسىلەن: لەززەتلىك تاماقنى، چىرايلىق مەنزىرىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەر ئايالنى ياخشى كۆرىدۇ.. بۇ ياخشى كۆرۈشتە بىر قىسىم ئىبادەت كۆرۈنۈشلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

www.munber.org



ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

لېكىن بۇ ياخشى كۆرۈش شۇنداق تۇرۇپ ئىنسانىنىڭ بارلىق ياخشى كۆرۈشلىرىگە ئوخشاش چەكلىك، بەلگىلىك ھالدا بولىدۇ. بىز ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن مەنپەئەتلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز، ياكى بىز ياخشى كۆرگەن شەخسكە يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز. ئەگەر مەشۇق سەتلەشسە، تائام بۇزۇلسا، مەنزىرىنىڭ گۈزەللىكى يوقالسا ياخشى كۆرۈش ئاجىزلىشىدۇ. بەلكى ئۆچ كۆرۈشكە ئايلىنىدۇ. ئەمما مۆئمىن كىشى ھېس قىلىدىغان ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش چەكسىز ياخشى كۆرۈشتۇر. بىز بۇ دۇنيادا ياخشى كۆرىدىغان نەرسە پەقەتلا ئۇ نەرسىدىكى ئۇنى ياراتقان، يوق يەردىن بار قىلغان ۋە ئۇنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ، بىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشىمىز ئۈچۈن تەقدىر قىلىپ بەرگەن ئاللاھنى ياخشى كۆرىمىز ياكى ئۇنى كۆرۈش ئارقىلىق لەززەتلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز.

ئىنسان يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت، يىرتقۇچ ھايۋان، ئۆلتۈرگۈچ زەھەر، كۈچلۈك زالىم قاتارلىق نۇرغۇن مەخلۇقاتلاردىن قورقىدۇ. لېكىن بۇ قورقۇش قورۇتقۇچىدىن پەيدا بولغان يوشۇرۇن زىياندىن يىراق بولغان چەكلىك قورقۇشتۇر. ئەگەر بۇلار قورقۇتۇشتىن خاتىرجەم بولسا قورقمايدۇ. ئەمما ئاللاھتىن قورقۇش چەكسىز بولىدۇ. ئاللاھنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش تەۋھىدنىڭ ئاساسى ۋە ئىبادەتنىڭ روھىدۇر. شۇنى بىلىپ قويۇش كېرەككى، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ئىبنى فازىر قىلغاندەك ئاللاھقا غەزەل، ناخشىلارنى ئوقۇش ياكى رابىيەت تۇل ئەدەۋىيىنىڭ ئىلاھىي ئىشقى دەپ ئاتىۋېلىشى ئەمەس. ئاللاھتىن قورقۇش يامان كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ۋارقىراشلار ۋە بۇزۇقچىلىققا تۈرتكە بولىدىغان چىديالماسلىق ئەمەس. بەلكى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش بولسا ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە نەپسىنىڭ خاھىشىغا، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى يۇقىرى قويۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەكەلگەن نەرسىگە ئەگىشىش ئارقىلىق بولىدۇ.

www.munber.org

﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي﴾

﴿ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئەگەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار، دەڭ﴾[1] ئەگىشىش ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆلچىمى ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھ هارام قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىق، ۋە ئاخىرەتتىكى ساۋاب لەززەتنى مۇشۇ دۇنيادىكى گۇناھ بولىدىغان لەززەتتىن يۇقىرى كۆرۈش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئاللاھقا بويسۇنۇش مەخلۇقاتلارغا بويسۇنۇشقا ئوخشىمايدۇ. بىز بىر قىسىم ئىنسانلارغا بويسۇنىمىز. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىش رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلغانغا ئوخشاش ياكى ئىتائەت قىلىشقا، چاقىرغۇچىغا ماقۇل دېگەنگە ياكى خەتەردىن قورققانغا ئوخشايدۇ. خەلق باشلىققا بويسۇنىدۇ. بالا ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنىدۇ. خوتۇن ئەرگە بويسۇنىدۇ. بەزىدە كىشىلەر بويسۇنۇشنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، زىيان ـ زەخمەت يېتىشتىن قورقۇپ بويسۇنىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى چەكلىك بويسۇنۇش. توختامسىز بولغان چەكسىز ئىتائەت قىلىش ئەمەس. چەكسىز ئىتائەت ئاللاھقا خاستۇر. بارلىق نەرسىلەرگە بويسۇنۇش ۋە بىزنى خۇرسەن قىلىدىغان ۋە غەمكىن قىلىدىغان، ھېكمىتىنى چۈشەنگىلى بولىدىغان ۋە بولمايدىغان نەرسىگە ئىتائەت قىلىش بولسا ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنىڭ نەتىجىسى ۋە پاكىتى.

## ئاللاھنىڭ سۈپىتىنىڭ ئايەتلىرى

قۇرئان ئەرەب تىلى بىلەن چۈشۈپ ئەرەبلەرگە ئۇ ئارقىلىق خىتاب قىلىنغان. ئەرەبلەر ئەرەب تىلى ۋە ئۇنى تۈزۈلمىسى بويىچە ئەرەب قائىدىسىگە مۇناسىپ ھالدا قۇرئاننى چۈشەنگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى

[1] سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.munber.org



ھەقىقەت بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتىدۇ ياكى مەجازى بولۇپ شۇ قائىدە بويىچە چۈشىنىدۇ. بۇ توغرا چۈشىنىش بولىدۇ. بىراق بارلىق تىللار دۇنيادىكى ماددىۋى نەرسىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن بولغاچقا بىز ئىلاھى سۈپەتلەردىن باشقا ئىنسان سەزگەن نەرسىلەرنى بىلەلمەيمىز. بىز چىرايلىق دېگەن سۆزنى ھەرخىل مەنالاردا ئىشلىتىمىز. چۈنكى بىز باشقىسىنى بىلمەيمىز. مەسىلەن: چىرايلىق بار، چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈش، چىرايلىق ئايال دەيمىز. باغنىڭ چىرايلىقلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ چىرايلىقلىقىغا ئۇ ئايالنىڭ چىرايلىقلىقى ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئايالنىڭ چىرايلىقلىقى يۈز شەكلىدە بولۇپ بىر ـ بىرسىگە ئوخشىمايدۇ. بىزدە بۇنىڭ ھەممىسىگە پەقەت بىرلا سۆز بار. ئەگەر تىل ئىنساننىڭ سېزىمىنى بىلىشتىن ئاجىز ۋە تار كەلسە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشتىن ئىنتايىن ئاجىز ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا سىزنىڭ سۈپەت ئايەتلىرىدە كەلگەن سۆزلەرنى لۇغەت مەنىسى بىلەن چۈشىنىشىڭىز توغرا ئەمەس. «ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدە» دېگەن ئايەتنى ئاللاھنىڭ سۆزى جەھەتتە، ئاللاھنىڭ بىزنىڭكىگە ئوخشاش قولى بار دېيىشىمىز خاتا. مانا بۇ سۈپەت ئايەتلىرى ئۈنىڭغا بويسۇنۇشتىكى ئاساس. ئاللاھنىڭ

﴿لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ﴾

﴿ئاللاھقا ئوخشاش ھېچنەرسە يوق﴾[1] دېگەن سۆزى ياراتقۇچىنىڭ يارالغۇچىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا سۈپەت ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يوق قىلىۋېتىش ۋە مەنا ئۆزگەرتۈرۈلمايدۇ دېيىش توغرا ئەمەس. ئاللاھ قۇرئاننى مەنىلىرىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن چۈشۈرمىگەن ۋە ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتۈرۈلمايدىغان كېرەكسىز سۆز قىلمىغان. ئۇنداقتا سۈپەت ئايەتلىرىنى قانداق چۈشىنىسىز؟

[1] سۈرە شۇرا 11ـ ئايەت.



www.munber.org

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئۈچ خىل شەكىلدە ئىكەنلىكى بىلىندى.

1 ـ ئاللاھ تائالادىن خەۋەر بېرىش يولى بويىچە كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ ﴿الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾
﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ئاللاھ ئەرشكە كۆتۈرۈلدى﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش ئايەتلەر. بىز ئاللاھ ئەرشكە ئۆرلىمىدى دېمەيمىز. چۈنكى بىز بۇنداق دېسەك، ئاللاھ ئىسپاتلىغان نەرسىنى يوققاتقان بولىمىز. ۋە يەنە ئاللاھ ئولتۇرغان كىشى ساپاغا ئۆرلىگەندەك ئەرشكە ئۆرلىدى دېمەيمىز. ئەگەر شۇنداق دېسەك خالىقنى مەخلۇققا ئوخشاتقان بولىمىز. لېكىن بىز بۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئاللاھنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىدى بار بولۇپ بىز ئۇنى چۈشىنەلمەيمىز. چۈنكى ئاللاھ بۇنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرمىدى. ئىنساننىڭ ئەقلى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك ئۇنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ ۋە تەپسىلىي بىلەلمەيدۇ. بەلكى بىز ئۇنىڭدا ساھابىلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىمىز. ئۇلار ئۇ توغرىدا ئىزدەنمىگەن ۋە ھېچقانداق گەپ قىلمىغان.

2 ـ ئىستاستىكا ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدا شەكىلداشلىق بىلەن تونۇلغان ئۇسلۇب بويىچە كەلگەن ئايەتلەر، بۇ ئۇسلۇب بويىچە كەلگەن ئايەتلەر نۇرغۇن. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ «ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنى ئۇنۇتتى» دېگەن سۆزىدە كەلگەن «ئۇنتۇش» دېگەن ئەستىن مەلۇماتىدىن يوقاپ كېتىش دېگەن بولىدۇ. بىراق «ئاللاھ ئۇلارنى ئۇنۇتتى» دېگەن سۆز شەكىلداش مەنادا كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردىن بىر خىل مەنا چىقمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنتۇمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ:
﴿وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا﴾

[1] سۈرە تاھا 5 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿سىزنى پەرۋەردىگارىڭىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ﴾[1] دېگەن بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگە ئوخشاش مەقسىدى تەپسىلىي بولمىغان نەرسىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنمايمىز. «ئۇلار ئاللاھنى ئالدايدۇ ۋاھالەنكى ئاللاھ ئۇلارنى ئالدايدۇ».

## ھۆكۈم ئايەتلىرى ۋە مۇتەشابىھ ئايەتلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ئېنىق، لەۋزى ئوچۇق ھۆكۈم ئايەتلىرى بارلىقىنى ۋە مەزمۇنى نامەلۇم ئايىتى مۇتەشابىھلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى. بىز مۆئمىنلەر ئايىتى مۇتەشابىھاتلار ۋە سۈپەت ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇرلاپ كەتمەسلىكىمىز ۋە كىشىلەرنى پىكىرگە سېلىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە قانداق چۈشەنگەنلىكى

ئىسلام دىنىنىڭ پەزلى بولغان بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بۇ توغرىدا سۆزلىمىگەن ۋە چوڭقۇرلاپ چۈشەندۈرمىگەن. بەلكى ئاللاھنىڭ مەقسىدى بويىچە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كەلگىنى بويىچە ئىمان كەلتۈرگەن.

مەنتىقە مەيدانىغا كېلىپ ئىسلام ئەقىدىسىدە گۇمان پەيدا قىلغان ئالىملار مەيدانغا چىققان ۋاقىتتا ئالىملار بۇنىڭغا رەددىيە قىلىشقا يۈزلەندى. سۈپەت ئايەتلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى ۋە ئۇنى ئەرەب قائىدىسى ئارقىلىق

[1] سۈرە مەريەم 64 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئەسلى مەنىسى بويىچە چۈشەنگىلى بولمىسا «ماجاز» ياكى «تەئۋىل» دېيىلىدىغان باشقا بىر مەنالاردا چۈشەندۇردى.

بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئىلگىرىكىلەرنىڭ يولى توغرا. كېيىنكىلەرنىڭ يولى مۇستەھكەم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايەتلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. كىمكى بۇ ئايەتلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلسا ياكى تامامەن بىكار دەپ مەنىسىز قىلىۋەتسە كاپىر بولىدۇ ۋە ئايەتلەرنى ئىنسانلار تىلى بويىچە چۈشەنسە ۋە ئاللاھنى ئىنسانغا سېلىشتۇرسا خالىقنى مەخلۇققا سېلىشتۇرغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولىدۇ. يول خەتەرلىك، جىلغا ھالاكەتلىك بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلماسلىق قۇتۇلۇشتۇر.

## ئىبادەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرى

دىل پايدا ـ زىيان ھەممىسى ئاللاھتىن، ھالال ـ ھارام قىلىش ئاللاھقا خاس، چەكسىز ياخشى كۆرۈش، چەكسىز قورقۇش، چەكسىز بويسۇنۇش ئاللاھقا مەنسۇپ، دەپ ئىشىنىپ ئاللاھنى ئۇلۇغلايدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا، ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە كىچىك دەپ بىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئىشلىرىدىكى چەكسىز كاتتىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىشلار ـ دۇئا قىلىش، ناماز ئوقۇش، ئېگىلىش، باش قويۇش، كىشىلەرگە سەدىقە قىلىش، قۇربانلىق قىلىش، مەدھىيىلەش، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دەپ تەسبىھ ئېيتىش قاتارلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن مۆئمىن ئادەم بۇنى پەقەت ئاللاھقا قىلىدۇ. مۆئمىن ئادەم نامازنى پەقەت ئاللاھقا ئوقۇيدۇ. ئاللاھتىن باشقىغا باش ئەگمەيدۇ. ئاللاھتىن باشقىسىنى «مەن سېنى پاك دەپ ياد قىلىمەن» دېمەيدۇ. گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى ئاللاھتىنلا تىلەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭ ھەممىسى ئىبادەتنىڭ يىلىكى بولغان چەكسىز ئۇلۇغلاش



www.munber.org



كۆرۈنۈشلىرىدۇر. ئىبادەتنىڭ ئەڭ چوڭ كۆرۈنۈشى دۇئا. «دۇئا» دېگەن لۇغەتتە «چاقىرىش» دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنى سىزنىڭ سىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن ياردەم بېرەلەيدىغان ئىنساننى چاقىرىشىڭىزنى توسمايدۇ. بۇ بىر سۆزلەۋاتقان دۇئا ئەمەس بەلكى بىر مەقسەت قىلىۋاتقان دۇئا ماددىۋى سەۋەبسىز پايدىنىڭ كېلىشىنى، زىياننىڭ قايتىشىنى تەلەپ قىلىش بولۇپ، بۇنى پەقەتلا ۋاستىسىز ھالدا ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىبادەتنىڭ يىلىكى.

شىپالىق دوختۇر تىرىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى دوختۇر پەقەت دورىنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شىپالىق ئاللاھتىن، ئۇچۇق سەۋەبسىز پايدىنى پەقەت ئاللاھ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىپالىقنى ئۆلۈكتىن، جانسىز نەرسىلەردىن تەلەپ قىلماسلىقىمىز لازىم. مۆئمىن سەۋەب قىلىدۇ، ئاندىن تىلەيدۇ ۋە سەۋەبنى بىلمىگەن نەرسىنى ئاللاھتىن تىلەپ دۇئا قىلىپ «ئى ئاللاھ!» دەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئىشكى ئوچۇق دۇئايىم ئىجابەت، بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھتىن باشقىغا دۇئا قىلمايدۇ. ئاللاھقا دۇئا قىلىشتا ئوتتۇرىسىدا ۋاستە ئىشلەتمەيدۇ. مانا بۇ ئىبادەتنىڭ يىلىكى بولغان دۇئا.

## ئىبادەتنىڭ غايىسى

مەن يۇقىرىدا ئىبادەتنىڭ روھى ۋە جىسمى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئەقىدىلەرنى ئازراق چۈشەندۈرگەن ئىدىم. ھازىر بۇ مەقسەتتىن ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ئىبادەت قىلىشتىكى توغرا نىشان ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولۇشى كېرەك. بىز ئىبادەتنى مال ـ دۇنيا، مەنسەپ ياكى باشقىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلمايمىز. ئىبادەت بىلەن ئىسلاھات شۆھرىتى ئىرادە قىلمايمىز. مانا بۇ خالىس دەپ ئاتىلىدىغان

توغرا مەقسەتتۇر. بۇنىڭغا باشقا مەقسەتلەر ئارىلىشىدىكەن رىيادۇر. ئەمەلدىكى مەقسەتنى نىيەت بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى بىزدىن ئەمەلدىنلا سوراق قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ ئىشنى نىمە ئۈچۈن قىلغانلىقىمىزدىنمۇ سوئال قىلىدۇ. ئىش ـ ھەرىكەت توغرا بولسىمۇ، نىيەت توغرا بولمىسا ئۇ ئاللاھقا خالىس قىلىنغان بولمايدۇ. ياخشىلىقى بۇزغۇنچىلىققا، چىرايلىقى يىرگىنىشلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ناماز ئوقۇش توغرا ئىش. لېكىن ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نىيىتى باشقىلارغا كۆرسىتىش بولسا، ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىش، ئۇنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلمىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ نامىزى پايدا قىلمايدۇ. شۇڭا مۇھاجىرلارنىڭ ھىجرىتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. گەرچە يول بىر، مېڭىش كۆرۈنىشى ئوخشاش بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسى بولىدۇ، يامىنى بولىدۇ. دىنىنى مەقسەت قىلغان بولسا بۇ ھىجرەت ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان بولىدۇ. پۇل ـ مال، بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن قىلغان بولسا ھەرگىز ئاللاھ ئۈچۈن بولمايدۇ. كېچىكىپ قېلىپ ئىشقا ئالدىراپ تاماق يېمەي كۈن كىرىپ كەتكۈچە ھېچنەرسە يېمىگەن بولسىمۇ بۇ كىشى روزا تۇتقان ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئىسلام دىنىدىكى چەكلەنمىگەن ئىشلارنى توغرا نىيەت بىلەن قىلغان بولسا ئىبادەت بولىدۇ. ئىبادەت ھاياتلىقنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ: «مەن ئىنسان ۋە جىننى ئىبادەت ئۈچۈنلا ياراتتىم» دېگەن سۆزىنى توغرا چۈشىنىپ ھەربىر ئىش ھەرىكىتىمىزنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلساق بۇنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولىدۇ. ئىبادەت مۇشۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا مەخلۇقلاردىكى ئاساسىي نىشاندۇر.





## خۇلاسە

بىز ئاللاھ مەۋجۇت، يەككە ـ يېگانە، پايدا ـ زىياننىڭ ھەممىسى بىر ئاللاھتىن دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىز ۋە پايدىنى ئاللاھ مۇشۇ دۇنياغا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇن بويىچە تەلەپ قىلىشىمىز، دۇئانى ۋاستىسىز قىلىشىمىز، ئاللاھتىن باشقىغا دۇئا قىلماسلىقىمىز، ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىشىمىز، چەكسىز دوستلۇققا ئۈندەيدىغان دوستلۇقنى ئاللاھقىلا خاس قىلىشىمىز، ئاللاھ چەكلىگەن يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدىغان قورقۇشنى ئاللاھقىلا مەنسۇپ قىلىشىمىز، چەكسىز ئۇلۇغلۇق ۋە ئۇلۇغلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزھەرىكەتلەرنى ئاللاھقىلا مەنسۇپ قىلىپ بىرلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىشىمىز، قىلغان ئىبادىتىمىز بىلەن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى كىشىلەرنى مەقسەت قىلماسلىقىمىز لازىم.

## ئىلمىي تەتقىقات

ئاللاھ بىزگە ئەقلنى بېرىپ بىزنى دۇنيانىڭ سىر ۋە قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا بۇيرىدى. شۇڭا بىز ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپ دۇنيانىڭ سىرلىرىنى ئېچىش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇننى تونۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئىبادەت قىلغان ئىلاھ توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، پىكىر ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ. ئىبادەتنى خالىس ئاللاھقا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بىر شەرت سىرلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە، ھەرگىز زېمىندا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىپ ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىكىمىز لازىم.



www.munber.org

## گۇمان ۋە رەددىيە

نۇرغۇن كىشىلەر مېيىپلار ساناتورىيىسى، دوختۇرخانا، مەكتەپ سالىدىغان، كىشىلەرگە سەدىقە بېرىدىغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ بۇلارغا ئاخىرەتتە ساۋاب بېرىلەمدۇ؟ دەپ سورايدۇ. رەددىيە: ئاللاھ ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھېچقانداق كىشىنىڭ قىلغان ئىشنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ياخشىغا ياخشىلىقچە، يامانغا يامانلىقچە ئارزۇ قىلغىنىنى بېرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچى مۆئمىن بولسا ئاخىرەتكە ئىشىنىپ ئۇنىڭ ساۋابىنى تەلەپ قىلسا ئاللاھ ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. ئەگەر بۇ دۇنيانى، نام ـ ئاتاقنى، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشنى، تارىختا يېزىلىشنى ئارزۇ قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا ئارزۇ قىلغىنىنى بېرىدۇ. كاپىرلار ئاخىرەتنى ئارزۇ قىلمىسا سىز نېمە دەپ بۇنىڭغا غەمكىن بولىسىز؟ ۋە ساۋابى بېرىلمىسە قانداق بولىدۇ دەپ قارشىلىشىسىز؟

## پايدىسىز جېدەل

تەۋھىد كىتابلىرى تۆۋەندىكىچە جېدەللەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ ئىلمى زاتى بىلەنمۇ ياكى ئۆزى بىلەنمۇ ؟ يارىتىش رىزقى بېرىشكە ئوخشاش قاتارلىقلار...

ئاللاھنىڭ سۆزى توغرىسىدا جېدەل قىلىش چوڭ ئازغۇنلۇققا ئېلىپ باردى. بۇ مەسىلىلەرگە بولغان توغرا يول ئىزدەنمەسلىك، مۇنازىرىلەشمەسلىك.

بىرىنچىدىن: مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەۋزىلى ساھابىلار ۋە تابىئىنلار[1] مۇ بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىزدەنمىگەن. بۇلارنىڭ دىنى توغرا،

[1] تابىئىنلار- رەسۇلۇللاھدىن كېيىن دۇنياغا كېلىپ ساھابىلارغا ئەگەشكەنلەر.



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

ئىمانى ئەڭ راستچىل ياخشى ئىماندۇر. ئۇلار دىندا بىزنىڭ ئۈلگىمىز. ئىككىنچىدىن، كىمكى ھەرخىل گۇرۇھلارنىڭ سۆزىنى تەتقىق قىلىدىكەن ھەممىسىنىڭ بىر ئاساسقا قۇرۇلغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشىتىش، ئىنساننىڭ ئەقلى مەنتىقىسىغا تەتبىقلاش بۇنىڭ ھەممىسى خاتا. چۈنكى ياراتقۇچى يارالغۇچىغا ئوخشىمايدۇ ۋە ئاللاھقا ئوخشاش ھېچقانداق نەرسە يوق. چۈنكى بۇ ئىشلار غەيب دۇنيانىڭ ئىشلىرى، ئىمان ئاساسىنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتىكى بەشىنچى ئاساس، ئەقىل ماددىۋى دۇنياغا ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىز كېلىۋاتسا، ماددىنىڭ ئارقىسىدىكى مىتافىزىكا نەرسىلەرگە قانداقمۇ ھۆكۈم قىلسۇن... ۋە ئۇنى بىلەلىسۇن؟!

## بۇنىڭدىكى ھەق يول

مەن بىزگە پايدىلىق، بىزگە يېقىن بىر يېڭى نەرسىگە چاقىرىمەن. ئۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى جېدەلنىڭ تېمىسىنى ھاياتلىققا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئۇسۇلغا يۆتكەيمىز. قۇرئان توغرىسىدا جېدەللىشىشنىڭ ئورنىغا، قۇرئاننى ئاللاھ بىزنىڭ ئەمەل قىلىشىمىز ئۈچۈن چۈشۈرگەن، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىمىز، چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىشىمىز، ئاللاھ تائالا توغرىسىدا تالىشىشنىڭ ئورنىغا ئاللاھ بىزنىڭ مەخپىي، ئاشكارا، يالغۇز، كۆپچىلىك بىلەن قىلغان بارلىق ئىشلىرىمىزدىن خەۋەردار بولسا، بىز ھاياتلىققا پەرۋەردىگارىمىزنىڭ قانۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا مېڭىشىمىز لازىم دەيمىز،. مانا بۇ ھەقىقەت. مۇشۇنداق قىلغان كىشى ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدە جېدەللەشكەن كىشى يېقىندا مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئالىي كومىتېت كېلىپ سىلەردىن ئىمتىھان ئالىدۇ دېيىلگەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشايدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىللىقلىرى بۇ كومىتېت ئىمتىھان ئالىدىغان بولسا مەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ تەييارلىق قىلىشىم كېرەك دەيدۇ. ئەخمەقلەر بولسا، ئىمتىھان قانداق بولىدىغاندۇ؟ ئىمتىھاننى كومىتېتتىكى ھەممە كىشى ئالامدىغاندۇ؟ ياكى بىر نەچچىسى ئالامدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ سانى جۈپمۇ؟ ياكى تاقمۇ؟ ئۇلار ماشىنا بىلەن كېلەمدۇ ياكى ئايروپىلان بىلەن كېلەمدۇ؟ دەپ داۋاملىق بۇ كومىتېت توغرىسىدا جېدەللىشىپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلماستىن ئىمتىھان كۈنلىرى كېلىپ قالامدۇ.

ئاللاھ قىيامەت كۈنى بىزدىن جېدەلخورلارنىڭ جېدىلى ۋە مەزھەپ ئىختىلاپلىرى توشقۇزغان كىتابلاردىن سوئال قىلمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلار ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بولغان بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار ئىزدەنگەن بولاتتى. بۇلار ئاساسسىز مېتافىزىك مەسىلىلەردە يېڭى پەلسەپە ئىگەللەپ، گۇمان چۆللىرىدە ئېزىپ كەتكەن قەدىمىي يۇنان پەلسەپەلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھنىڭ كىتاۋىنى ئالدىمىزدا قويۇپ ئۇنىڭغا يۈزلىنەيلى. قۇرئاندا دېيىلگەن غەيب ئىشلارغا ئىشىنىپ بىزدىن يوشۇرۇن بولغان بىز ئۇقالمىغان مەسىلىلەرنى ئاللاھقا تاپشۇرايلى!...





## ئىماننىڭ كۆرۈنۈشلىرى

ئىمتىھاننىڭ يېقىنلاپ بىر ھەپتە قالغانلىقىغا ئىشەنگەن، ئىمتىھان تەييارلىقىنى قىلمىغان بەلكى ئويۇن - تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئوقۇغۇچى ئىمتىھاننىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىگە ئىشەنمىگەن بولىدۇ. يولدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىنى نىشانغا يېتىدىغان يولغا باشلاپ قويسىڭىز سىزگە ئىشەنسە، ئاندىن سىز كۆرسىتىپ بەرگەن ئوڭ تەرەپكە ماڭماي سول تەرەپكە ماڭسا ئۇ سۆزىڭىزگە تولۇق ئىشەنمىگەن بولىدۇ. ئۇنداقتا كامىل ئىماننىڭ تەسىرى مۆئمىن ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدە، يۈرۈش - تۇرۇشىدا نامايەن بولىدۇ.

### ئىمان ۋە ئەمەل

ئىمان ئەمەلدىن ئايرىلمايدۇ. ئەمەل ئىماننىڭ نەتىجىسى. ئەمەل بولسا ئىماننىڭ كۆرۈنىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىماننى ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىر جايدا كەلتۈردى.

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ❖ الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ ❖ أُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا﴾

﴿پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە، دىللاردا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا كامىل مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار مۇكەممەل ناماز



www.munber.org

ئوقۇيدۇ، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن سەرپ قىلىدۇ، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردۇر.﴾[1]

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَإِذَا كَانُوا مَعَهُ عَلَى أَمْرٍ جَامِعٍ لَمْ يَذْهَبُوا حَتَّى يَسْتَأْذِنُوهُ﴾

﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر كامىل مۆئمىنلەردۇر. ئۇلار بىرەر ئىش ئۈستىدە پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغدا پەيغەمبە ردىن ئىجازەت سورىمىغىچە كېتىپ قالمايدۇ.﴾[2]

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ ❖ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ ❖ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ ❖ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ ❖ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ❖ إِلا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ❖ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاء ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ ❖ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ ❖ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ﴾

﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار نامازلىرىدا ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر، ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر، ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر، پەقەت جۆرىلىرىدىن، خوتۇنلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر، ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ، بۇنىڭ سىرتىدىن تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقانلاردۇر، ئۇلار يەنى مۆئمىنلەر ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە، ۋەدە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلغۇچىلاردۇر.﴾[3]

[1] سۈرە ئەنفال 2 ـ 3 ـ 4 ـ ئايەتلىرى.
[2] سۈرە نۇر 62 ـ ئايەت
[3] سۈرە مۆئمىن 1 ـ 9 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org



﴿لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾

﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشىڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئامالسىز قالغان مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىششىگە پۇل ـ مال يااردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەلگە ۋە ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.﴾[1]

## ئىمان كۆپىيدۇ

بىر قىسىم ئالىملار ئىماننى پارچىلايدىغان ئەقىدە دەپ ھېسابلاپ، ئىنسان مۆئمىن ياكى كاپىر ئىككىنىڭ بىرى، ئوتتۇرىسىدا بولمايدۇ. ئىمان كۆپەيمەيدۇ ۋە كېمەيمەيدۇ دېگەن پىكىرگە باردى. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر ئىماننىڭ ياخشى ئىشقا يېقىن قىلغىنىغا قاراپ ياخشى ئىش كۆپىيىش بىلەن ئىمان كۆپىيدۇ دەپ قارىدى. مانا بۇ ئوچۇق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. بۇ توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلارغا

[1] سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلسا ئىمان كۆپىيىدۇ... ئۇلارغا پەقەت ئىمان ۋە تەسلىم بولۇشنى كۆپەيتتى...»

## ئەمەل قىلماسلىق كاپىر ھېسابلانمايدۇ

ئەھلى سۈننەت ئالىملار ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنىڭ ھاراملىقىنى ئىنكار قىلماستىن قىلىپ سالسا،ياكى ۋاجىپ ئىشلارنى ئىنكار قىلماي تۇرۇپ قىلمىغان بولسا بۇنداق كىشىلەر ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ، لېكىن كاپىر بولمايدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ، دېگەننى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. ئەمما ھەدىستىكى «زىنا قىلغۇچى مۆئمىن ھالىتىدە بولمايدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى زىنا قىلغۇچى زىنا قىلغان ۋاقىتىدا ئاللاھ تائالا مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى بىلىپ تۇرغۇچى دەپ ئەسلىمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەسلىسە ئاللاھتىن ھايا قىلىپ قىلغان ئىشىدىن يانىدۇ دېگەنلىكتۇر. مۆئمىن ئادەم ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ تۇرۇپ ئاللاھتىن قانداقمۇ ھايا قىلمىسۇن؟...

## ئىماننىڭ مېۋىلىرى

ئىماننىڭ مېۋىسى قەلبكە مەنسۇپ ئىشلار بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرا ھەدىستە سۆزلىرىنىڭ يىغىندىسى، ئىنساننىڭ چۈشەندۇرىشى يېقىن كەلمەيدىغان پەيغەمبەرنىڭ چۈشەندۇرۇش پاكىتلىرىدىن بولغان تۆۋەندىكى ئىماننى تونۇشتۇرۇشتىكى بىر جۈملە سۆزگە ئىخچاملىغان: «سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئاللاھقا ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغىن.»





## ئاللاھنى ئەسلەش

ئىمان مېۋىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى ئاللاھنى ئەسلەش. مەن بىر سالىھ كىشىنىڭ مۇنداق بىر ئىشىنى ئاڭلىدىم. ئۇ كىشىنىڭ ناھايىتى ئىبادەت قىلىدىغان بىر تاغىسى بار بولۇپ، ئۇ كىشى تاغىسىغا خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇ تاغىسىغا مۇنداق دەپتۇ: «ئى تاغا! مەن سەندەك بولۇشۇم ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟»، تاغىسى ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ماڭا قاراپ تۇرغۇچى، قىلغان ئىشىمنى بىلىپ تۇرغۇچى، دەپ ھەركۈنى ئۈچ قېتىم دېگىن.» دەپتۇ. ئۇ كىشى مۇشۇنداق دەپ بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن تاغىسى ئۇنى ھەر نامازنىڭ كەينىدە ئۈچ قېتىم دېيىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ كىشى بۇنى بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن تاغىسى تىلدا دېيىشنىڭ ئورنىدا دىل بىلەن دېيىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ كىشى شۇنىڭ بىلەن دائىم زىكرى ئېيتىشقا ئادەتلىنىپتۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا زىكرى ئېيتىشقا بۇيرىغاندەك ھېچ ئىشقا بۇيرىمىدى. زىكرى ئېيتقۇچىلارنى ماختىغاندەك ھېچ كىمنى ماختىمىدى.

ئەگەر سەن زىكرى ئېيتقۇچىلاردىن بولاي دېسەڭ يالغۇز ھالىتىڭدە، كىشىلەر ئارىسىدا، بازاردا، يولدا ھەرۋاقىت، ھەرقانداق ھالدا ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ دىلىڭ، ئەقلىڭ بىلەن ئەسلەپ تۇرۇشۇڭ ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر سەن ئۈستىڭدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلساڭ ئۇنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ ئادا قىلدىم دەپ ئەسلىگىن، ئەگەر چەكلىگەن ئىشتىن يانساڭ ئاللاھ توسقانلىقى ئۈچۈن ياندىم دېگىن، ئەگەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلساڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلغىن، ئەگەر ئىككى خىل يولغا



www.munber.org

دۈچ كەلسەك دوزاختىن يىراقلاشتۇرۇپ جەننەتكە يېقىنلاشتۇرغان يولنى تاللىغىن، گۇناھ قىلىپ سالساڭ گۇناھىڭنى تونۇپ تەۋبە قىلغىن ۋە گۇناھىڭنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلىگىن.

﴿إِنَّ الَّذِينَ اتَّقَواْ إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبْصِرُونَ﴾

﴿تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىسا ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، خالاس تاپىدۇ.﴾[1] تىلىڭىز بىلەن زىكرى ئېيتىڭ. چۈنكى زىكرىنىڭ ئەۋزىلى دىل ۋە تىل بىلەن بولغان زىكرى. پىكرىنى يىغماي، چۈشەنمەي ئېيتقان زىكرى مەنىسىز سۆز بولىدۇ. خۇددى پەلەستىندە ئاللاھنى زىكرى قىلىشنى مەقسەت قىلماي، پېچىنە سېتىش ئۈچۈن «ئاللاھ سېخىي» دەپ توۋلاپ پېچىنە ساتقۇچىغا ياكى «ئاللاھ بار» دەپ توۋلاپ ئوسۇك ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. بەزىدە تىلنىڭ زىكرى خاتا بولىدۇ. مەسىلەن: مەسخىرە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ھاراق ئىچىۋاتقاندا ياكى ناخشىچى قىزلار ناخشا ئېيتىۋاتقاندا ئاللاھنى زىكرى قىلسا كاپىر بولىدۇ. زىكرىنىڭ ئەۋزىلى قۇرئان ئوقۇش، رۇكۇ قىلىش، سەجدىدە تەسبىھ ئېيتىش قاتارلىقلار. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىكى سوپا ـ ئىشانلارنىڭ ئۆتكۈزىدىغان ھەلقىلىرى (بىزنىڭ قارىشىمىزدا ئۇسۇل دېيىلىدۇ) ئۇنىڭدا تەكشى ھەرىكەتلەر ۋە نەغمىلەر بىلەن ئۆرە تۇرۇش، ئېگىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە تەسبىھ ئېيتىش، ھەمدى ئېيتىش بولماي بەلكى چۈشەنگىلى بولمايدىغان «ئاھ ـ ئۇھ ـ ئىھ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بارلىقى ئۈچۈن ھەنەپى مەزھەپىنىڭ باشچىسى ئىبنى ئابدۇفىينىڭ شەرھىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى قەتئىي ھارام، ئەگەر خۇدنى يوقىتىپ ئۆزىنى تۇتالماي ئۇنى توغرا دېگەن كىشى كاپىر بولىدۇ، دېيىلگەن.

[1] سۈرە ئەئراف 201 ـ ئايەت.



www.munber.org



## قورقۇنچ بىلەن ئۈمىد ئوتتۇرىسىدا

مۆئمىن ئادەم ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش بىلەن ئەپۇ قىلىشتىن ئۈمىدۋار بولۇش ئوتتۇرىسىدا بولۇشى كېرەك. مۆئمىن ئادەم ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئەسلەيدۇ ۋە قورقۇش غالىب كېلىپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولىدۇ. ئەمما كاپىر قەلبى قورقۇنۇچتا بولسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولىدۇ.

﴿لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾

﴿ئاللاھنىڭكى رەھمىتىدىن پەقەت كاپىرلار ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾[1] ئەگەر بەك ئۈمىدلىك بولۇپ كەتسە ئاللاھنى ئۇنتۇيدۇ.

﴿فَلاَ يَأْمَنُ مَكْرَ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْخَاسِرُونَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئازابىدىن زىيانكار كىشىلەرلا خاتىرجەم بولىدۇ.﴾[2]

سىز قورالسىز ۋاقتىڭىزدا چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئېتىلىپ كەلگەن يولۋاستىن، قاتتىق كەلكۈندىن قورقىسىز. ئۇنى قايتۇرىدىغان كۈچ يوق، لېكىن بۇ قورقۇش ئاللاھتىن قورقۇشقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قايتۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى بىزگە پۈتۈلگەن بولسا ئۇنىڭدىن ئاللاھسىز قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. مۆئمىن قورقۇنچ بىلەن ئۈمىد ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. ئەگەر نامازدا تۇرسا «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان» دەپ ئۈمىد ھېس قىلىدۇ. ئەگەر «قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى» دېسە قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدى قورقۇشتىن يۇقىرى. مۇسۇلمان پەرز ئىشلارنى ئادا قىلغان ۋاقىتتا، چەكلەنگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقان ۋاقىتتا ھەقىقىي قورققۇچىلاردىن بولىدۇ.

[1] سۈرە يۇسۇف 87 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 99 ـ ئايەت.



www.munber.org

www.munber.org

## تەۋەككۇل قىلىش

ئاللاھ:

﴿إِن كُنتُمْ آمَنتُم بِاللّهِ فَعَلَيْهِ تَوَكَّلُواْ﴾

﴿سىلەر ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بولساڭلار ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار﴾[1] ۋە

﴿إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ﴾

﴿ئاللاھ تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ﴾[2] دېگەن ئۇنداقتا تەۋەككۇل دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھەقىقىتىچۇ؟ بىز يۇقىرىدا ئاللاھ دۇنيادا پايدىلىنىشىمىز، زىيانلىقنىمۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىمۇ ياراتقان دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. تەۋەككۇل قىلىش سەۋەبلەرنى تەرك ئېتىش دېگەنلىكمۇ؟

سوپىيلىقتا تەۋەككۇل قىلىش سەۋەبنى تەرك ئېتىش دەپ قاراپ رىزقى ئىشلىمىسىمۇ قولغا كېلىدۇ، كېسەل داۋالىمىسىمۇ ساقىيىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىپ چۆل ـ باياۋاندا ئوزۇقسىز ماڭىدىغان، بىلىم ئۆگەنمەي ئالىم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر بار. بۇ ئىسلام قانۇنىغا قارشى ئېتىقاد. ئىسلام قانۇنى ﴿فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ﴾ ﴿زېمىندا تارقىلىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىڭلار﴾[3] ﴿ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى داۋالىنىڭلار﴾ «ئوزۇقلۇق ئېلىڭلار»...! دېگەن.

«ئىلىم ئۆگىنىش پەرز» ئىسلام قانۇنى بىلىم ئىگەللەشتىن ئۆزىچىلا كېلىپ قالىدۇ دەپ گۇمان قىلمىدى. سوپىلار ئىسلام دىنىغا قارشى ئىش قىلدى. ماددىزىمچىلار سەۋەب، سەۋەب قىلىنغان نەرسىنى قىلىدۇ، دورا شىپالىق بېرىدۇ، مۇتلەق تىرىشىشتىن نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى بەزىدە داۋالاشقا

---

[1] سۈرە يۇنۇس 84 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەت.
[3] سۈرە جۇمۇئە 10 ـ ئايەت.





www.munber.org

ئۇنۇم بەرمەي سەۋەب ئىگىسى ئامالسىز قالىدۇ. بەزىدە بىر ياتاقتا ئوخشاش ئىككى كېسەل بولۇپ ئۇنىڭ بىرسى ئۆلۈپ كېتىدۇ بىرسى ساقىيىدۇ. بەزىدە دېھقان يەرنى ئاغدۇرۇپ، ياخشى ئوغۇتلاپ ئۇرۇق سالىدۇ، كېيىن قاتتىق سوغاق ياكى ئىسسىق ياكى قۇرغاقچىلىق ياكى كەلكۈن ھەممىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. سەۋەب يالغۇزلا نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەمما ئىنسان سەۋەب قوللىنىپ نەتىجىسىنى ئاللاھتىن تىلىشى كېرەك. تۆگىنى باغلىساڭ، تۇرىشىنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل ۋە ئاللاھتىن ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى تىلە، مانا بۇ ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىش. تەۋەككۇل قىلىش دېگەن سەۋەب قوللانماسلىق، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ۋە ئاللاھنىڭ پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇش، پايدىنى ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن تەلەپ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس.

ھەرقانداق ئىشقا سەۋەب لازىم. سەۋەب قىلىش شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويي سۇنغانلىق ۋە دۇنيادىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئەگەشكەنلىك لېكىن سەۋەبنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. نەتىجە ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغۇچى تەلەپ قىلغان نەرسىگە ئېرىششى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىدۇ. توغرا بولغان ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىدۇ ۋە نىشانغا يەتكۈزگۈچى ئاللاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ. خالىغان نەرسىنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلىدۇ.

## تەشەككۈر ئېيتىش

شۈنىڭدىن كېيىن ئاللاھ بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن ئاللاھتىن رازى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەشەككۈر ئېيتىش سۈپىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

﴿وَمَن شَكَرَ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ﴾

﴿كىم رەھمەت ئېيتىدىكەن ئۆزىگە ئېيتىدۇ.﴾[1] ﴿وَسَيَجْزِي اللّهُ الشَّاكِرِينَ﴾ ﴿ئاللاھ تەشەككۈر ئېيتقۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾[2] شۈكرى ئېيتىش ئىماننىڭ مېۋىسى. ئەگەر بىر كىشى سىزگە ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىسىڭىز ئۇ ۋاستە بولغان تۇرۇقلۇق سىز ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ۋە يامانلىق قىلغان بولىسىز. ھەقىقي ياخشىلىق قىلغان زات ئاللاھ تۇرسا قانداقمۇ ئاللاھقا رەھمەت ئېيتمايسىز. ئاللاھ سىزگە كۆز، قۇلاق، سالامەتلىك، خاتىرجەملىك قاتارلىق نېئمەتلەرنى بەردى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ساناپ بولغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن نېئمەتلەرنى بەردى. ئىنسانلار ئاللاھ بەرگەن نېئمەتنى شۇ نېئمەت يوقىغان چاغدا تونۇيدۇ. چىش ئاغرىغاندا ساقلىقنىڭ نېئمەتنى تونۇيدۇ. ساقايسا ئۇنتۇيدۇ. بىر كۈنى بىر كوي پۇلغا ئېھتىياجلىق بولسا بايلىق نېئمەتنى تونۇيدۇ. ئەگەر بولسا ئۇنتۇپ قالىدۇ. توك توختاپ قالسا يورۇقلۇق نېئمەتنى تونۇيدۇ. توك كەلسە ئۇنتۇيدۇ. سىز ئاللاھنىڭ ئۆزىڭىزگە قىلغان نېئمەتنى ھېسابلاپ بولالمايدىغان تۇرسىڭىز يەنىلا ئاللاھقا رەھمەت ئېيتمامسىز؟ ...

ئاللاھقا تىلىڭىز بىلەن ھەمدۇسانا رەھمەت ئېيتىپ «ئاللاھقا ھەمدۇسانا بولسۇن ئى رەببىم مەدھىيلەش ساڭا خاس» دەيسىز. ئىش ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىپ بۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان

[1] سۈرە نەمل 40 - ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 144 - ئايەت.



www.munber.org



كىشىگە بېرىسىز. باي ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىپ پېقىرغا بېرىدۇ. كۈچلۈك ئاجىزغا ياردەم بېرىدۇ. پادىشاھ ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىپ ھەققەتنى ئىجرا قىلىدۇ. ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر سىز باي بولۇپ تاماق جوزىڭىزدا بەش خىل تاماق بولسا قورسىقىڭىز ئاچ بولسا ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرمەستىن تىلىڭىز بىلەن ھەمدۇسانا ئاللاھقا بولسۇن دەپ مىڭ قېتىم دېسىڭىزمۇ ئاللاھقا رەھمەت ئېيتقان بولمايسىز. ئەگەر دىلىڭىز بىلەن شۈكرى ئېيتسىڭىز ئاللاھتىن رازى بولۇپ باشقىلارغا ھەسەت قىلمىغان بولىسىز. كىمكى ئاللاھتىن رازى بولۇش بىلەن دىلىنىڭ شۈكرىسىنى، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن تىلىنىڭ شۈكرىسىنى بىرلەشتۈرسە ئۇ ھەقىقي شۈكرى قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ.

## سەۋرى قىلىش

مۇسۇلمان ئىككى نېئمەت ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ياخشىلىققا شۈكرى قىلسا ئەجرى بولىدۇ. زىيانغا سەۋرى قىلسىمۇ ئەجرى بولىدۇ. كەمبەغەلنىڭ سەۋرى قىلىشى باينىڭ شۈكرىسىگە تەڭ كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق.

﴿وَ الَّذِينَ صَبَرُواْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾

﴿سەۋرى قىلغۇچىلارغا ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەملىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.﴾[1]

بۇ دۇنيا نېئمەت ئورنى ئەمەس. كۆڭۈلسىز ئىشلار، كېسەل بولۇش، مالنى يوقىتىش، مەھبۇبەدىن ئايرىلىش، دوستىنىڭ خائىنلىق قىلىشى قاتارلىق خاتىرجەمسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. مانا بۇ ھاياتى دۇنيانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى. ئاللاھ:

[1] سۈرە نەھل 96 - ئايەت.

﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾

﴿بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. سەۋرى قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خوش خەۋەر بەرگىن﴾[1] دەيدۇ. سەۋر قىلغۇچىلار كۆڭلىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسىبەتنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. سەۋر قىلمىغۇچىلار ھېرىپ - چارچاپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بالايى - ئاپەتكە سەۋر قىلسىڭىز ئەجرىگە ئېرىشىسىز. ئەگەر سەۋرى قىلماستىن ئاللا - تووۋا قىلسىڭىز دەرد ئەلەمنى كۆپەيتىدۇ. بىزدىن ھېچنەرسىنى قايتۇرالمايدۇ. مانا بۇ بالايى ئاپەتكە سەۋر قىلىشنىڭ بىرىنچى تۈرى. ئىككىنچى تۈرى جىنايەت بولىدىغان ئىشلاردىن سەۋر قىلىشتۇر. ئويۇچۇق ئەۋرەتلەرنى كۆرگەن ياشنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا مايىل بولسىمۇ، ئاللاھتىن قورقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ ھەم ھارام قىلىنغان لەززەتنىڭ يولىنى تونۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى توسىدۇ. مانا بۇ سەۋر ھېسابلىنىدۇ. خىزمەتچى ئالتە ئايلىق مائاشقا تەڭ كېلىدىغان پارىنى ئالمىسا، ئوقۇغۇچى ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن بولسىمۇ جاۋابنى ئوغرىلىمىسا بۇلار سەۋرى بولىدۇ. گۇناھ بولىدىغان ئىشلار كۆڭۈلگە يېقىملىق بولۇپ ئىنسان بۇ ئىشلارنى قىلمىسا سەۋر قىلغان بولىدۇ. ئۈچىنچىسى ئىبادەتتىكى سەۋر، سوغۇق ئەتىگەندە ئۇيقىنىڭ ۋە ئىسسىق ئورۇننىڭ لەززىتىنى تەرك ئېتىپ ناماز بامداتقا تۇرۇش، رامىزاندا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىش ۋە مېلىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ زاكات بېرىش، سەدىقە بېرىش قاتارلىقلار سەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

دىن غېرىبلىشىپ، مۇسۇلمانلار كەمسىتىلىۋاتقان، ۋەتىنىدە خارلىنىپ ھەيدىلىۋاتقان، ئىشىسىز قېلىپ جاپا چەككەن بۇگۈنكى بۇزۇق زاماندا

[1] سۈرە بەقەرە 155 - ئايەت.



www.munber.org



مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش، تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ غالىب كېلىش سەۋر ھېسابلىنىدۇ. كىمكى بۇ ئىشلارغا ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ بەرداشلىق بەرگەن بولسا ئاللاھ سۈپەتلىگەن تۆۋەندىكى كىشىلەردىن بولالايدۇ: «سەۋر قىلغانلار ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار... ئۇلار سەۋرى قىلغانلىق سەۋەب بىلەن ئەجرى ئىككى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىل خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ.»

## شەرىئەت ھۆكۈمىگە بوي سۇنۇش

ئىمان دىلنىڭ ئىشى ۋە ئاللاھتىن باشقىسى بىلمەيدىغان بىر سىر. كىشىلەر ئۇچۇن ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بار. شۇڭا بىز مۆئمىننى مۆئمىن ئەمەس كىشىلەردىن سۆز - ھەرىكىتى بىلەن ئايرىيمىز، دەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئىسلام ئىماننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى. ئىسلام دېگەن سۆز لۇغەتتە بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش، باش ئېگىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بالا ئىشەنچ قىلىپ دادىسىغا بويسۇنىدۇ. ئاشىق مايىل بولۇپ مەشۇققا بويسۇنىدۇ. مەغلۇپ بولغۇچى قورقۇپ غالىب بولغۇچىغا بويسۇنىدۇ. ئەمما مۆئمىن ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ ھۆكۈمىگە چەكسىز بويسۇنىدۇ. بارلىق بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىدۇ. بىلسۇن - بىلمىسۇن ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن قەتئىي يانىدۇ ھەم يېنىش لازىم. بۇ بويسۇنۇشنىڭ ئىككى خىل تەرىپى بار بولۇپ، بىرىسى ئەمەلىي تەرەپ، ئۇ سۆز، ئىش - ھەرىكەت بىلەن ئىجرا قىلىنىشتۇر. (ئاللاھ خالىسا بۇ توغرىسىدا مۇشۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا مەخسۇس توختىلىمىز) يەنە بىرىسى روھى تەرەپ بولۇپ بىز بۇ توغرىسىدا

هازىر ئىزدىنىمىز ۋە ئىشىنىش توغرىلىق سۆزلەيمىز. بۇ تەرەپ دىلنىڭ رازى بولۇشى، كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەم بولۇشى، قانائەتلەنگەن ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىشى، ھارامنى قىلماسلىق، قەلبىمىزدە ئۇنىڭغا نارازى بولۇش ياكى زېرىكىش بولماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد، پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە﴾ بۇ ئەسلى تەرەپ.

﴿ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾

﴿ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئازراق غۇمۇ يوقالمىغۇچە ۋە پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.﴾[1]

مانا بۇ روھى تەرەپ. ئەگەر دىلىمىزدا بۇ ھۆكۈمگە توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە رازى، خاتىرجەم بولۇش بولمىسا، پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈزلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

﴿إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

﴿پەيغەمبەر مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرغان چاغدا ئۇلار چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ھالدا تىللىرى بىلەن ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق› دېيىشلىرى كېرەك، مانا مۇشۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾[2]

بىر قىسىم كىشىلەر ھېكمەتنى تونىسا بويسۇنۇپ، بولمىسا بويسۇنمايدىغاندەك شەرىئەت ھۆكۈمىدىكى ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى دائىم سورايدۇ. شەرىئەتتە ھېكمەت بارلىقىدا شەك يوق. لېكىن ئۇنىڭ بىر قىسمى دەلىل ئارقىلىق ئاشكارا بولىدى. بىر قىسمى

[1] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇر 51 ـ ئايەت.



www.munber.org



ئاشكارا بولمىدى. ئۇنداقتا بىزگە شەرىئەتنىڭ ھېكمىتى ئاشكارا بولمىسا پەرۋەردىگارىمىزغا ئاسىي بولامدىمىز؟ ئويلاپ بېقىڭ بالىڭىزنى بىر ئىشقا بۇيرۇپ چۈشەندۈرۈشكە ۋاقتىڭىز يەتمىسە ياكى ئاشكارىلاشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن مەقسەتنى ئۇقتۇرمىسىڭىز بالىڭىز ئىشنىڭ مەقسەت ۋە ھېكمەتنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشقا ماڭمىسا سىز بۇ بالىنى ماڭا ئاسىي بولدى دەپ ھېسابلىمامسىز؟ ياكى قايسى ھالەتتە بولمىسۇن بويسۇنۇشنى كۈتەمسىز؟ چۈنكى ئۇ سىزنىڭ بالىڭىز. سىز ئۇنىڭ دادىسى. ئەگەر ئوفىتسېرنى قوماندان بىر ئىشقا بۇيرىسا ئوفىتسېر ئۇنىڭدىكى نىشان ۋە مەقسەتنى بىلمىگەچكە ئىشنى بېجىرمىسە جازاغا تارتىلمامدۇ؟ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ھەققى ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا، قوماندانىنىڭ ئەسكەر بىلەن بولغان ھەققى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئاللاھنىڭ بىزدىكى ھەققى بىز كۆڭۈل خالىغان خالىمىغان، قىزىققان، قىزىقمىغان، رازى بولغان، بولمىغان ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھقا بويسۇنىشىمىز ۋە كۆڭۈل خاھىشىمىزنى رازى قىلىدىغان سۆزنى تېپىش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئۆزگەرسە ياكى چەتئەللىكلەرنىڭ مەدەنىيىتى غەربتىن شەرققە يۆتكەلسە تەتقىقاتىمىزنى يۆتكەپ يېڭى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئەكەلمەسلىكىمىز لازىم. بەلكى ئىسلام قانۇنى ۋە ئىسلام ھۆكۈمى بىلەن ئىش قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇشىمىز، ئۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن ئىشىنىشىمىز لازىم. مانا بۇ ئىسلام دىنى توغرا دەپ قارىغان ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالى.

## قوپاللىق ۋە مۇلايىملىق

ئىمانىنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە پاكىتلىرى دوست تۇتۇش، دۈشمەن تۇتۇش، ئاللاھنىڭ رازىلىقى بىلەن بولۇشتۇر. بىز ئاللاھقا بويسۇنۇپ ئاللاھتىن قورققان كىشىنى بىزگە پايدا يەتمىسىمۇ دوست تۇتىمىز، پاسىق كاپىر

كىشىدىن بىزگە زىيان يەتمىسىمۇ بىز ئۇنى دۈشمەن تۇتىمىز، ئۇ كاپىر بىزگە پايدا يەتكۈزگەن ۋە پايدىسى بىزنى مۇستەھكەم باغلاپ تۇرغان بولسىمۇ بىز ئۇلارنى قەتئىي يامان كۆرۈپ مەڭگۇ دۈشمەن تۇتۇشىمىز ۋە ئۇلاردىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. بۇ مۆئمىنىنىڭ كۆز قارىشىدا دىنى قېرىنداش قان ـ قېرىنداشلىقتىن ئەلا ۋە ئەقىدە بىرلىكى نەسەپ بىرلىكىدىن مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئوغلىنىڭ ياخشى ئىش قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ۋە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان ۋە مۆئمىنلەر بىلەن دىنغا قارشى چىققۇچى جاللاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزئارا دوست بولماسلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿لا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ﴾

﴿ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن.﴾[1]

كىشىلەر ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. بەلكى ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە قارشى چىقىشى چەكلىنىدۇ. ئەگەر دىنىنى قوبۇل قىلسا بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ. ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۇستىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئىسلامغا كىرمىگەن تەقدىردىمۇ ئىسلام ھۆكۈمىگە تەسلىم بولسا ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىمىز. مۆئمىن كىشى دىن ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ، دىن ئۈچۈن يامان كۆرىدۇ. دوست تۇتسا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇپ كەڭ قورساقلىق بىلەن بۇرادەرلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە بۇنى خارلىق ھېس قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدۇ. بىرەر كىشىنى

[1] سۈرە مۇجادەلە 22 ـ ئايەت.



www.munber.org



يامان كۆرگەن بولسا ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرگەنلىكىنى، دىنىنى قوغداشتا مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقىنى ۋە دىن دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشتا باتۇر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. مۆئمىن كىشى مۇلايىملىق بىلەن قوپاللىق، خۇشخۇيلۇق بىلەن قاتتىق قوللۇق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، مۆئمىن كىشىنىڭ مۇلايىم، خۇشخۇيلىقى دىنىدىكى بۇرادەرلىرى ئۈچۈن بولىدۇ. قوپاللىقى، يىرىكلىكى شەيتاننىڭ ياردەمچىلىرى ئۈچۈن بولىدۇ.

﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ﴾

﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىق، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر.﴾[1]

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! سىلەردىن كىم مۇرتەد بولىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان مۆئمىنلەرگە كۆيۈمچان كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.﴾[2]

مانا بۇ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلغاندىكى ئەھۋالى. بىز ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلمىدۇق. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىدۇق. قوپاللىقنى دوستلىرىمىزغا ئىشلىتىپ، دۈشمەنلىرىمىز ئالدىدا مۇلايىم بولدۇق. بىزنىڭ بۇ جىنايىتىمىز سەۋەبىدىن ئاللاھ بىزگە ئىمانسىز، بىزگە شەپقەت قىلمايدىغان زالىملارنى ھاكىمىيەت قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن

[1] سۈرە فەتھ 29 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئۇلار شەھەرلىرىمىزنى ئىگەللەپ بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولى مۇلايىملىق ۋە قوپاللىقنى جايىدا ئىشلىتىشتە.

## تەۋبە ۋە ئىستىغپار

ئاللاھ ئىنسانىنى يارىتىپ ئۇنىڭدا تەييارنى دوست تۇتۇش، ئارزۇنى ئۇزۇن قىلىش، مال بېقىشقا قىزىقىش، ئاياللارغا قىزىقىش، ئاچچىقلىنىش، ھۇجۇم قىلىش، ئىنتىقام ئېلىشقا تىرىشىش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە يەنە ئىنسانغا يامان ئىشلارنى ياخشى كۆرسىتىپ، يامانلىققا ئۈندەيدىغان شەيتاننى ھۆكۈمران قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. ئىنسان جىنايى قىلمىشى ۋە گۇناھتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟

ئاللاھ ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ تەۋبە ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ، بىز نام - ئەمەللىرىمىز يېزىلىپ تۈرىدىغان دەپتىرىمىزدىن قېلىپ قالغان گۇناھلىرىمىزنى خۇددى گۇناھ قىلمىغاندەك ئۆچۈرۈۋېتىشكە قادىر. بەلكى سىزدىكى قەرز دەپتىرى پايدا دەپتىرىگە يۆتكەۋاتقان سودىگەرنىڭ دەپتىرىگە ئوخشايدۇ، دېگەن مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِلا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلا صَالِحًا فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾

﴿پەقەت تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خارلانغان ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىۋېتىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[1]

ئىنساننىڭ تەۋبە قىلىشى توغرا بولسا تەۋبىنىڭ ئىشكى ئوچۇق. ھەقىقىي تەۋبە قىلسا قوبۇل قىلىنىدۇ. تەۋبىنىڭ ئىشكى ئۆلۈم ھازىر بولغان

[1] سۈرە فۇرقان 70 - ئايەت.



www.munber.org



(جان ھەلقۇمغا كەلگەن) ۋاقىتتىن باشقا چاغدا تاقىلىپ قالمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى تەۋبە دېگەن ئاللاھقا ئىختىيارى ھالدا قايتىش دېگەنلىكتۇر. ئىختىيارى بولمىغاندا قىلغان ئىقرار پايدا بەرمەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا التَّوْبَةُ عَلَى اللّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السُّوَءَ بِجَهَالَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ فَأُوْلَـئِكَ يَتُوبُ اللّهُ عَلَيْهِمْ وَكَانَ اللّهُ عَلِيماً حَكِيماً ❖ وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّى إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الآنَ وَلاَ الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ﴾

﴿ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.﴾[1]

تەۋبە شەرتلىرىنىڭ بىرىنچىسى: يامانلىقتىن قول ئۈزۈش، ئۇنى قايتا سادىر قىلماسلىقنى مەقسەت قىلىشتۇر. ئەگەر سىز يولدا مېڭىۋاتقان بولسىڭىز بىرسى دېرىزىنى ئېچىپ سىزگە يۇندا چاچسا، سىز ئۇنى تىللىسىڭىز ئۇ يەنە چېچىپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتسا ياكى توختىسىمۇ ئەتىسى يەنە يۇندا چاچسا سىز ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلالامسىز؟

تەۋبىنىڭ روھى ۋە جەسىدى بار. روھى گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىنى سېزىش. جەسىدى يامان قىلىقلاردىن يېنىشتۇر. خۇددى يولدا كېتىۋېتىپ بۇ سىزنىڭ مەقسەت قىلغان يولىڭىز ئەمەس، دەپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋىۋىسكىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى سەزگەن كىشىگە ئوخشاش. مانا بۇ ئەسلى سېزىم.

[1] سۈرە نىسا 17 - 18 - ئايەتلەر.

ئەگەر خاتالىقنى تونۇش بولمىسا توغرىسىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بىراق تونۇش بىلەنلا توختاپ قالسا تونۇپ يەتكەن توغرا ئىشنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلمىسا، خاتا يولدا داۋاملىق مېڭىۋەرسە بۇ كىشىگە يولنىڭ خاتالىقنى تونۇغانلىقنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بەلكى بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ جىنايەتكار بولىدۇ. چۈنكى بىلمەستىن خاتالاشقان كىشىنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما بىلىپ تۇرۇپ قەستەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى شەرت، قىلغان يامانلىقنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق قىلىش، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئورنىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ھەقىقىي تەۋبە بولۇش ئۈچۈن يامان ئىش ـ ھەرىكەت، ناچار قىلىقلارنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿كَتَبَ رَبُّكُمْ عَلَى نَفْسِهِ الرَّحْمَةَ أَنَّهُ مَن عَمِلَ مِنكُمْ سُوءًا بِجَهَالَةٍ ثُمَّ تَابَ مِن بَعْدِهِ وَأَصْلَحَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلار رەھمەت قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ ئاندىن تەۋبە قىلسا، ۋە تۈزەتسە ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ﴾[1]

﴿فَمَن تَابَ مِن بَعْدِ ظُلْمِهِ وَأَصْلَحَ فَإِنَّ اللّهَ يَتُوبُ عَلَيْهِ إِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾

﴿كىمكى زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ ئەملىنى تۈزىسە ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2]

گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن مۇتلەق قول ئۈزۈش ۋە چىن دىلىڭىزدىن قايتا گۇناھ سادىر قىلماسلىققا ئىرادە تىكلەش ئىسلاھات قاتارىدىندۇر. ئەگەر سىز بۇ راستچىل ئىرادىنى قىلغاندىن كېيىن ھېسسىيات غالىب

[1] سۈرە ئەنئام 54 ـ ئايەت.
[2] مائىدە 39 ـ ئايەت.



www.munber.org



كېلىپ ياكى شارائىت قىستاپ قايتا گۇناھ سادىر قىلسىڭىز، تەۋبە قىلسىڭىز تەۋبىڭىز قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىرادىڭىز راستچىل بولماستىن ئارزۇيۇم قاتتىق بولسا قايتا قىلمەن، دەپ ئويلىسىڭىز ئاندىن تەۋبە قىلسىڭىز ھەقىقىي بولمايدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ. تەۋبىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققى قىلىپ سالغان يامان ئىشقا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلىش ۋە قايتا گۇناھ سادىر قىلماسلىققا سەممىي نىيەت قىلىشتۇر.

ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەققى سىز بىرەرسىگە زۇلۇم قىلىپ سالغان بولسىڭىز مالىنى يەۋالغاندەك، ئابرۇيىغا، جېنىغا زىيان يەتكۈزگەن بولسىڭىز ياكى يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن ياكى غەيۋىتىنى قىلغان ياكى ئۇ كىشىنى چېقىپ قويغان بولسىڭىز ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسىڭىز ياكى ئۇ كىشى سىزنى كەچۈرسە ياكى ئاللاھ رەھىم قىلىپ ئۇ كىشىنى سىزدىن رازى قىلىپ قويسا مانا مۇشۇ شەرتلەر تېپىلغاندا تەۋبىڭىز مەقبۇل بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تەۋبىڭىز قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە زۇلۇم قىلىنغان كىشى قىيامەت كۈنى سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزدىن ئالىدۇ ياكى سىزگە يامانلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ.

گۇناھنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىنەزەر تەۋبىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق. ھەرقانداق ئادەم ئاللاھنىڭ ئەپۇسىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك. ئاللاھنىڭ ئەپۇسىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ئەڭ چوڭ جىنايەت.

﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنفُسِهِمْ لا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا﴾

﴿ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن ئېيتقىنكى! ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾.[1]

[1] سۈرە زۇمەر 53 ـ ئايەت.

تەۋبە يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، ياخشىلىققا قايتىش دېگەنلىكتۇر. ئەمما ئىستىغپار ئاللاھتىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىشتۇر. شەرئەت بۇنىڭغا بۇيرىدى ۋە قىزىقتۇردى.

﴿هُوَ أَنشَأَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَاسْتَعْمَرَكُمْ فِيهَا فَاسْتَغْفِرُوهُ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار...﴾[1]

﴿وَاسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ إِنَّ رَبِّي رَحِيمٌ وَدُودٌ﴾

«پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە دوست تۇتقۇچىدۇر.»[2]

بارلىق پەيغەمبەرلەر قەۋمىگە ئىستىغپار ئېيتىشنى نەسىھەت قىلدى ۋە ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىش يولى ۋە ئازابتىن قۇتۇلۇش يولى دەپ بىلدۈردى. گۇناھكارلار بىر نەچچە دەرىجىگە بۆلىنىدۇ. كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت بولۇشىدا ئۈمىد يوق. «ئاللاھ شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ» مۇشرىكلارمۇ ئەسلىدە كىتابى كاپىرلاردىن يامان. لېكىن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكۈمىدە ھەممىسى باپباراۋەر. كاپىر ھالدا ئۆلگەن كىشىلەرگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن (ئاللاھ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسۇن) (مەرھۇم) دېيىلمەيدۇ. دۇئامۇ قىلىنمايدۇ. پايدىسىز. ئەمما تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان گۇناھكارلارنىڭ ئىشى ئاللاھقا باغلىق بولۇپ خالىسا كەچۈرىدۇ. خالىسا ئازابلايدۇ. «ئاللاھ مۇشرىكتىن باشقا ئۆزى خالىغان كىشىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ.» ئاللاھ خالىسا ئوت بىلەن ئازابلايدۇ. لېكىن ئۇلار ئوتتا مەڭگۈ قالمايدۇ. دوزاخ ئازابى بەك قاتتىقتۇر، بىز ئوت نېئمەت تۇرۇپ بىر قانچە

[1] سۈرە ھود 61 - ئايەت.
[2] سۈرە ھود 90 - ئايەت.



www.munber.org



مىنۇت كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا چىدىيالمايمىز. ئۇنداق بولسا بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ھەددى - ھېسابسىز چەكلىمىسى يوق جەھەننەم ئازابىغا يۈزلەندۈرىمىز؟

تەۋبە قىلغۇچىلارغا ئاللاھ ئېھسانى ۋە ئىنئامى بىلەن ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ بولۇپ تەۋبە قىلغان كىشى، ئەمما تەۋبە قىلغان ۋە ئۆزىنى ئاگاھ تۇتۇپ گۇناھ قىلىشتىن بۇرۇن خۇدادىن قورققان ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن گۇناھدىن قول ئۈزگەن كىشىگە ناھايىتى كۆپ ساۋاب بېرىلىدۇ. خۇددى شەيتان كونترول قىلىۋالغان ۋە زىناغا ئۈندىگەن كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، زىنا قىلىش سەۋەبلىرى تولۇق تۇرۇپ ئىش باشلىغاندا ئاللاھنى ئەسلەپ ئۆزى قىزىقىۋاتقان شەھۋەتتىن ياندۇ.

بۇ ئىشنى بىرەر ئادەم تەجرىبە قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىشنى تەجرىبە قىلىش زەھەرلىك مىكروب يەۋالغانغا ئوخشاش بولۇپ، كېسەلدىن قۇتۇلسا ساقىيىش نىسبىتى يۈزدە بىر، ئۆلۈش نىسبىتى 99.9% بولغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىگە ئوخشاش. مانا بۇ جىسىم كېسىلى. ئەمما گۇناھ ئىشلار ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار قىلمايدۇ.

يامانلىقتىن ساقلىنىشتا يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇش سەۋەبلىرى ۋە يامانلىق يولىنى توسۇپ، يامان ئىشلارغا قىزىقتۇرىدىغان ۋە چاقىرىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماسلىق لازىم. چۈنكى ئىنسان دوستىنىڭ يولىدا بولۇپ، بىر - بىرىنى دورايدۇ. بۇرۇنقىلار مۇنداق دەيتتى: «سەن قانداق ئادەم بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىڭنى ماڭا دەپ بەرگىن، مەن سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى دەپ بېرەي»، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار، ئۆسمۈرلەر بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىشى، دوستلۇق ۋە ياردەمنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلىشى لازىم.

# ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش

## بىز ۋە ئۆلۈم

بىز ۋە ئۆلۈم 4 خىل بولۇپ، بىرى ئەخمەق شائىر بىلەن بىللە چوقان سالىدۇ.

«كەتكىنى كەتتى ئۈنىڭدا ئۈمىد يوق.
ھازىرقىنى چىڭ تۇتۇپ كۆڭۈلۈڭنى قىلغىن توق!»

بۇلار ئۆتكەننى ئويلىمايدۇ. كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلمايدۇ. تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئەتە كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆتۈپ كەتكىنى كەتتى دەيدۇ. ياق ھەرگىز كەتمىدى، قىلغان ياخشىلىق، يامانلىقىمىز چالا قويماي لەۋھۇلمەھپۇز دېگەن كىتابتا خاتىرلەنگەن. ئۇلار ئارزۇ يوق دەيدۇ. لېكىن ئۇ سېزىمىدە يوق، كۆڭۈلدە بار. بۇنداق دەيدىغانلار باشقا ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەردىنمۇ ناچار. يامان كىشىلەر، بۇلار ئۆلۈمنى ئەسلىمەيدۇ. لېكىن كىشىلەرنى ئاساسسىز ئالدىغان ئىرانلىق شائىر ئۆمەر ھەييامغا ئوخشاش ئەسلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلۈم شەكسىز ھەق بولسا، ھايات چەكلىك قىسقا، ھاياتلىقنى ئىشقى ۋە چەكسىز مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزەيلى، ھاياتلىق يېقىمسىز ۋە دەرت ـ ئەلەمنىڭ ئۈستىگە يارىتىلغان بولسا ھاياتلىقنى ھاراق ۋە رومكىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۆمرىمىزنى شېئىردا، مەسلىكتە ۋە پاھىشىۋازلىقتا ئۆتكۈزەيلى». ئۈچىنچى خىلدىكى كىشىلەر ئۆلۈمنى پەقەت ئۆلۈمنىلا سۆزلەپ ئۆلۈمدىن باشقىنى كۆپ سۆزلىمەيدىغان، ئەبى ئەتاھىغا ئوخشاش ئەسلەيدۇ. ئۇ بىرسى بىلەن مۇنداق سۆزلەشكەن:





«مەن ئۆلۈمنى بارلىق جانلىقلارنىڭ غايىسى دەپ قارايمەن». ئىككىنچى شەخس: «قەبرىنىڭ ئاستىدا ئۇزۇن ئۇيقۇ بار» دەيدۇ.

ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ ئاخىرلىشىش بولماستىن باشلىنىش، ئۇيقۇ بولماستىن ئويغىنىش ئىكەنلىكىنى ئۆلۈمنىڭ ئارقىسىدا ئاخىرلاشمايدىغان ئۇزۇن ھاياتلىق بارلىقىنى ئۇ ھاياتتا ياخشى ئىش قىلغانلارغا مۇقىم نېئمەت، يامان ئىش قىلغانلارغا قاتتىق ئازابنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مانا بۇ تۆتىنچى خىلدىكىلەر توغرا يولدا ماڭغان مۆئمىنلەردۇر.

## ئاخىرەت ھاياتى

مانا بۇ ھەقىقىي ھايات. يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كىشى بۇنى كۆرەلمەيدۇ. ئەقلى ئاجىز، دۆت كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. كۆرىدىغان دىل ـ كۆزى، بىلىدىغان ئەقلى بار كىشىلەر ئىنساننىڭ ھاياتى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ئىنسان ئانىنىڭ قورسىقىدا ۋە ئىچكى ئەزالىرىدا ياشايدۇ. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا پىكىر يۈرگۈزۈلسە مۇشۇ مېنىڭ ھاياتىمكەن دەپ ئويلايدۇ. ئانىنىڭ قورسىقىدىن مەجبۇرى ھالدا چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولسا تۇغۇلۇش كەڭرى دۇنياغا يۆتكىلىش تۇرۇقلۇق، چىقىپ كېتىش ئۆلۈم، چوڭقۇر يەرلەرگە كۆمۈلۈش دەپ ئويلىغان بولاتتى. ئۆلۈم دېگەن بۇ نەرسە ھەقىقەتتە بۇ دۇنيادىن چىقىپ كېتىش ۋە ھەقىقىي تۇغۇلۇش، كەڭرى دۇنياغا يۆتكىلىش، تۈگەيدىغان ماددى دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ئاخىرەت ھاياتى ئوتتۇرىسىدىكى يۆتكىلىشتۇر.



www.munber.org

## ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش

ئىنساندا ئارزۇنى كۆپ قىلىدىغان بىر خىل تەبىئىي سېزىم بار. شۇڭا ئۆلۈم بىزنىڭ سېزىمىمىزدا بىزگە ئەڭ يېقىن، پىكرىمىزدە ئەڭ يىراق بولغان نەرسە. بىز ھەركۈنى ئىلىپ كېتىۋاتقان ئۆلۈكلەرنىڭ كەتكىنىنى، بىزنىڭ قېلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلىمىز. جىنازا بىلەن ئەگىشىپ مېڭىپ تۇرۇپ دۇنيانى ئويلايمىز. دۇنيا توغرىلىق سۆزلىشىمىز، قەبرىستانلىقنى توشقازغان قەبرىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىزمۇ بىر كۈنى مۇشۇلاردەك بولىمىز دەپ ياشمايمىز. ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورايمەن.

قەبرىلەردە جەسەتلىرىمىز تۇرىدۇ. ئۇنداقتا جەسەت دېگەن نىمە؟ كىشلەر كۆينەكنى كىر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى سېلىۋېتىدۇ ۋە تاشلىۋېتىدۇ. بوۋاق تۇغۇلىدۇ ۋە ھەمرىيىنى تاشلىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىنسان ئۆلىدۇ، جەسەتتىن ئايرىلىدۇ. جىسىم پەقەتلا كىيىدىغان ۋە سېلىۋېتىدىغان كۆينەك. تۇپراقتا (گۆردە) جەسەت قويۇلىدۇ. ئىنسان ئۆلۈمنى ئۇنتۇيدۇ. لېكىن مۆئمىن داۋاملىق ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرىدۇ ۋە داۋاملىق ئۆلۈمنى كۈتىۋىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. يەنى تۆۋبە قىلىش، ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراش، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىدۇ.

ئەتىگەن ـ كەچ تەرەپلەردە ئۆزىدىن ھېسابات ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ياخشى ئىش قىلسا ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىدۇ. يامان ئىش قىلىپ سالسا كەچۈرۈم سورايدۇ.

ئاخرەتنى ئەسلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئازابتىن قورقىدۇ. مۇكاپاتنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ياخشى ئىش قىلىش بىلەن ياردەم سورايدۇ.



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

## خاتا كۆز قاراش

مەن بىر قىسىم دىنسىزلارنىڭ مەسخىرە ئاساسىدا سورىغان بىر قىسىم سۆزلىرىنى ئوقۇدۇم، ئۇلار: «ئەگەر بىر ۋاقىتتا ئامېرىكىدا بىر ئادەم، جۇڭگودا بىر ئادەم ئۆلسە ئۆلۈم پەرىشتىسى ـ ئەزرائىل بۇلارنىڭ روھىنى قانداق ئالىدۇ؟» دەيدۇ.

جاۋاب: پەرىشتە يەر شارىغا نىسبەتەن خۇددى مىڭلىغان چۈمۈلە بار بىر قاچىغا ياكى مىليونلىغان مىكروب بار قاچىغا قاراپ تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئادەم بۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلسا قىلالايدۇ. بەلكى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام بىزگە نىسبەتەن بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە چوڭ. يەرشارى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالقىنىدا خۇددى ئادەمنىڭ ئالقىنىدىكى بىر تال بۇغدايغا ئوخشايدۇ.

ئىككىنچى جاننى ئېلىشتا ئۆلۈم پەرىشتىسىگە ياردەملىشىدىغانلار بار. ئاللاھ: «بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىشىدۇ، ئۇلار بىپەرۋالىق قىلمايدۇ» دەيدۇ.

## قىيامەت كۈنىسى

قىيامەت كۈنگە ئىشىنىش ئەقىدە ئاساسلىرىنىڭ مۇھىم ئىككىنچى ئاساسى. قۇرئاندا ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن قىيامەتكە ئىشىنىش بىرلا ئورۇندا زىكرى قىلىنغىلى تاس قالغان. مۆئمىن قىيامەتنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئارزۇ قىلىپ ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئازاۋىدىن قورقۇپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە يامان ئىشلاردىن قاچىدۇ. ئاللاھ چەكلىگەن، ئۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئىشلارغا دۇچ

كەلسە، بۇ ئىشلارنى قىلسا ئاخىرەتتە ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى تارتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بۇيرىغان جاپالىق ئىشلارغا يۈزلەنسە، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرەتتىكى ساۋابىنى ئەسلەپ ئۇنى قىلىشقا قىزىقىدۇ. كېچىلەردە قوپۇپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ. باياشات ياكى كەمبەغەل بولسۇن ئاللاھ يولىدا نەپىقە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئازاۋىنىڭ قاتتىقلىقىنى ئويلاپ چىن دىلىدىن قورقىدۇ ۋە رەھمىتىنى ئەسلەپ كۆڭلى يۇمشاپ ئاللاھنى ئويلاپ خۇرسەن بولىدۇ.

## قىيامەت ۋاقتى

قۇرئاندا قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا كىشىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَاهَا قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ رَبِّي لاَ يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَا إِلاَّ هُوَ﴾

﴿ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ؟ سەن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ...﴾[1]

قىيامەت تۇيۇقسىزلا بولىدۇ. قىيامەت ﴿كَلَمْحِ الْبَصَرِ أَوْ هُوَ أَقْرَبُ﴾ ﴿كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تېز﴾[2] بولىدۇ.

لېكىن قۇرئاندا قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. مەسىلەن: زېمىندىن ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ھەقىقىي خەۋەر ۋە بىر ھايۋان چىقىدۇ. بىز بۇ ھايۋان توغرىلىق ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىسىنى بىلمەيمىز. ئاللاھ بۇنىڭ قايسى

[1] سۈرە ئەئراف 187 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 77 ـ ئايەت.



www.munber.org



ھايۋان ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق سۈپەتتە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرمىدى. شۇڭا بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز. لېكىن پاكىتسىز سۆزلەرنى قىلمايمىز. ئىككىنچىدىن، يەجۈجى ـ مەجۈجىنىڭ توساقنى بۇزۇۋېتىشى ۋە توسۇقتىن چىقىشىدۇر. ئاللاھ بۇلارنىڭ كىم، قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى، قايسى شەھەردە تۇرىدىغانلىقى، توساقنى قانداق ئاچىدىغانلىقىنى بايان قىلمىدى. بىز قۇرئاننىڭ خەۋىرىگە ئومۇمىي ھالدا ئىشىنىمىز. بەلگىلىمىسىگە بويسۇنىمىز. ئاللاھ:

﴿حَتَّى إِذَا فُتِحَتْ يَأْجُوجُ وَمَأْجُوجُ وَهُم مِّن كُلِّ حَدَبٍ يَنسِلُونَ❖ وَاقْتَرَبَ الْوَعْدُ الْحَقُّ فَإِذَا هِيَ شَاخِصَةٌ أَبْصَارُ الَّذِينَ كَفَرُوا﴾

﴿يەجۈجى ۋە مەجۈجى توسمىنى ئېچىۋەتكەندە ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىدۇ، راست ۋەدە قىيامەتنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

يەنە قۇرئاندا دېيىلمىگەن ھەدىسلەردە دېيىلگەن نۇرغۇن ئىشلار بار. مەسىلەن: ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، بىلىمسىزلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى، زىنانىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازلاپ، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، جەمئىيەت تەرتىۋىنىڭ بۇزۇلۇشى، تۆۋەن كىشىلەر يۇقىرى، يۇقىرى كىشىلەر تۆۋەن بولۇپ قېلىش، دەججالنىڭ ئاشكارا بولۇشى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن چۈشىشى قاتارلىقلار.

## قىيامەتنىڭ باشلىنىشى

قۇرئاندا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن دېيىلگىنى قىيامەتنىڭ باشلىنىشى. «ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان، زور دەرىجىدە يەر تەۋرەش بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى بىر پۈتۈن قاتتىق قورقۇنچقا دۇچار بولىدۇ. قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھامىلدارلار تۇغۇۋېتىدۇ. بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار

[1] سۈرە ئەنبىيا 96 ـ 97 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org

بالىلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. كىشىلەر خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالىدۇ. خۇددى مەستتەك بولۇپ كېتىدۇ.

﴿وَمَا هُم بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ﴾

﴿ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەس ئەمەس، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىق﴾[1] يەر تەۋرەش قىيامەتتىن بۇرۇن بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِذَا زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا ❖ وَأَخْرَجَتِ الْأَرْضُ أَثْقَالَهَا ❖ وَقَالَ الْإِنسَانُ مَا لَهَا ❖ يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَ﴾

﴿زېمىن قاتتىق تەۋرىگەن، يۈكلىرىنى چىقارغان ۋاقىتتا، كاپىر ئىنسان بۇ زېمىنغا نېمە بولدى دېگەندە، شۇ كۈنى زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ﴾[2].

ئىنسان زېمىندا تۇرۇپ تەۋرىنىشنى كۆرىدۇ ۋە تەۋرەش توغرىلىق سوئال سورىشىدۇ ھەمدە يەر تەۋرەشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدەيدۇ.

## ئاسمان جىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىش

قىيامەت كۈنى ۋە قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ۋەقەلىكلەر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك غايىپ ئىشلار. بىز ئۇنى ماددى مەخلۇقلارنى بىلگىنىمىزدەك سېزىم ئەزالىرىمىز بىلەن بىلەلمەيمىز. ئىنساننىڭ ئەقلىمۇ دۇنيا ۋە قەسىرگە ھۆكۈم چىقارغاندەك قىيامەتتە بولىدىغان ۋەقەلىكلەرگە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ. بىز تەبىئەت قانۇنى دەۋالغان دۇنيا قانۇنىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى قىيامەتنىڭ داۋاملىشىشى مۇشۇ دۇنيانىڭ داۋاملىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى، دۇنيانىڭ مۇددىتى ئاخىرلاشسا بۇ قانۇنلارنىڭ ۋاقتىنىڭمۇ

[1] سۈرە ھەج 2 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زەلزەلە 1 ـ 4 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org



ئاخىرلىشىدىغانلىقى قۇرئاندا ئوچۇق دېيىلگەن. يەر ۋە باشقا پىلانىتلار، بۇلاردىكى ئاجايىپ پۇختا ئىشلار بىلەن سىز كۆرىۋاتقان دۇنيا بىر مەقسەت ئۈچۈن ۋە بەلگىلىك ۋاقىتى ئۈچۈن قۇرۇلغاندەك، يەر تەۋرەپ زېمىندىكى تاغلار پارچىلىنىپ، توزغاقتا ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ. چوڭ تاغلار كىچىك دۆگىلەكلەرگە ئايلىنىپ ئاندىن ئورنىدىن قوزغىلىپ قۇم دۆۋىسى ئۇچقاندەك ئۇچۇپ ئېزىتقۇدەك بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، زېمىن تۈپ ـ تۈزلەڭلىككە ئايلىنىدۇ.

بۇنىڭ ھەممىسىنى قۇرئان خەۋەر قىلغان بولۇپ، قۇرئان يەنە دېڭىزلارنىڭ سۈيى پارتلاپ تۇمانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى، پىلانىتلار ئوربىتىسىدىن چىقىپ كېتىپ مېڭىش يولىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاي بىلەن قۇياش بىرلىشىپ قالىدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئاسماننىڭ خەت ـ چەكنى چوڭ دەپتەرگە قاچىلىغاندەك قاچىلىنىدىغانلىقىنى بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەر يەر ئەمەستەك، ئاسمان ئاسمان ئەمەستەك ھەممىسىلا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

## سۈرنىڭ چېلىنىشى

بىز ھەقىقەتەن سۈر دېگەن نېمە؟ قانداق چېلىنىدۇ ۋە ئۇ توغرىسىدىكى سۆزلەرنى تەپسىلاتىنى بىلمەيمىز. بىزگە بۇ توغرىسىدا قۇرئان ياكى ھەدىستە بىر نەرسە دېيىلمىسە بىز ھېچنەرسە دېمەيمىز.

قۇرئاندا سۈرە چېلىنىدۇ، ئاسمان زېمىندىكى ھەممە نەرسە قورقۇپ كېتىدۇ، سۈر چېلىنىدۇ، ۋە ھەممە جانلىقلار ئۆلىدۇ دېيىلگەن بۇنىڭدىن سۈرنىڭ ئىككى قېتىم چېلىنىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بۇ سۈردىكى سۈر چېلىنىش بىلەن كىشىلەر قورقىدۇ دېگەنلىك ئۆلىدۇ دېگەنلىك بولۇشى

مۇمكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ھايات كىشى قالمايدۇ، لېكىن ئاللاھ خالىغان كىشى بولسا ھايات قالىدۇ ۋە بىر قانچە ۋاقىت ئۆتىدۇ بۇنى ئاللاھ بىلىدۇ، بىزگە خەۋەر قىلمىدى، كېيىن تىرىلىش سۇرىسى چېلىنىدۇ ـ دە، ئۆلۈكلەرنىڭ ھەممىسى قەبرىلىرىدىن قوزغىلىدۇ.

## تىرىلىش ۋە يىغىلىش

قىيامەت كۈنى بارلىق ئۆلۈكلەر قانداق ئۆلگەن بولسا شۇ ھالەتتە تىرىلىپ قوپىدۇ. ئۇلار بىر نەچچە سائەتلا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ. خۇددى سودا قىلىۋاتقان ياكى بىرسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئادەمنى ماشىنا ئۇرىۋېتىپ ھوشىدىن كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئۇقماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ياكى سودا ـ سېتىقنى تولۇقلاشقا كىرىشكەن ئادەمگە ئوخشايدۇ.

قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دىنىنى ئۆگىنىپ ئاللاھتىن ئۆمرىمىزنىڭ ياخشى ئىش بىلەن ئاخىرلىشىشىنى سورايمىز. مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدە نۇرغۇن مىساللارنى تۇرغۇزۇپ بەرگەن. ئەسھابۇل كەھفە كىشىلىرى غاردا 309 يىل ئۇخلاپ ئويغىنىپ، بىر نەچچە سائەت ئۇخلىدۇق دەپ ئويلاپ بىلمەستىن ئىلگىرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان پۇللىرى بىلەن نەرسە كېرەك سېتىۋالغىلى چىققان.

مانا قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىر ئىنسان ئازراق ئۇخلاپ ئويغاندىم دەيدۇ ۋە بىر ـ بىرسى بىلەن تاكاللىشىدۇ.

﴿وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ يُقْسِمُ الْمُجْرِمُونَ مَا لَبِثُوا غَيْرَ سَاعَةٍ كَذَلِكَ كَانُوا يُؤْفَكُونَ❖ وَقَالَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَالْإِيمَانَ لَقَدْ لَبِثْتُمْ فِي كِتَابِ اللَّهِ إِلَى يَوْمِ الْبَعْثِ فَهَذَا يَوْمُ الْبَعْثِ وَلَكِنَّكُمْ كُنتُمْ لا تَعْلَمُونَ﴾



www.munber.org



﴿قىيامەت بولغان كۈندە مۇشرىكلار پەقەت ئازغىنە ۋاقىت تۇرغانلىقىغا قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى چېغىدىمۇ مۇشۇنداق يالغانچىلىق قىلاتتى، بىلىمى بار، ئىمانى بار ئادەملەر ئۇلارغا: سىلەر ئاللاھنىڭ تەقدىرى بويىچە دۇنيادا ۋە قەبرىلەردە قىيامەت كۈنىگىچە تۇردۇڭلار، مانا بۇ قىيامەت كۈنى لېكىن سىلەر بىلمىدىڭلار دەيدۇ﴾[1]

ئىنسانلار بىز مۇشۇ دۇنيادا داۋاملىق تۇرىمىزغۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، لېكىن قىيامەت قورقۇنچىسى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇسەببەتنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ ـ دە:

﴿فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ فَلاَ أَنسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ﴾

﴿سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ﴾[2]

ئىنسانلار ئامراق دوستىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھال سوراپ كۆڭۈل بۆلەلمەيدۇ. ھەتتا قېرىندىشى، ئانىسى، دادىسى، ئايالىدىن قاچىدۇ، بەلكى ئەگەر سەدىقە قوبۇل قىلىنسا ئۇ ئۇلارنى ئۆزى ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ھالدا مەلۇم مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنى بىر ئورۇنغا يىغىپ مەھشەر مەيدانىغا ھەيدىلىدۇ.

بارلىق ئادەم ئەۋلادى مەيلى كۆرپىدە ياكى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ياكى ھايۋانلارنى يەپ كېتىپ، ياكى ئايروپىلان ۋەقەسىدە ياكى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەنلەر بولسۇن بىرىنچى قېتىم يوق يەردىن ياراتقان ئاللاھ ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى يىغىپ مەھشەر زېمىنىغا ھەيدەيدۇ. بۇلار شەيتان، جىن ۋە يىرتقۇچ ھايۋان ۋە بارلىق ئىنسانلار.

﴿مُّهْطِعِينَ إِلَى الدَّاعِ يَقُولُ الْكَافِرُونَ هَذَا يَوْمٌ عَسِرٌ﴾

[1] سۈرە رۇم 55 ـ 56 ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۆئمىن 101 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان هالدا يۈگۈرەيدۇ، كاپىرلار، بۇ قىيىن كۈن دەيدۇ﴾[1]

كېيىن پەرۋەردىگارىمىز كاپىرلارنى جەهەننەمگە بۇيرۇيدۇ. جەهەننەم ئۇلارغا يىراقتىن كۆرۈنگەندە ئاللاھ ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَن لا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ❖ وَأَنْ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ❖ وَلَقَدْ أَضَلَّ مِنكُمْ جِبِلا كَثِيرًا أَفَلَمْ تَكُونُوا تَعْقِلُونَ❖ هَذِهِ جَهَنَّمُ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾

﴿بىز سىلەرگە پەيغەمبەر ئارقىلىق: ‹ئى ئادەم باللىرى شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ هەقىقەت سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەن ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يول› دەپ تەۋسىيە قىلمىدۇقمۇ؟ شۈبھىسىزكى شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟ سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەهەننەم مانا مۇشۇ﴾[2]

گۇناهكارلارنى جەهەننەمگە هەيدىگەندە بۇلار شۇ ۋاقىتتا ئىنسان بولمىغان بولسامچۇ ﴿وَيَقُولُ الْكَافِرُ يَا لَيْتَنِي كُنتُ تُرَابًا﴾

﴿تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ﴾[3] دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ كاپىرلارنى، جىن ـ شەيتانلاردىن بولغان كاپىرلارنى ئىلاھ دەپ گۇمان قىلغان ۋە هەقىقەتتە يوق ئىسىملارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر بىلەن قوشۇپ جەهەننەمگە باشلايدۇ. مەسىلەن: يۇنانلىقلار ئىلاهىنى «زېۋس» ۋە «ئىفردىئوت» دەپ ئاتايتتى. رۇمىنىيىلىكلەر «جۇتېرمىليوس»، ئىرانلىقلار «هورمۇز، ئىهمان»، مىسىرلىقلار «هاجى» دەپ ئاتايتتى. ئەرەبلەر «لات، ئۇززا» دەپ ئاتاپ، بۇنىڭ ئاللاهنىڭ شېرىكلىرى دەپ

[1] سۈرە قەمەر 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ياسىن 60 ـ 63 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە نەبەئ 40 ـ ئايەت.



www.munber.org



ئويلايتتى. يۇنانلىقلار ياكى رۇمىنىيىلىكلەر «ئاپوللون» نى قۇياش ۋە سەنئەت ئىلاهى، «باخس»نى هاراق ئىلاهى «رىيانا» ۋە «ئىرتىمىس» نى ئوۋ ئىلاهى، «مىزىيا» نى هېكمەت ئىلاهى، «ئېتون» نى دېڭىز ئىلاهى دەپ ئاتىشاتتى. ئاللاھ ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيَوْمَ يَقُولُ نَادُوا شُرَكَائِيَ الَّذِينَ زَعَمْتُمْ فَدَعَوْهُمْ فَلَمْ يَسْتَجِيبُوا لَهُمْ﴾

﴿ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلمەيدۇ﴾[1]

ئاللاھ ئۇلارغا:

﴿مَا لَكُمْ لا تَنَاصَرُونَ﴾

﴿نىمە ئۈچۈن ياردەملەشمەيسىلەر﴾[2] دەيدۇ. ئۇلار ئاجىز كىشىلەر ئۆزىنى يولباشچى قىلىپ كىشىلەرنى مۇشرىك ۋە كاپىر قىلغان مۇتەكەببىرلەرگە ياردەم تەلەپ قىلىدۇ ـ دە، مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّا كُنَّا لَكُمْ تَبَعًا فَهَلْ أَنتُم مُّغْنُونَ عَنَّا مِنْ عَذَابِ اللَّهِ مِن شَيْءٍ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىڭلار ئىدۇق، بىزگە بولىۋاتقان ئاللاهنىڭ ئازاۋىدىن ئازراق دەپئى قىلالامسىلەر﴾[3]

كاتتىۋاشلار ئاجىزلارغا، بىز سىلەردىن ئادا ـ جۇدا دەپ جاۋاب بېرىپ ئۇلاردىن ۋە ئۆزلىرىدىن بىرەر ئازابنى توسۇپ قېلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ ۋە هەممىسى دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاهنىڭ ئالدىدا خار بولۇپ، باش ئېگىپ، تىز پۈكۈپ تۇرىدۇ ۋە ئىلاھ دەپ قارىغان ئىلاهلىرى يوققا چىقىدۇ. خىيالى سەپسەتىلەر يوقىلىپ، كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى شەيتانى ئىنسانلارنىڭ قەسەملىرىنىڭ بېغى ئۈزۈلۈپ، ئاساسسىز ئىبادەت

[1] سۈرە كەهف 52 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سەففات 25 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىبراهىم 21 ـ ئايەت.



www.munber.org

قىلىنغان بارلىق نەرسە ئىبادەت قىلغۇچىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ھەتتا شەيتانمۇ ئەگەشكۈچىلەرگە يالغان قەسەم قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ:

﴿وَقَالَ الشَّيْطَانُ لَمَّا قُضِيَ الأَمْرُ إِنَّ اللّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ الْحَقِّ وَوَعَدتُّكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ﴾

﴿ئىش پۈتكەندە ئاللاھ سىلەرگە راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، مەن سىلەرگە يالغان ۋەدە قىلغان ئىدىم، ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلدىم﴾[1]

شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئاجراپ دۇنيادا ئۆزىنىڭ بىچارە، ئاجىز ئىكەنلىكىنى، پەقەتلا ئازدۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىدە ھېچقانداق كۈچ ـ قۇدرەت، ئارتۇقچىلىقنىڭ يوقلىقىنى، زىيان ياكى پايدا يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ ئەگەشكەنلىك گۇناھىنى ئەگەشكۈچىلەرگە ئارتىپ قويىدۇ.

﴿مَا كَانَ لِيَ عَلَيْكُم مِّن سُلْطَانٍ إِلاَّ أَن دَعَوْتُكُمْ فَاسْتَجَبْتُمْ لِي فَلاَ تَلُومُونِي وَلُومُواْ أَنفُسَكُم﴾

﴿سىلەرگە مېنىڭ ھۆكۈمران بولغىنىم يوق، مەن سىلەرنى خاتالىققا دەۋەت قىلدىم، سىلەر قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەي ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار﴾[2] دەيدۇ.

﴿إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا﴾

﴿شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴾[3].

## ھېساب

ھېساب بېرىش ئۈچۈن تۇرماي ئامال يوق. شۇڭا قىچىنىڭ دانىچىلىك نەرسىنى ياكى ئاتوم بوشلۇقىدا ئۈزۈپ يۈرۈيدىغان كىچىك ئېلېكترون دانىچىلىك بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىنى زايا قىلىۋەتمەيدىغان

[1] سۈرە ئىبراھىم 22 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىبراھىم 22 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 76 ـ ئايەت.



www.munber.org



چەكسىز ئادالەت تارازىسىنى تۇرغۇزىدۇ. بۇ تارازا ئىنسانلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ ۋە ئەھۋالنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئىنساننىڭ سەممىيلىكى تارازىنىڭ ياخشىلىق تەرىپىگە، قەلبىدىكى ئىككى يۈزلىمىچىلىك ۋە رىيا تارازىنىڭ يامانلىق سىپلىنىدىغان تەرىپىگە سېلىنىدۇ.

ئادىل ھۆكۈم: ئادىل ھۆكۈمدە ئىنسانغا ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقلىرى ۋە ئاللاھتىن مۇھاكىمىدە ئىنسانغا ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقلىرى ۋە ئاللاھتىن تەلەپ قىلغان كەچۈرۈم سورىشى ۋە ئارزۇ قىلغان ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئەسقاتىدۇ. مال ـ دۇنياسى ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ يولىدا ئىشلەتكەن بولسا ۋە ئاللاھقا بويسۇنۇپ تۇرۇپ ئىشلەتكەن بولسا ياردەم بېرەلەيدۇ. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە مەڭگۈ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. بىرى يەنى بىرى ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. بىرسى ـ بىرسىگە ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ.

ئاخىرەتنىڭ شاپائىتى دۇنيانىڭ شاپائىتىگە ئوخشىمايدۇ. دۇنيادا شاپائەت قىلغۇچى سوتچىنىڭ قېشىغا كىرىپ دوستلۇقنى ياكى ئابرۇيىنى كۆرسىتىپ شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتچى بۇ كىشىگە ياردەم قىلىپ قۇتقۇزۇپ قويىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى شاپائەت ئاللاھنىڭ رەھمى كېلىپ بىرەر كىشىنى شەرەپكە ئېرىشتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا بۇنى ئەپۇ قىلىشنىڭ ئوچۇق سەۋەبى قىلىپ ئۇ كىشىگە بۇ كىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئادەم ئاللاھ ئەپۇ قىلىشنى خالىغان كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ.

## گۇۋاھلىق ۋە دەلىل

دۇنيا ھۆكۈملىرىنى ئىنسانلاردىن بولغان ھۆكۈمرانلار ئېلىپ بارىدۇ. بۇلارنىڭ ئىنسانغا لايىق چەكلىك ئادالىتى بار. لېكىن ئاخىرەتنىڭ



www.munber.org

ھۆكۈملىرىنى سۈرگۈچى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئاللاھدۇر. بۇ زاتنىڭ ئادالىتى چەكسىزدۇر. ئۇ زاتنىڭ دەلىلى پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقى، ئىنسانىنىڭ ياخشى يامان ئىشلىرىنى ھېسابلاپ بېرىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى، ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يېزىلغان دەپتەر، گۇناھكارلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، ئەزالىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدۇر.

## ئەلچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى

قىيامەت كۈنى بولغاندا پەيغەمبەرلەر گۇۋاھلىققا ھازىر بولىدۇ. ھەربىر ئۈممەتنىڭ ھۆكۈمى پەيغەمبەر ھازىر بولۇش بىلەن بىرگە شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولىدۇ.

﴿وَتَرَى كُلَّ أُمَّةٍ جَاثِيَةً كُلُّ أُمَّةٍ تُدْعَى إِلَى كِتَابِهَا﴾

﴿ھەربىر ئۈممەتنى تىزلانغان ھالدا كۆرىسەن، ھەربىر ئۈممەت ئۆزىنىڭ نام ـ ئەمەلگە چاقىرىلىدۇ﴾[1]

﴿فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلاء شَهِيدًا﴾

﴿ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد) سېنى بۇلارغا گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولار؟﴾[2]

## نام ـ ئەمەل ۋە سەھىپىلەر

سەھىپىلەردە بىزنىڭ دۇنيادا بارلىق ئىشلىرىمىز خاتىرىلىنىپ مەخپىي قاتلانغان ھالدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىشىلەر سەممىي تەۋبە قىلسا خاتىرىلەنگەن گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ. تەۋبە قىلمىسا خاتىرىلەنگەن ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ. قىيامەت كۈنى بولغاندا سەھىپىلەر

[1] سۈرە جاسىيە 28 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 41 ـ ئايەت.



www.munber.org



ئېچىلىپ ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ خۇددى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرنى باشقا كىشى بىلمىگەنگە ئوخشايدۇ. ئېلان قىلىنىش ۋاقتى كېلىپ ئېلان قىلىنغاندا ئاندىن بىلىدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئادەم ئائىلىسىدە بىر تۇغقانلىرى ئارىسىدا رەسۋا بولىدۇ. لېكىن قىيامەتتىكى ھېساب كۈنىدە بولىدىغان رەسۋالىق بارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مانا بۇ ئەڭ چوڭ رەسۋالىقتۇر. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئادەم بىر يىللىق ئۆمرىدىن زىيان تارتىدۇ. ھېساب كۈنى بولسا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئادەم جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ. (كاپىر بولسا) مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتتىن زىيان تارتىپ دائىملىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سەھىپىلەر ئېچىلىپ تارقىتىلىدۇ، ھەربىر ئادەم ئېچىلغان كىتابلارنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «كىتابىڭنى ئوقۇ، كىتابىڭ بۈگۈنكى كۈندە سەندىن ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىك» دېيىلىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتە يازغان ياخشىلىق كۆپ بولسا ئۇ كىشىگە يېقىندا ھېسابىنىڭ ئاسان بولىدىغانلىق خوش ـ خەۋىرى قىلىنىپ كىتابنى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدۇ. بۇ كىشى كىتابتىكى نەرسىنى كۆرسە خوش بولىدۇ خۇددى ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، تۇغقانلىرىغا، يېقىنلىرىغا ئۇقتۇرۇشقا قىزىققان ئوقۇغۇچىغا ئوخشاشتۇر. ئاللاھ:

﴿هَاؤُمُ اقْرَؤُوا كِتَابِيهْ * إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلاقٍ حِسَابِيهْ﴾

﴿نام ئەمەلنى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم خۇشاللىقتىن بۇ مېنىڭ نام ـ ئەمەلىمنى ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا ئۇچرىشىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم﴾[1] دەيدۇ.

ئىنسانىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ يامانلىقىنى يېزىپ تۇرغان پەرىشتىنىڭ يازغىنى كۆپ بولسا كىتابنى سول تەرەپتىن بېرىلىدۇ. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىدۇ:

[1] سۈرە ھاققە 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org

﴿فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي لَمْ أُوتَ كِتَابِيه❖ وَلَمْ أَدْرِ مَا حِسَابِيهْ❖ يَا لَيْتَهَا كَانَتِ الْقَاضِيَةَ❖ مَا أَغْنَى عَنِّي مَالِيهْ❖ هَلَكَ عَنِّي سُلْطَانِيهْ﴾

﴿ماڭا نام ـ ئەمەلىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ، ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىگەن بولسامچۇ، دۇنيادا ئۆلۈپ ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرسامچۇ، مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى﴾[1].

﴿وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ وَرَاء ظَهْرِهِ* فَسَوْفَ يَدْعُو ثُبُورًا * وَيَصْلَى سَعِيرًا﴾

﴿نام ـ ئەملى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم ۋاي دەپ توۋلايدۇ ۋە دوزاخقا كىرىدۇ﴾[2].

گۇناھكارلار كىتابلىرىنى ئوقۇپ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ سەھىپىدە خاتىرلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا:

﴿يَا وَيْلَتَنَا مَالِ هَذَا الْكِتَابِ لا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلا كَبِيرَةً إِلا أَحْصَاهَا وَوَجَدُوا مَا عَمِلُوا حَاضِرًا وَلا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا﴾

﴿ۋاي بىزگە بۇ نام ـ ئەمەلگە ھەممىسى خاتىرىلىنىپتۇ دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نام ـ ئەملىگە خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[3]

ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئەگەشكەنلىكىگە ۋە يامان ئىش قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆزىگە غەزەپلىنىدۇ.

﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا يُنَادَوْنَ لَمَقْتُ اللَّهِ أَكْبَرُ مِن مَّقْتِكُمْ أَنفُسَكُمْ إِذْ تُدْعَوْنَ إِلَى الْإِيمَانِ فَتَكْفُرُونَ﴾

[1] سۈرە ھاققە 25-28 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىنشىقاق 10 ـ 12 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە كەھف 49 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿شۈبھىسىزكى، كاپىرلارغا ئاللاھنىڭ دۇنيادا سىلەرگە بولغان غەزىپى سىلەرنىڭ بىر ـ بىرىڭلارغا بولغان غەزىپىڭلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. چۈنكى سىلەر ئىمانغا دەۋەت قىلىنغان ئىدىڭلار، لېكىن ئىمان ئېيتمايتتىڭلار دەپ نىدا قىلىنىدۇ﴾[1]

## قوغدىنىش ئاندىن ئىقرار قىلىش

شۇندىن كېيىن كاپىرلار ھېسابات بېرىش ئۈچۈن تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنىڭ ئاشكارىسى بولىدىغان ئىنسانلاردىن بولغان ھۆكۈم چىقارغۇچىنىڭ ئالدىدا دەپ ئويلاپ ئىنسانلارنىڭ دىلىدىكىنى بىلىدىغان دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ، جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە يالغاندىن قەسەم قىلىدۇ.

﴿فَيَحْلِفُونَ لَهُ كَمَا يَحْلِفُونَ لَكُمْ﴾

﴿ئۇلار ئاللاھ ئۈچۈن خۇددى سىلەرگە قەسەم قىلغاندەك قەسەم قىلىدۇ﴾[2] ۋە ئۇلار:

﴿وَاللّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىز مۇشرىك ئەمەستۇق﴾[3] دەيدۇ.

ئاللاھ ئۇلارنىڭ تىللىرىنى سۆزلەشتىن مەنئى قىلىپ ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلغان ئەزالارنى سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ. پۇت ـ قول شەرىئەت

[1] سۈرە غافىر 10 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇجادىلە 18 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام 23 ـ ئايەت.



www.munber.org

تەرپىدىن چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلغانلىقنى، بۇ ھارام ئىشلارغا ماڭغانلىقنى ئېتىراپ قىلىپ سۆزلەيدۇ.

﴿الْيَوْمَ نَخْتِمُ عَلَى أَفْوَاهِهِمْ وَتُكَلِّمُنَا أَيْدِيهِمْ وَتَشْهَدُ أَرْجُلُهُمْ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾

﴿شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلار بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾[1].

ئۇلارنىڭ ئەزالىرى قىلغان ئىشلىرىنى ئىقرار قىلىپ ئۇلارنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا ئۇلار ئەزالىرىغا كايىيدۇ.

﴿وَقَالُوا لِجُلُودِهِمْ لِمَ شَهِدتُّمْ عَلَيْنَا قَالُوا أَنطَقَنَا اللَّهُ الَّذِي أَنطَقَ كُلَّ شَيْءٍ﴾

﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىگە نېمىشقا بىزنىڭ زىيىنىمىزغا گۇۋاھلىق بەردىڭلار دەيدۇ، تېرىلىرى: ھەرنەرسىنى سۆزلەتكەن ئاللاھ بىزنى سۆزلەتتى دەيدۇ﴾[2].

بۈگۈنكى كۈندە ئىشىكى تاقاق، نەچچە قات تاملىق ئۆيدە تارقىتىلغان تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى سىرتتىكى نەچچە مىليون خەلق كۆرۈشۈپ ئاڭلايدىغان تۇرۇپ، كىشىلەر گۇناھ ئىشلارنى قىلغاندا يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىشى دۇنيادىكى ئىنسانلار ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىش بولسا، ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە ھېسابى قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا ئاللاھ ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كُنتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَنْ يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَا أَبْصَارُكُمْ وَلَا جُلُودُكُمْ﴾

﴿سىلەر قىلغان ئىشلارنى قۇلىقىڭلار، كۆزۈڭلار، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەر ئۈستىڭلاردىن گۇۋاھلىق بېرىشىدىن يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر﴾[3]

---

[1] سۈرە ياسىن 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 21 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فۇسسىلەت 22 ـ ئايەت.



www.munber.org



تېرە، كۆز ۋە قۇلاق ئىنسان بىلەن بىللە تۇرسا ئۇنىڭدىن ئىنسان قانداقمۇ قاچالىسۇن.

﴿وَلَكِن ظَنَنتُمْ أَنَّ اللَّهَ لا يَعْلَمُ كَثِيرًا مِّمَّا تَعْمَلُونَ❖ وَذَلِكُمْ ظَنُّكُمُ الَّذِي ظَنَنتُم بِرَبِّكُمْ أَرْدَاكُمْ فَأَصْبَحْتُم مِّنْ الْخَاسِرِينَ﴾

﴿لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى ئاللاھ بىلمەيدۇ، دەپ گۇمان قىلدىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ گۇمانىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار﴾[1]

مانا بۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا تانغان، قىيامەتتىكى ھېسابنى ئىنكار قىلغان، كۆزى مۇشۇ دۇنيادىن يىراققا يەتمەي چوقۇم كېلىدىغان ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھتىن گۇناھنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەزالىرى قىلغان گۇناھلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان تۇرسا بۇ بەدبەخلەر ئۆزىدىن ئايرىلمايدىغان، ئايرىلىپمۇ كېتەلمەيدىغان بۇ گۇۋاھچىلاردىن قانداق يوشۇرالايدۇ؟ ئى ئاللاھ، بىزنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن، بىزنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن. بىزنى دۇنيادا قوغدىغىنىڭدەك ئاخىرەتتىمۇ قوغدىغىن، سەن ئەپۇ قىلغۇچى، قوغدىغۇچىدۇرسەن.

## تېتىقسىز قارشىلىشىش

بەزى كىشىلەر بىزگە مەسخىرە ئاساسىدا بىز كىچىك تۇرساق، قول ـ پۇتنىڭ تىلى بولمىسا، بىرنەرسىنى چۈشەندۈرەلمەيدىغان تۇرسا قانداق سۆزلىيەلىسۇن؟ دېيىشتى. سۆزلىيەلەيدىغان سۆزنى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان ئۈنئالغۇ، سىن ئالغۇ، ئېلېكتىرونلۇق مېڭە، كىنو قاتارلىقلار ئىجاد قىلىندى. بانكىلاردا نۇر بىلەن مەخپىي ھالدا سۈرەتكە تارتىپ تۇرىدىغان سۈرەت ئاپپاراتلىرى بار. بۇ ئاپپاراتلار بانكىنىڭ ئىچىدە بولغان بارلىق ئىشلارنى

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

لىنتىغا ئىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىرەر ئوغرى كىرىپ ئوغرىلىق قىلىپ قويۇپ قىلمىشىدىن تانسا، لىنتىنى ئەكىلىپ قويۇپ بىرىلسە ئوغرىنىڭ ماڭغىنى، تۇرغىنى، ئۆزىگە پىچىرلىغىنى، ھەمراسى بىلەن سۆزلەشكىنىنى ئۆز ئەينى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇ يېقىندىن ئىجاد قىلىنغان نەرسىلەر بىلمىسىز لىكىن ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىۋالغان جىددەلخورلارغا پاكىتتۇر. خۇددى بۇ ئاپپارات ئۇلار: دۇنيادا لىنتىنى سۆزلەتكەن، ئوغرىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى خاتىرىلەپ تانغاندا ئىسپاتلاپ بەرگۈزگەن زات ـ ئاللاھ ئاخىرەتتە پۇت ـ قولىنى سۆزلىتەلەيدۇ، دەيدۇ.

## ھېساب ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى

ھېساب بىر نەچچە تۈرلۈك بولۇپ كىتابىنى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ھېسابى ئاسان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلىپ كىتابى سول تەرەپتىن بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ھېسابى قاتتىق بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھېسابىنىڭ نەتىجىسى بويىچە ئىلگىرىلەپ كەتكۈچىلەر، ئارقىدا قالغۇچىلار، ئوڭ تەرەپتىكىلەر، سول تەرەپتىكىلەر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

﴿فَأَمَّا إِن كَانَ مِنَ الْمُقَرَّبِينَ❖ فَرَوْحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنَّةُ نَعِيمٍ❖ وَأَمَّا إِن كَانَ مِنَ أَصْحَابِ الْيَمِينِ❖ فَسَلَامٌ لَّكَ مِنْ أَصْحَابِ الْيَمِينِ❖ وَأَمَّا إِن كَانَ مِنَ الْمُكَذِّبِينَ الضَّالِّينَ * فَنُزُلٌ مِّنْ حَمِيمٍ * وَتَصْلِيَةُ جَحِيمٍ * إِنَّ هَذَا لَهُوَ حَقُّ الْيَقِينِ * فَسَلَامٌ لَّكَ مِنْ أَصْحَابِ الْيَمِينِ❖ فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ﴾

﴿ئەگەر ئۇ مېيىت مۇقەررەبلەردىن (تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلاردىن) بولىدىغان بولسا (ئۇنىڭ مۇكاپاتى) راھەت ـ پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سائادەتمەنلەردىن بولىدىغان بولسا، (ئۇلار راھەت ـ پاراغەتتە بولىغانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد!) ئۇلاردىن ساڭا سالام! ئەگەر ئۇ



www.munber.org



تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلاردىن بولسا يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ بىلەن كۈتىۋېلىنىدۇ، جەھەننەمدە كۆيدۈرۈلىدۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇ ئېنىق ھەقىقەتتۇر. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭنى پاك ئېتىقاد قىلغىن﴾[1].

## جەھەننەمگە بېرىش

بارلىق كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھقا يېقىنلىق مىقدارى بويىچە ئالدىراپ جەھەننەم ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ. ياخشىلىقى كۆپ تەقۋادار كىشىلەر بۇ يەردىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. زالىم، مۇشرىك، كاپىر قاتارلىق دۇنيادا يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِن مِّنكُمْ إِلا وَارِدُهَا كَانَ عَلَى رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا * ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوا وَّنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا﴾

﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىر كىشىمۇ قالمايدۇ، ئۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر، ئاندىن تەقۋادارلارنى جەھەننەمدىن قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز﴾[2]

ئاللاھ «تەكاسۇر» سۈرىسىدە:

﴿لَتَرَوُنَّ الْجَحِيمَ * ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيْنَ الْيَقِينِ﴾

﴿سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر، ئاندىن ئۇنى چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر﴾[3] دەيدۇ.

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 92-96 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مەريەم 71 ـ 72 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە تەكاسۇر 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org

www.munber.org

ئايەتتىكى بىرىنچى كۆرۈش (ئاللاھ بىلىدۇ) جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتۇلغان مۇتتەقى كىشىلەرنىڭ كۆرۈنىشى. ئىككىنچىسى زالىملارنىڭ جەھەننەمگە كىرىشى ۋە بۇنىڭغا چۈشۈپ كېتىشىدۇر. بىرىنچى كۆرۈش بىز دەپ ئۆتكەندەك ھېساب بېرىشتىن بۇرۇن جەھەننەم ئاشكارا بولغان ۋاقىتدا كىشىلەر ئۇنى كۆرۈشى مۇمكىن.

## جەننەت ۋە جەھەننەم

جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى قۇرئاندا ئاللاھنىڭ «ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئوخشاش كەلگەن بولۇپ، جەننەتكە كىرگەنلەرگە ئالتۇن مەرۋايىتتىن ئەساۋۇر بىلەيزۈكلەر بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىپەكتىن بولىدۇ. جەننەتتە سۈت شاراپ، ھەسەل دەريالىرى ۋە ھۆرۈل ئەيىن غىلمانلار بار. بۇنىڭ ھەممىسى چۈشىنىش يولى بويىچە ئاددىي تىل بىلەن كەلگەن. چۈنكى ئىنسانلار تىلى زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلغان. ھەقىقەت جەننەتتىكى دەريالار دۇنيادىكى دەرياغا ئوخشاش ئەمەس. جەننەتنىڭ سۈتى، ھەسىلى ۋە شارابى دۇنيانىڭ ھەسىلى، سۈتى، شارابىغا ئوخشاش ئەمەس. جەننەتتىكى غىلمانلار دۇنيادىكى غىلمانلارغا ئوخشاش ئەمەس . بىز مۇشۇ كىتابنىڭ بېشىدا سۆزلىگەن ئەقىدە ئاساسلىرىغا تايىنىدىغان بولساق، ئىنسان خىيالىنىڭ بۇ ئىشلارنى ئىگەللەشتىن ياكى ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئەسلەيمىز. ئىنسانلار ئۆزى بىلگەن ئادالەت ۋە باشقا سۈپەتلەرنى ئاللاھنىڭ ئادالىتى ۋە سۈپىتىگە ئوخشىتىپ خاتالىشىپ قالغىنىدەك، پاكىتقا تايانمىغان تەپسىرشۇناسلار جەننەتنى سۈپەتلەشتە ئاخىرەتنى دۇنياغا قىياس قىلىپ ئاخىر گاڭگىراپ خاتالىششقا يۈزلەندى ۋە جەننەتنىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى ئايەتلەردە





www.munber.org

بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ماڭغان يولىنىڭ توغرىلىقىنى، بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن خىيالنى ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

ئۇلارنىڭ ھۆرلىرى توغرىسىدىكى سۆزلىرى ۋە ئۇلاردىن ھوزۇرلىنىش دۇنيا ئاياللىرىدىن ھوزۇرلىنىشقا ئوخشاشمۇ دېگەن سۆزلىرى ئاخىرى چىقمايدىغان جېدەلدۇر. ئۇلار دۇنيا ئاياللىرىدىن ھوزۇرلىنىشتىكى مەقسەت ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتتە بۇنىڭغا ئېھتىياج يوقلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئاندا دېيىلمىگەن نەرسىلەرنى سۈپەتلەشتە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بىزنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم.

## جەننەتكە كىرىش

جەننەتكە ئارزۇ قىلىش بىلەن ئەمەس بەلكى ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ.

﴿لَّيْسَ بِأَمَانِيِّكُمْ وَلا أَمَانِيِّ أَهْلِ الْكِتَابِ مَن يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ﴾

﴿جەننەت سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. كىم بىر يامانلىق قىلىدىكەن بۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىدۇ﴾[1]

﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللّهُ الَّذِينَ جَاهَدُواْ مِنكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر سىلەردىن جىھاد قىلغۇچىلارنى، ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققىتىگە چىدىغۇچىلارنى بىلمەي، ئايرىماي تۇرۇپ ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەن جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[2]

[1] سۈرە نىسا 123 - ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 142 - ئايەت.

جەننەتكە كىرىدىغان ئىنسانلار ياخشى ئىشلارنى قىلغان، كىشىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرغان، ئىسلام دىنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھادنى، مىلىنى ۋە تىلىنى ئايىمايدىغان بولۇشى، بۇ ئىشلارغا قۇدرىتى يەتمىسە يامان ئىشلارنى قىلماسلىقى، يامان چاقىرىققا ئەگەشمەسلىكى، ئۆزىنى، ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا يۈزلەندۈرۈشى، ئىسلام دىن تەرىپىدىن يەتكەن ھەرخىل زىيانلارغا بەرداشلىق بېرىپ تاقابىل تۇرۇشى لازىم. ئەگەر ھېساب ئاخىرلىشىپ مۆئمىن جەھەننەم ئۈستىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كەتسە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

﴿وَسِيقَ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ إِلَى الْجَنَّةِ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا وَفُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَامٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَادْخُلُوهَا خَالِدِينَ *وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي صَدَقَنَا وَعْدَهُ وَأَوْرَثَنَا الْأَرْضَ نَتَبَوَّأُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ نَشَاء فَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ ـ توپ ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتە ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق يار بولسۇن سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ. ئۇلار (جەننەتكە كىرىپ ئورۇنلاشقان چاغدا) ئېيتىدۇ: «جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇركى ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىنى ئىشقا ئاشۇردى، جەننەتنىڭ زېمىنىغا بىزنى ۋارىس قىلدى، جەننەتتە ئۆزىمىز خالىغان جايدا تۇرىمىز، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمە دېگەن ياخشى﴾[1].

## جەننەتنى سۈپەتلەش

جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسماننىڭ كەڭلىكىدەك بار. سىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قالماڭلار، چۈنكى ئاخىرەت دۇنياغا نىسبەتەن خۇددى مۇشۇ دۇنيانىڭ ئايالىنىڭ قورسىقىدا بولغان نىسبىتىگە ئوخشايدۇ. ئانىنىڭ

[1] سۈرە زۇمەر 73 ـ 74 ـ ئايەت.



www.munber.org



قورسىقى دۇنيانىڭ ھويلىسىنىڭ بىرەر ھويلىسىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭ بولسىمۇ تۆرەلمە ئانىنىڭ قورسىقىدىن چوڭ دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس دەپ ئويلايدۇ. جەننەتمۇ بىزگە ئاشۇنداق تۇيىلىدۇ. جەننەت خۇداغا بويسۇنغان كىشىلەرگە تەييار قىلىنغان. ئۇنداقتا جەننەت تەييارلانغان مۇتتەقى كىشىلەر كىملەر؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلاتتى؟ بىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار نېمە ئىش قىلغان بولسا شۇنى قىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاء وَالضَّرَّاء وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ * وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ﴾

﴿تەقۋادار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ پۇل مال سەرپ قىلغانلار، ئاچچىق يۇتىدىغانلار، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ سالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ﴾[1]

مانا بۇ تەقۋادار كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرى. كىمكى ئەقىدىسى توغرا، تەۋھىدى راستچىل بولغاندىن كېيىن مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بولسا ئاللاھ خەيرى ـ ئېھسانى ۋە ئىنئامى بىلەن بۇ كىشىنى مۇتتەقىلەرگە تەييارلانغان جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

جەننەت بىر نەچچە دەرىجىلەرگە بۆلىنىدۇ. ئۇلاردىن ھەممە كىشى كىرەلمەيدىغان بەخت ـ سائادەت جەننىتى دېگەن بىر جەننەت بار.

﴿أَيَطْمَعُ كُلُّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ أَن يُدْخَلَ جَنَّةَ نَعِيمٍ﴾

[1] سۈرە ئال ئىمران 134 ـ 135 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org

﴿ئۇلاردىن ھەربىر ئادەم بەخت ـ سائادەت جەننىتىگە كىرىشنى تاما قىلامدۇ؟﴾[1] بۇ جەننەت ھەممە ئىشتا ئالدىدا ماڭغانلارغا بېرىلىدۇ.

﴿أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ * فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ﴾

﴿ئۇلار نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتتە ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردىن﴾[2]

بۇ جەننەتلەر ئىچىدە ئاللاھ «غۇرفە مېھمانخانا» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنى سۇرە فۇرقاندا ئېتىقادى توغرا، توغرا يولنى تۇتۇپ ماڭغان، ئىبادىتى كۆپ، ئەدەب ـ ئەخلاقلىق كىشىلەرگە بېرىشكە ۋەدە قىلغان جەننەتمۇ بار. بۇ «غۇربە» دېگەن جەننەتنىڭ جەننەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى جەننەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جەننەت يۇقىرىقى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش مۇشەققىتىگە بەرداشلىق بېرىپ، بارلىق يامان ئىشلارغا ھەۋەس قىلىشتىن قول ئۈزگەن كىشىلەرگە مەنسۇپ. ئاللاھ جەننەتتە «بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلار» نىڭ بارلىقىنى ۋە جەننەتتە «جەننەتۇل مەئۋا» ۋە «جەنناتۇل ئەدىنىن» ئىسىملىك ئىككى ئورۇننىڭ بارلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇشتىن قورققان كىشىگە بىر ئەمەس ئىككى جەننەتنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى. بۇ جەننەتنىڭ نېئمەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئورۇننىڭ ھەرخىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## جەننەتتىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى

جەننەتىكىلەر قېرىنداشلىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىر يەرگە يىغىلىدۇ.

﴿ادْخُلُوا الْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ تُحْبَرُونَ﴾

﴿سىلەر ئاياللىڭلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار﴾[1]

[1] سۈرە مائارىج 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ۋاقىئە 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org



﴿هُمْ وَأَزْوَاجُهُمْ فِي ظِلَالٍ عَلَى الْأَرَائِكِ مُتَّكِؤُونَ﴾

﴿ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتىلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختكە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ﴾[2]

﴿وَالَّذِينَ آمَنُوا وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُم بِإِيمَانٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ﴾

﴿خۇداغا ئىشەنگەن كىشىلەر ئىشىنىشتە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئەۋلادلارغا، بىز ئۇلارنى جەننەتتە ئۆز ئەۋلادلىرىغا قوشىمىز﴾[3].

ئۇلار ناھايىتى سەممىيەتلىك ۋە دوستلۇق ئۈستىگە يىغىلىدۇ.

﴿وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَانًا عَلَى سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ﴾

﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ﴾[4]

تەختلەر ئۈستىدە نەپىس ئىشلەنگەن كۆرپىلەر بار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئىككى بوستانلىق ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مېۋىسى قول يېتىدىغان يەردە. ئۇلارغا كىچىك غولاملار خىزمەت قىلىدۇ.

﴿وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ غِلْمَانٌ لَّهُمْ كَأَنَّهُمْ لُؤْلُؤٌ مَّكْنُونٌ﴾

﴿گويا سەدەبنىڭ ئىچىدىكى گۆھەردەك غىلمانلار ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ﴾[5]

ئۇلارغا خالىغان تاماق كەلتۈرىلىدۇ.

﴿يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُّخَلَّدُونَ * بِأَكْوَابٍ وَأَبَارِيقَ وَكَأْسٍ مِّن مَّعِينٍ❖ لَا يُصَدَّعُونَ عَنْهَا وَلَا يُنزِفُونَ❖ وَفَاكِهَةٍ مِّمَّا يَتَخَيَّرُونَ * وَلَحْمِ طَيْرٍ مِّمَّا يَشْتَهُونَ﴾

[1] سۈرە زۇخرۇف 7 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ياسىن 56 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تۇر 21 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ھىجر 47 ـ ئايەت.
[5] سۈرە تور 24 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿قىرىماي بىر خىل تۇرىدىغان غىلمانلار ئېقىپ تۇرغان شارابتىن تولدۇرۇلدىغان پىيالە، چەينەك جاملارنى ئۇلار ئايلىنىپ سۇنۇپ تۇرىدۇ. شارابنى ئىچىش بىلەن ئۇلارنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ ۋە مەست بولمايدۇ. ئۇلارغا ئىختىيارى قىلغان مېۋىلەر، كۆڭۈللىرى تارتقان قوي گۆشلىرى بېرىلىدۇ﴾[1].

﴿فِي سِدْرٍ مَّخْضُودٍ❖ وَطَلْحٍ مَّنضُودٍ❖ وَظِلٍّ مَّمْدُودٍ❖ وَمَاء مَّسْكُوبٍ❖ وَفَاكِهَةٍ كَثِيرَةٍ❖ لا مَقْطُوعَةٍ وَلا مَمْنُوعَةٍ❖ وَفُرُشٍ مَّرْفُوعَةٍ﴾

﴿ئۇلار سىدرى دەرەخلىرىدىن، سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن مەۋز دەرەخلىرىدىن، ھەمىشە تۇرىدىغان سايىدىن ئېقىپ تۇرغان سۇدىن، تۈگىمەيدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان مېۋىلەردىن، ئېگىز يۇمشاق تۆشەكلەردىن بەھرىمان بولىدۇ﴾[2]

﴿لا يَرَوْنَ فِيهَا شَمْسًا وَلا زَمْهَرِيرًا❖ وَدَانِيَةً عَلَيْهِمْ ظِلالُهَا وَذُلِّلَتْ قُطُوفُهَا تَذْلِيلا﴾

﴿ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ. جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ﴾[3]

ئۇلار جەننەتنىڭ خالىغان ئورنىدا كۆرۈشۈپ سۆزلىشەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سالىمى: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇلار پەقەت ياخشى سۆزنىلا قىلىدۇ. ئۇلار

﴿الْحَمْدُ لِلّهِ الَّذِي هَدَانَا لِهَـذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِيَ لَوْلا أَنْ هَدَانَا اللّهُ لَقَدْ جَاءتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِالْحَقِّ وَنُودُواْ أَن تِلْكُمُ الْجَنَّةُ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾

[1] سۈرە ۋاقىئە 17 ـ 21 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ۋاقىئە 28 ـ 34 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ئىنسان 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org





﴿بارلىق مەدھىيە مۇشۇ ياخشىلىقنى ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى دەيدۇ. ئۇلارغا قىلغان ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا شۇ دەپ نىدا قىلىدۇ﴾[1]

﴿لَا يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ...﴾

﴿ئۇلار جەننەتتە جاپا چەكمەيدۇ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتمەيدۇ...﴾[2]

﴿لا يَذُوقُونَ فِيهَا الْمَوْتَ إِلا الْمَوْتَةَ الْأُولَى...﴾

﴿جەننەتتە دۇنيادىكى بىرىنچى قېتىملىق ئۆلۈمدىن باشقا ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ﴾[3]

﴿وَالمَلاَئِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ...﴾

﴿ئۇلارنىڭ يېنىغا پەرىشتىلەر ھەممە ئىشىكتىن كىرىدۇ...﴾[4]

پەرىشتىلەر ئۇلارغا سالام قىلىپ ئۇلارنى تەبرىكلەپ:

﴿سَلاَمٌ عَلَيْكُم بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ﴾

﴿ئۇ دۇنيادا سەۋرىنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمە دېگەن ئوبدان﴾[5] دەيدۇ.

﴿وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ﴾

﴿جەننەتتە كۆڭۈل ئىشتىھا قىلىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار...﴾[6]

﴿إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ❖ لِمِثْلِ هَذَا فَلْيَعْمَلْ الْعَامِلُونَ﴾

[1] سۈرە ئەئراف 43 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر 48 ـ ئايەت.
[3] سۈرە دۇخان 56 ـ ئايەت.
[4] سۈرە رەئد 23 ـ ئايەت.
[5] سۈرە رەئد 24 ـ ئايەت.
[6] سۈرە زۇخرۇف 71 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ھەقىقەتەن بىز قالتىس، كاتتا نىجاتلىق، ئەمەل قىلىدىغانلار مۇشۇ نىجاتلىق ئۈچۈن ئەمەل قىلسۇن... قىزىقىقۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن﴾[1]

ئى بارلىق نەرسىگە رەھمىتى، ئەپۇسى، مەغپىرىتى كەڭ بولغان ئاللاھ! سەن ناھايىتى ئەپۇچان، كەچۈرۈملۈكسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ، جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرگۈزگىن.

## جەھەننەم

جەھەننەمنىڭ ئوتى دېسە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ دۇنيانىڭ ئوتى كېلىدۇ. لېكىن جەھەننەمنىڭ ئوتى دۇنيانىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك. جەھەننەمنىڭ ئوتىنىڭ ھارارىتىنى بۇ دۇنيانىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. دۇنيانىڭ ئوتى جەھەننەمنىڭ ئوتىنىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنىڭ بىر تۈرى. لېكىن قۇرئان جەھەننەمنىڭ ئوتى دۇنيا ئوتىدىن قىلىنغان بولىدىغان بولسا ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن بولاتتى. جەھەننەمنىڭ ئوتى باشقا بىر تۈر دەپ سۈپەتلەيدۇ.

جەھەننەمدە دەرەخ، سۇ، سايە قاتارلىقلار بار،. ئۇلار نېئمەت ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئازابلاش ئۈچۈندۇر. دۇنيانىڭ ئوتى ئوتقا كىرگەن كىشىنى كۆيدۈرىدۇ. ئۇ كىشى كۆيۈپ ئاغرىقتىن خالاس بولىدۇ. جەھەننەم (ئۇنىڭدىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمىز) جەھەننەمدىكى كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك دەرد ـ ئەلەمدۇر.

﴿لا يُقْضَى عَلَيْهِمْ فَيَمُوتُوا وَلا يُخَفَّفُ عَنْهُم مِّنْ عَذَابِهَا﴾

﴿ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ راھەت ئېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ﴾[2]

[1] سۈرە سەففات 60 ـ 61 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە فاتىر 36 ـ ئايەت.



www.munber.org



تېرە كۆيۈپ يوقاپ كەتمەيدۇ. لېكىن پىشىپ كېتىدۇ. ھەرۋاقىت تېرىسى پىشىپ كەتكەن ۋاقىتدا ئازابنى تېتىش ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنىڭ تېرىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. جەھەننەمدىكىلەر تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. پىكىر يۈرگۈزىدۇ. قىلغان ئىشلىرىنى ئەسلەيدۇ، دۈشمەنلىشىدۇ. جەھەننەمدە دەرەخ بار، لېكىن

﴿إِنَّهَا شَجَرَةٌ تَخْرُجُ فِي أَصْلِ الْجَحِيمِ❖ طَلْعُهَا كَأَنَّهُ رُؤُوسُ الشَّيَاطِينِ﴾

﴿جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر ئۇنىڭ مېۋىسى شەيتانلارنىڭ بېشىغا ئوخشاش﴾[1] بولۇپ «زەققۇم بىر خىل سېسىق، ئاچچىق» دەرەختۇر. جەھەننەمدە جەھەننەمدىكىلەر يەيدىغان تائام مۇشۇ ناچار دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. «ئۇلار مېۋىلىرىدىن قورسىقىنى توشقۇزىدۇ... ھەقىقەتەن زەققۇم دەرىخى گۇناھكارلارنىڭ تائامىدۇر...» زەققۇم دەرىخى ئۇلارنىڭ قورسىقىدا قايناپ كېتىدۇ. جەھەننەمدە ئىچىملىك سۇ بار، لېكىن ئۇ قاينىتىلغان يىرىك بولۇپ ئۇنىڭدىن كاپىرلار سۇغىرىلىدۇ.

ئەگەر ئۇلار بۇ دەرەختىن يېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قاينىغان يىرىڭدىن خۇددى ئۇسساپ كەتكەن تۆگە سۇ ئىچكەندەك ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇ قايناق يىرىك ئۇلارنىڭ بېشىدىن تۆكۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچى قايناپ پىشىپ كېتىدۇ.

جەھەننەمدە كىيىملەر بار، لېكىن ئۇ ئوتتىندۇر. «كاپىر بولغان كىشىلەرگە ئوتتىن كىيىم كېسىپ بېرىلىدۇ...» جەھەننەمدە سايە ۋە سايىۋەن بار، لېكىن ئۇ ئوتتىن «ئۇلارنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن ئوتتىن بولغان سايىلار بار...» مانا بۇ كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇپ، قايتا تىرىلىشكە ئىشەنمەي دۇنيانىڭ شەھۋىتىگە چۆمۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى.

﴿إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَلِكَ مُتْرَفِينَ ❖ وَكَانُوا يُصِرُّونَ عَلَى الْحِنثِ الْعَظِيمِ﴾

[1] سۈرە سافقات 64 ـ 65 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿چۈنكى ئۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى دۇنيادا شەھۋەتكە چۆمگەن ئىدى، ئۇلار چوڭ گۇناھتا چىڭ تۇرغان ئىدى﴾[1]

﴿قَالُوا أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَامًا أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ﴾

﴿ئۇلار بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم تىرىلدۇرىلەمدۇق؟ دەيتتى﴾[2]

﴿لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَشَهِيقٌ❖ خَالِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ السَّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ إِلاَّ مَا شَاء رَبُّكَ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ❖﴾

﴿ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) توۋلاپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ. (دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە، خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴾[3].

## دوزاخ ـ ئوتقا كىرىش

ھېساب ئاخىرلىشىپ كاپىرلارنى ئازابلاش سۆزى ھەقىقەتلەشسە كاپىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ ھالدا ھەيدىلىدۇ. جەھەننەم ئۇلارنىڭ كۆيۈرلىقىغا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەلچىلىرىدىن يۈز ئۆرىگەنلىك تۈپەيلى ئاچچىق يۇتىدۇ. جەھەننەم قاراۋۇللىرى بۇلارنىڭ ھاماقەت ۋە جاھىللىقىغا ھەيران قالىدۇ. «دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ، دوزاخقا ھەرقاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتە ئۇلاردىن: ‹سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەرىشتە كەلمىگەنمىدى؟› دەيدۇ. ئۇلار ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇلار: ‹ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن





ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن بىز ئۇنى ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز ئاللاھ بىرەر نەرسە نازىل قىلغانلىقى يوق دېدۇق› دەيدۇ، پەرىشتە ئۇلارغا: ﴿إِنْ أَنتُمْ إِلا فِي ضَلالٍ كَبِيرٍ﴾

﴿سىلەر چوڭ ئازغۇنلۇقتا﴾[1] دەيدۇ، ئۇلار گاس، ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى، نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ ئۆزىدە، ئەتراپىدىكى نەرسىلەردە پىكىر يۈرگۈزۈشكەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ بارلىقىنى تونۇپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقىنى، جەھەننەمگە كىرىپ قالمايدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ.

﴿وَقَالُوا لَوْ كُنَّا نَسْمَعُ أَوْ نَعْقِلُ مَا كُنَّا فِي أَصْحَابِ السَّعِيرِ❖ فَاعْتَرَفُوا بِذَنبِهِمْ فَسُحْقًا لِّأَصْحَابِ السَّعِيرِ﴾

﴿ئۇلار: بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ياكى چۈشەنگەن بولساق ئەھلى دوزاخ قاتارىدىن بولماس ئىدۇق. ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ. ئەھلى دوزاق ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن﴾[2] دەيدۇ.

## جەھەننەم زىندان

جەھەننەمنىڭ ﴿لَهَا سَبْعَةُ أَبْوَابٍ﴾ ﴿7 ئىشىكى بار﴾[3] جەھەننەمدىكىلەر ئۇ ئىشىكلەرگە تاقۇۋېتىلىدۇ. «ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلۈك ئادەم بار» جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى خۇددى تۈۋرۈكتەك چوڭ قۇلۇپلار بىلەن قۇلۇپلانغان.

﴿إِنَّهَا عَلَيْهِم مُّؤْصَدَةٌ❖ فِي عَمَدٍ مُّمَدَّدَةٍ﴾

﴿ئۇلار چوقۇم دوزاخقا سولىنىدۇ، ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ﴾[4]

[1] سۈرە مۇلك 9 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇلك 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە ھىجر44 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ھۇمەزە 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org

ئۇلار جەھەننەمدە بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ تار ئورۇنغا تاشلىنىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا «زەنجىر ـ ئىشكەل ۋە جەھەننەمنى...» تەييارلاپ قويغان.

## چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇش

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا دۇنيادا بىر ۋاقىت ئۆمۈر بەردى ۋە خالىغىنىنى تاپالايدىغان ئەقلنى، تاللىغىنىنى قىلىدىغان ئىختىيارنى بەردى. بىر قىسىم كىشىلەر جەھەننەم يولىغا مېڭىشنى تاللاپ جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى قىلدى. جەھەننەمگە يېتىپ بارغاندا چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى. ئىشنى بىردە ئۆتەلمىسە يەنە بىردە ئۆتىدىغان دۇنيادىكى ئىمتىھانغا ئوخشاش دەپ ئويلاپ دۇنياغا قايتىپ ئىمان كەلتۈرۈشنى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. دۇنيادىن چىقىپ كەتسە قايتمايدىغانلىقنى، دوزاخقا كىرسە قايتىپ چىقالمايدىغانلىقنى بىلمەستىن دۇنياغا قايتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازاۋى ھەقلىق بولدى. ئاللاھ ئېيتىدۇ:

﴿وَلَقَدْ جِئْنَاهُم بِكِتَابٍ فَصَّلْنَاهُ عَلَى عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ❖ هَلْ يَنظُرُونَ إِلاَّ تَأْوِيلَهُ يَوْمَ يَأْتِي تَأْوِيلُهُ يَقُولُ الَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبْلُ قَدْ جَاءتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِالْحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَاء فَيَشْفَعُواْ لَنَا أَوْ نُرَدُّ فَنَعْمَلَ غَيْرَ الَّذِي كُنَّا نَعْمَلُ قَدْ خَسِرُواْ أَنفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَفْتَرُونَ﴾

﴿ئۇلارغا قۇرئان بەردۇق، ئۇنى بىلىش ئاساسىدا بايان قىلدۇق. ئىمان ئېيتقان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق. كاپىرلار ۋەدە قىلىنغان ئازاپ نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، بىز ئىشەنمىگەن، بۈگۈن بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلىشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟﴾[1]

﴿وَهُمْ يَصْطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَا أَخْرِجْنَا نَعْمَلْ صَالِحًا﴾

﴿ئۇلار دوزاختا: پەرۋەردىگارىمىز بىزنى چىقىرىۋەتسە ‹دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق› دەپ توۋلايدۇ﴾[2]

ئۇلارغا بېرىلگەن كەسكىن جاۋاب: «سىلەرنىڭ ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ ۋەز نەسىھەت قوبۇل قىلىدىغان ئادەم نەسىھەت ئاڭلىغىدەك ۋاقىت بەرمىدۇقمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلدىغۇ ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق». مەھبۇس تۈرمە ساقچىسىغا مېنى قۇتقۇزالايدۇ دەپ ئويلاپ يالۋۇرغىنىدەك جەھەننەمدىكى كىشىلەرمۇ جەھەننەم قاراۋۇلىغا يالۋۇرۇپ: «گۇۋاھلىقتا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇ بىزدىن بىر كۈنلۈك ئازابنى يېنىكلەتسۇن» دەيدۇ. پەرىشتىلەر «پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلمىگەنمىدى؟» دەيدۇ. كاپىرلار: «ھەئە ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ: «سىلەر دۇئا قىلىڭلار لېكىن كاپىرلارنىڭ دۇئاسى پايدىسىز» دەيدۇ. ئۇلار نائۈمىد بولسا جەھەننەم قاراۋۇللىرىنىڭ خوجايىنىغا يالۋۇرىدۇ. «ئى خوجايىن بىزگە پەرۋەردىگارىڭ ھۆكۈم قىلسىكەن» دەيدۇ. قاراۋۇللارنىڭ خوجايىنى ئۇلارغا: «سىلەر چوقۇم تۇرىسىلەر» دەيدۇ. ئۇلار جەھەننەمدە تۇرۇپ دۇنيادىكى ماللىرىنى سەدىقە قىلغاندەك ئۆزلىرىنى سەدىقە بېرىشنى ئويلايدۇ. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس.

[1] سۈرە ئەئراف 52 ـ 53 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فاتىر 37 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿وَلَوْ أَنَّ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا وَمِثْلَهُ مَعَهُ لافْتَدَوْا بِهِ مِن سُوءِ الْعَذَابِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ * وَبَدَا لَهُمْ سَيِّئَاتُ مَا كَسَبُوا وَحَاقَ بِهِم مَّا كَانُوا بِهِ يَسْتَهْزِئُون﴾

﴿ئەگەر ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كۆپ نەرسە بولىدىغان بولسا قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازاب ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە بەرگەن بولاتتى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ. ئۇلار پەيغەمبىرنىڭ چاقىرىقىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق ئازاب قورشايدۇ﴾[1] ئۇلارنىڭ بۇ ئۈرنۇشلىرى ھېچ پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ تۇرىدۇ.

## ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە زىددىيىتى

جەننەتتىكىلەرنىڭ دىللىرىدىكى ئۆچمەنلىك يوقىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى خۇشال بىر تۇغقاندەك ياشايدۇ. چىرايلىق سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە بىمەنە، يالغان، ساختا سۆزلەر يوق. ئەمما جەھەننەمدىكىلەر داۋاملىق جېدەل، غوۋغا قىلىشىپ تۇرىدۇ.

﴿كُلَّمَا دَخَلَتْ أُمَّةٌ لَّعَنَتْ أُخْتَهَا حَتَّى إِذَا ادَّارَكُواْ فِيهَا جَمِيعًا قَالَتْ أُخْرَاهُمْ لأُولاَهُمْ رَبَّنَا هَؤُلاء أَضَلُّونَا فَآتِهِمْ عَذَابًا ضِعْفًا مِّنَ النَّارِ قَالَ لِكُلٍّ ضِعْفٌ وَلَكِن لاَّ تَعْلَمُونَ❖ وَقَالَتْ أُولاَهُمْ لأُخْرَاهُمْ فَمَا كَانَ لَكُمْ عَلَيْنَا مِن فَضْلٍ فَذُوقُواْ الْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ﴾

﴿ھەرقاچان بىر ئۇممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇممەتكە لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جېدەللەشكەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر يەنى ئەگەشكۈچىلەر ئىلگىرى كىرگەنلەرگە يەنى باشلىقلىرىغا قارىتىپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز، بۇلار بىزنى ئازدۇرغان ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. ئاللاھ:

﴿ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە، سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار﴾[1] دەيدۇ.

﴿هَذَا فَوْجٌ مُّقْتَحِمٌ مَّعَكُمْ لا مَرْحَبًا بِهِمْ إِنَّهُمْ صَالُوا النَّارِ❖ قَالُوا بَلْ أَنتُمْ لا مَرْحَبًا بِكُمْ أَنتُمْ قَدَّمْتُمُوهُ لَنَا فَبِئْسَ الْقَرَارُ❖ قَالُوا رَبَّنَا مَن قَدَّمَ لَنَا هَذَا فَزِدْهُ عَذَابًا ضِعْفًا فِي النَّارِ❖ وَقَالُوا مَا لَنَا لا نَرَى رِجَالا كُنَّا نَعُدُّهُم مِّنَ الْأَشْرَارِ ❖ أَتَّخَذْنَاهُمْ سِخْرِيًّا أَمْ زَاغَتْ عَنْهُمُ الْأَبْصَارُ❖ إِنَّ ذَلِكَ لَحَقٌّ تَخَاصُمُ أَهْلِ النَّارِ﴾

﴿ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەن ئەگەشكۈچىلەر: ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ، ئۇلار چوقۇم بىزگە ئوخشاش ئازابنى تېتىغۇچىلاردۇر، دەيدۇ. ئەگەشكۈچىلەر: بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر، سىلەر ئازابنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار بۇ نېمە دېگەن يامان جاي، ئى پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە دوزاخ ئازابنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن دەيدۇ. كاپىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى بىز دۇنيادا يامانلاردىن ھېسابلايدىغان مۆئمىن ئادەملەرنى دوزاختا كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلارنى بىز مەسخىرە قىلاتتۇقغۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئېقى كەتتىمۇ يەنى بىز بىلەن بىللە تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتامدۇق؟ دەيدۇ. ئەھلى دوزاخنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆزئارا جاڭجاللىشىشى چوقۇمدۇر﴾[2] كاپىرلار:

﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا رَبَّنَا أَرِنَا الَّذَيْنِ أَضَلانَا مِنَ الْجِنِّ وَالْإِنسِ نَجْعَلْهُمَا تَحْتَ أَقْدَامِنَا لِيَكُونَا مِنَ الْأَسْفَلِينَ﴾

[1] سۈرە زۇمەر 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.

[1] سۈرە ئەئراف 38 ـ 39 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ساد 59 ـ 64 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿پەرۋەردىگارىمىز ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بىزنى ئازدۇرغانلارنى بىزگە كۆرسەتكەن، ئەڭ خارلاردىن بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئاياقلىرىمىز ئاستىدا چەيلەيمىز﴾[1] دېدى.

## دوزاختىكىلەر ۋە جەننەتتىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت

جەننەتتىكىلەر دوزاختىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرىدۇ دېگەن سۆز يۇقىرىدا سۆزلىنىپ ئۆتتى. قۇرئاندا جەننەتتىكىلەر بىلەن دوزاختىكىلەر بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ سۆزلىشىدۇ، دېيىلگەن. جەننەتتىكىلەر دوزاختىكىلەرگە: بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟ دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار ھەئە دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: زالىملارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن دەپ جاكارلايدۇ. دوزاختىكىلەر جەننەتتىكىلەرگە سۇدىن ۋە ئاللاھ سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار، دەپ توۋلايدۇ. جەننەتتىكىلەر ئۇلارغا:

﴿قَالُواْ إِنَّ اللّهَ حَرَّمَهُمَا عَلَى الْكَافِرِينَ * الَّذِينَ اتَّخَذُواْ دِينَهُمْ لَهْوًا وَلَعِبًا وَغَرَّتْهُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا﴾

﴿ئاللاھ ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان، دەيدۇ. كاپىرلار دىنلىرىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى، ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى﴾[2]

## جەننەت ۋە دوزاخ ئوتتۇرىسىدىكى توسما

ئايەتتىكى ئەئراب دېگەن سۆز جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇ يەردە جەننەتكە كىرىشكە ياخشىلىقى ئاز كەلگەن، دوزاخقا كىرىشكە يامانلىقى توشمىغان كىشىلەر بىر مەزگىل تۇرىدۇ. بۇلار

[1] سۈرە فۇسسىلەت 29 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف50 ـ 51 ـ ئايەت.



www.munber.org



جەننەتنى كۆرۈپ ئۇ يەرگە كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە جەننەتتىكىلەر بىلەن سۆزلىشىدۇ. دوزاخنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كىرىشتىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيدۇ. ئۇلار بىلەنمۇ سۆزلىشىدۇ. دوزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا پەردە بار.

﴿وَعَلَى الأَعْرَافِ رِجَالٌ يَعْرِفُونَ كُلاًّ بِسِيمَاهُمْ وَنَادَوْاْ أَصْحَابَ الْجَنَّةِ أَن سَلاَمٌ عَلَيْكُمْ لَمْ يَدْخُلُوهَا وَهُمْ يَطْمَعُونَ * وَإِذَا صُرِفَتْ أَبْصَارُهُمْ تِلْقَاء أَصْحَابِ النَّارِ قَالُواْ رَبَّنَا لاَ تَجْعَلْنَا مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾

﴿توسمىدا جەننەتتىكىلەر ۋە دوزاختىكىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر بار. ئۇلار جەننەتتىكىلەرگە، سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن ئەمما كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوزاخ تەرەپكە بۇرۇلغاندا، ئى پەرۋەردىگارىمىز بىزنى زالىم قەۋملەر بىلەن بىللە قىلمىغىن، دەيدۇ﴾[1]

﴿وَنَادَى أَصْحَابُ الأَعْرَافِ رِجَالاً يَعْرِفُونَهُمْ بِسِيمَاهُمْ قَالُواْ مَا أَغْنَى عَنكُمْ جَمْعُكُمْ وَمَا كُنتُمْ تَسْتَكْبِرُونَ﴾

﴿توساقتىكى كىشىلەر ئۆزلىرى تونۇيدىغان دۇنيادا زومىگەرلىك قىلغان ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن كۆرەڭلەپ ھاكاۋۇرلىشىپ ھەددىدىن ئاشقان كىشىلەرگە توپلىغان پۇل ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى﴾[2] دەپ توۋلايدۇ.

بۇ زومىگەرلەر شۇ كۈندە مال ـ دۇنيا ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ ھېچنىمىگە ئەسقاتمىغانلىقى، ئازاپتىن ئازراقمۇ يەڭگىللىتەلمىگەنلىكى، ئۆلگەن ۋاقتىدا دۇشمەنلىرى، بۇرادەرلىرى ۋە قەسەم ئىچىشكەن ياردەمچىلىرىنىڭ بىللە چۈشمەيدىغانلىقىنى بارلىق مال ـ دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قالغانلىقىنى، بەلكى ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، قەبرىگە يالغۇز

[1] سۈرە ئەئراف 46 ـ 47 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 48 ـ ئايەت.



www.munber.org

چۈشكەنلىكنى ئۇنىڭدىن يالغۇز قوپقانلىقىنى ۋە ھېساب بېرىش ئۈچۈن يالغۇز تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. مانا بۇ دۇنيادىكى كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقەت. لېكىن بۇنى كۆزلەر كۆرەلمەيۋاتىدۇ، دىللار بىلەلمەيۋاتىدۇ.

ئى ئاللاھ ھەقلىقىڭنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھەقىقەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزلىرىمىزنى روشەن قىلغىن، ساڭا يەتكۈزىدىغان يولنى بىلىشىمىز ئۈچۈن دىلىمىزنى نۇرلاندۇرغىن، ئاشكارا ۋە مەخپىي ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، بىزگە رازىلىقىڭنى ۋە جەننەتنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، ئى ئەپۇ قىلغۇچى ۋە مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگارىمىز بىزنى غەزىپىڭدىن ۋە دوزاختىن ساقلىغىن «ئامىن».

www.munber.org

## تەقدىرگە ئىشىنىش

### قازا ۋە قەدەرنىڭ مەنىسى

تەقدىرنى سۆزلىگەن ئايەتلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

﴿وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلاَّ عِندَنَا خَزَائِنُهُ وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلاَّ بِقَدَرٍ مَّعْلُومٍ﴾

﴿قانداقلا نەرسە بولمىسۇن ئۇنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز﴾[1]

﴿وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلاَّ بِقَدَرٍ مَّعْلُومٍ﴾

﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[2]

ئاللاھ زېمىن توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَبَارَكَ فِيهَا وَقَدَّرَ فِيهَا أَقْوَاتَهَا﴾

1 سۈرە ھىجر 21 ـ ئايەت.
2 سۈرە قەمەر 41 ـ ئايەت.





﴿زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، زېمىندىكىلەرنىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى﴾[1]

ئاللاھ ئاي توغرىسىدا:

﴿وَالْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ مَنَازِلَ﴾

﴿ئايغا ماڭىدىغان ئورۇنلارنى بەلگىلىدى﴾[2] دەيدۇ.

﴿وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا﴾

﴿ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴾[3].

﴿وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ﴾

﴿ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴾[4]

ئاللاھ مۇشۇ دۇنيادا ئورۇنلاشتۇرغان دۇنيانى ماڭدۇرۇۋاتقان قانۇن (ياكى دۇنيانى ئايلاندۇرۇۋاتقان تەبىئەت قانۇنى دېيىلىدۇ)، دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم ئۆلچەم ۋە مۇناسىۋەت بىلەن يارىتىلغان. دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە يارىتىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ مىقدارى، ئۇنىڭدىكى ئاتوم سانى، ئۇ قۇراشتۇرۇلغان ئېلمېنت مىقدارى، توك، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىدىغان، بىرىكىدىغان، ئايرىلىدىغان، جىم تۇرۇۋالىدىغان، ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن بەلگىلىنىدۇ. مەن قازا ۋە قەدەرنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرەي. (ئاللاھقا ئەڭ يۇقىرى مىسال بار) قازا ۋە قەدەر پالانى ئىنژېنىر لايىھىلىگەن پالانى قۇرۇلۇشچى بېجىرىدۇ دەپ ۋىۋىسكا ئاسقان قۇرۇلۇشقا ئوخشاش بولۇپ، ئىنژېنىر قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى سىزىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ ئېگىزلىكى، تامنىڭ قېلىنلىقى ۋە ئىچىگە كېتىدىغان تۆمۈر، پولات، تاش قاتارلىقلارنى ۋە بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، قۇرۇلۇشتىكى ئىشىك ـ دېرىزە

www.munber.org

1 سۈرە فۇسسىلەت 10 ـ ئايەت.
2 سۈرە ياسىن 39 ـ ئايەت.
3 سۈرە فۇرقان 2 ـ ئايەت.
4 سۈرە رەئد 8 ـ ئايەت.

قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. مانا بۇ تەقدىرنىڭ مىسالى، قۇرۇلۇشچى ئىنژىنېر بەلگىلەپ بەرگەن ئىشلارنى بېجىرىدۇ. مانا بۇ قازانىڭ مىسالى. بۇنىڭ ھەرئىككىلىسى بىرلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئىنژىنىر خالىسا بىر قېتىم ئۆچۈرىۋېتىشى مۇمكىن بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتىدىن كىشىلەرنىڭ دۇئا ۋە ئاللاھ يولىدا ئىشلەتكەن پۇل ـ مالنى بىر قېتىم بەلگىلىنىپ كەتكەن ئىشلارنى كۆتۈرۈۋىشكە سەۋەب قىلىپ كىشىلەرنىڭ دۇئاسى بىلەن بەزى بەلگىلىنىپ كەتكەن ئىشلارنى كۆتۈرىۋېتىدۇ.

## مۇكاپات ۋە جازا

مانا بۇ ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا تەقدىرنىڭ مەنىسى. تەقدىر ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەقدىرىنى، ئۇلارنىڭ كېيىن قىلغان ئىشلىرىنى بەلگىلىگەن. ئىنسانمۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى قاتارىدا بولىدۇ.

بۇ يەردە ئۆزۈندىن بېرى كىشىلەر كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلغان مۇكاپات ۋە جازادىن ئىبارەت قىيىن بىر مەسىلە بار.

دۇنيادا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بەلگىلىنىپ كەتكەن تۇرسا ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنى ئۆزگەرمەيدىغان ۋە يەڭگۈشلەنمەيدىغان تۇرسا مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قانداق بولىدۇ؟

ئومۇمىي جاۋاب: ئىنساننىڭ ئىشلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىش لازىم. ئاللاھنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى غەيىب بولۇپ، ئەقىل بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ ۋە بىلەلمەيدۇ. پەقەتلا ئىلاھى ۋەھيي كەلگەندىلا بىلەلەيدۇ.



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

## ئىنسان ئىختىيارى

مەن ھازىر ئەسلى كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتقان ئىشلاردىن سۆزلەي. ئۇنىڭدىن كېيىن تېكستىي پاكىت سۆزلەيمەن. ئەمەلىيەتتە ئىنساندا ئەركىنلىك بار. ماددىي ئىشلارغا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، ياخشى ـ يامانىنى ئايرىيالايدىغان ئەقىل، ياخشىلىقنىمۇ يامانلىقنىمۇ قىلالايدىغان ئىختىيار بار. ئىنسان ئەقىللىق بولۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۆيدىن چىققاندا ئوڭ تەرەپچە مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا ياكى سول تەرەپچە مېڭىپ پاھىشىخانىغا بېرىپ زىنا ئۆتكۈزۈشكىمۇ قادىر. بۇنىڭغا بىرەر ئادەم شەك قىلامدۇ؟ ئەگەر مېنىڭ قولۇم پالەچ ياكى كېسەل بولماي ساق بولسا قولۇمنى كۆتۈرەلەيمەن. بىرەرسى ماڭا سىز قولىڭىزنى كۆتۈرەلمەسىز دېيەلەمدۇ؟ مەن قولۇمنى كۆتۈرۈشكە قادىر بولسام كەمبەغەللەرگە پۇل بېرىش ياكى بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتىرىمەن، ئۇنداق ئەمەسمۇ ـ يە؟ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىش مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان ياخشىلىق، گۇناھسىزلارنى ئۇرۇش جازاغا دۇچار قىلىدىغان جىنايەت ئەمەسمۇ؟ ئوقۇغۇچى ئىمتىھان كېچىلىرىدە ئويۇن ـ تاماشا قىلىشقىمۇ دەرس تەكرارلاشقىمۇ قادىر، بۇ توغرا ئەمەسمۇ؟ بىرمۇ ئادەم ئويىنىغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتمىگىنىنى دۈشمەنلىكتىن، تىرىشقان ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكىنىنى دوستلۇقتىن دەپ داۋالىشامدۇ؟

## ئىنسان مەجبۇرى

مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيمەن. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى ماڭا بويسۇنىدىغان قىلغان. لېكىن يۈرىگىمنىڭ ۋە ئاشقازىنىمنىڭ مۇسكۇللىرىنى باشقۇرالمايمەن.



www.munber.org

بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەقىللىق بولۇپ دەرسنى بىر قېتىمدىلا ئوقۇپ يادلىۋالالايدۇ. ئاندىن كېيىن ئوينايدۇ ۋە كۆڭۈل ئاچىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار دۆت بولۇپ كېچە - كۈندۈز دەرس ئوقۇسىمۇ چۈشەنمەيدۇ ۋە يادلىيالمايدۇ. دۆت ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيى جىمجىت، دادىسى بىلىملىك بولۇپ ئۆگىتىپ قويغان بولسىمۇ دەرسنى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئەقىللىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، دادىسى دەرس ئۆگىتەلمەيدىغان بىلىمسىز كىشى بولسىمۇ دەرسنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ دۆت ئوقۇغۇچى ئۆزىگە زېرەكلىكنى بېرەلمەيدۇ ۋە دادىسىنى تاللىمايدۇ ۋە ئۆزى ياخشى ۋاقتىنى تاللاپ دۇنياغا كېلەلمەيدۇ، بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت تاپالمايدۇ. ئىنسان بۇرنىنى چىرايلىق، جىسمىنى (بويىنى) ئېگىز قىلالمىغىنىدەك بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئىگە بولالمايدىغان ئىشلاردۇر. ئىنسان بۇ تەرەپتىن مەجبۇرىدۇر.

ئىنسان ئەقىللىق كۈچ - قۇۋۋىتى دائىرىسىدە ئەركىن ۋە ئىختىيارى.

ئىنسانلار ئىنسانلىق كۈچ - قۇۋۋىتى دائىرىسىدە ئىختىيارى ۋە ئەركىن بولۇپ، بەزى ھاللاردا مەجبۇريي بولۇشى ئەركىنلىك سۈپىتىگە زىت كەلمەيدۇ. خۇددى ماشىنا ۋە تاشقا ئوخشاش. ھېچقانداق ئادەم، ماشىنا ماڭىدۇ لېكىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ دائىرىسىدە ماڭىدۇ دېگەنلىكنى ئىنكار قىلالمايدۇ. ئەگەر سىز يۇك ماشىنىسى ياسىسىڭىز ئۇنىڭ مۇسابىقە ماشىنىسى بىلەن تەڭ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر كىچىك ماشىنا ياسىسىڭىز ئۇنىڭدىن شوتا قويۇپ چىقىش، تاملارنى يىقىتىپ ئېلىۋېتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ يولدا ماڭىدۇ. ئەگەر يولغا بىر نەرسە توسالغۇ بولىۋاتسا مېڭىش قۇدرىتىنى يوقاتمايدۇ ۋە تاشتەك بولۇپ قالمايدۇ. ئىنسانمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ھاياتلىقتا ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى بېكار قىلىۋېتىدىغان ھادىسىلەر، مەقسىدىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان توسالغۇلار كېلىدۇ ۋە ھاياتلىقتا قايتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ.





لېكىن بۇلار ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىگە زىت كەلمەيدۇ. ئىنسان ئىنسانلىق دائىرىسىدە ئەركىن ئەمما خالىغىنىنى قىلالايدىغان ئىلاھ ئەمەس.

## مۇكاپات ۋە جازا ئەركىنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك

ئەركىنلىك بولمايدىكەن جازالاش بولمايدۇ. يامان ئىشنى يامان كۆرگۈچى جازالانمايدۇ. ئىنسان نېمە ئىش قىلغان بولسا شۇنى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى كۈچ - قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرىمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. ئەگەر ئازغىنە ئادىل، ھوقۇقدار كىشىلەر ياردەملىشىپ يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالىسا بۇنداق كىشىنى ئادىل دەيسىز. پۈتۈن دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى چەكسىز ئادىل ئاللاھ كىشىلەرنى ئۆز ھالى بىلەن قويۇپ قويارمۇ؟ دۇنيادا يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالىماسمۇ؟ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلىماسمۇ؟ ئەلۋەتتە چەكسىز ئادالەتلىك ئاللاھ يامانلارنى جازالاپ ياخشىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.

## ئادالەت ئۆلچىمى

كۆپلىگەن ئالىملار ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە ئىنسانلارنىڭ ئادالىتىنى ئۆلچەم قىلىپ ناھايىتى چوڭ خاتالاشتى. بۇ ئىش مەندىمۇ بىر قېتىم يۈز بەرگەن. بۇ كىتابتا بۇنى سۆزلەشنىڭ ئورنى بولمىسىمۇ بۇنىڭدا ئىبرەت بولغانلىقى ئۈچۈن سۆزلەپ ئۆتەي. مەن 1931 - يىلى سۈرىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە دەرس بېرەتتىم. ئۇ ياشلىق مەزگىللىرىم بولۇپ، بېشىمدا نۇرغۇن خىياللار بار. ئۆزۈم ۋىجدانلىق سۆزلەش قابىلىيىتىم يۇقىرى ۋاقتىلىرىم ئىدى. مەن تەقدىر مەسىلىسىدە شەك قىلىپ ئالىملاردىن سوراپ



www.munber.org

يېتەرلىك جاۋاب ئالالمىدىم. غورۇرۇم مېنى ئۇلار بىلەن جېدەللىشىشكە ئۈندەيتتى. مەكتەپتىكى شۇ كۈنلىرىمدە بىر ئوقۇغۇچىنى ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۇردۇم. شۇ كۈنلەردە ئۇرۇش ئەدەپ ئۆگىتىش ۋاستىسى ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ نومۇسسىز ئىش قىلغان ئىدى. ئوقۇغۇچى «زالىم! سەن زالىم» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. كىتابخانىلار ئىشىنىشلار كېرەككى، مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قولۇمدىن تاياق چۈشۈپ كەتتى. مەكتەپ بالىسىنى ئۇردۇم، ئۆزۈم زۇلۇم قىلىپ قويدىممىكىن دەپ ئويلىدىم. كېيىن دىلىم روشەنلەشتى. مەن ئۆزۈمگە: بۇ ئوقۇغۇچى مېنىڭ ئۇرۇشۇمنى ئۆزىگە زۇلۇم دەپ قارايدۇ، مەن ئادىللىق دەپ قارايمەن دېدىم. ئەگەر بالا ئائىلىسىدىكىلەرگە دەرد ئېيتىپ بارسا ئۇلار ئۇنىڭغا: ياق بۇ زۇلۇم ئەمەس، ئادىللىق ئۇ سېنى تەربىيلەش ئۈچۈن ئۇرغان دەيدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ يېتەرسىز ئۆلچىمنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئادالىتىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمىغان يەردە مەن ئۆزۈمنىڭ ئىنسانلىق ئۆلچىمىنى چەكسىز ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە قانداقمۇ سېلىشتۇراي؟ كېسەل بالا دوختۇر ئوكۇل ئۇرغاندا زۇلۇم قىلدى دەپ قارىسا دادىسى تامامەن ئادىللىق دەپ قارايدۇ. چۈنكى بالا يىڭنىنىڭ ئاغرىقىغا قارىغاندا، دادىسى بالىنىڭ شىپا تېپىشىدىكى ئوكۇلنىڭ تەسىرىگە قارىغان.

سوتچى دەۋاغا دەۋانىڭ باسقۇچلىرى ۋە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارمايدۇ. بىز كۆپىنچە ئىشنى تولۇق ئۇقماي بىر تەرەپنى ئۇقۇپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويىمىز. مەسىلەن: سىز ھەمرىيىڭىز بىلەن سەھرادا كېتىۋاتقاندا بىر چىرايلىق ماشىنا ئۆتۈپ ئىگىسى ئىككىڭىزنى ماشىنىغا چىقىرىۋالمىسا ھەمراھىڭىز پىچىقنى چىقىرىپ ئورۇندۇقنىڭ قېپىنى يىرتىۋالسا سىز بۇنى زۇلۇم دەپ قارىماسسىز؟ ھەقىقەتتە بۇ شەكسىز زۇلۇم. لېكىن سىز ئالدىڭىزدا بىر گۇرۇھ بۇلاڭچىلارنىڭ بارلىقىنى ئۇلار يېڭى ساق ماشىنىنى ئېلىۋالىدىغانلىقىنى، ماشىنىڭ ئورۇندۇقى يىرتىق بولسا



www.munber.org



ئالمايدىغانلىقىنى بىلسىڭىز بۇ ئىش سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزدا زۇلۇمدىن ئادىللىققا ئۆزگىرەمدۇ؟ بەلكى ماشىنا ئىگىسى بۇنى بىلسە ئۆزىمۇ ئورۇندۇقنىڭ قېپىنى يىرتىۋەتكەن بولاتتى.چۈنكى شوپۇر ماشىنىنىڭ ساق ھالدا بۇلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكىنىدىن يىرتىق بولسىمۇ ئۆزىدە قېلىشىنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ بۇ توغرا ئەمەسمۇ ـ يا؟ مانا بۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكايىسى. بۇ ئىككىسى كېمىگە چىققاندا خىزىر كېمىنىڭ تاختىسىنى ئاجرىتىۋەتكەن. بۇنى ئاللاھ بىزگە مىسال كەلتۈرۈپ بەرگەن. بۇنىڭدىن بىزنىڭ چۈشىنىدىغىنىمىز ئەمەلىي ئىشنى بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىقىمىز لازىم.

## ئوچۇق مەزمۇن ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش

مەن بۇنى سۆزلەشتىن بۇرۇن بۇ قائىدىلەرنى سۆزلەپ ئۆتىشىم زۆرۈر.

1 ـ ئەقىلنىڭ ئىشى ئوچۇق مەزمۇننى چۈشىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ تەقدىرنىڭ ھەقىقىتىنى تەپسىلىي ھالدا بىلەلمەيدۇ. چۈنكى ئەقىل دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ماددا ئارقىسىدىكى نەرسىنى بىلىشتىن ئاجىز. شۇنىڭ ئۈچۈن تەقدىرنىڭ مەزمۇننى ئوچۇق بەلگىلەپ بېرەلمىگەن تەتقىقاتچىلار تەقدىر توغرىسىدا ئىزدەنمەسلىكى كېرەك.

2 ـ ئەسلى مەنبەنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەگەر قۇرئان ئايەتلىرىدە ياكى ھەدىستە بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قالسا ئايەتنى تۇتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانغا زىت، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس سۆزلەرنى قىلمىغان. ئەگەر قۇرئاندا زىت ھەدىسلەر بولسا رەسۇلۇللاھ دېمىگەن دەپ ھۆكۈم قىلىمىز.

3 ـ قۇرئاندا ياكى توغرا ھەدىستە سەزگىلى، كۆرگىلى بولىدىغان ئەمەلىي ئىشنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان ئوچۇق مەزمۇننىڭ بولۇشى مۇمكىن



www.munber.org

ئەمەس. چۈنكى قۇرئاننى چۈشەندۈرگۈچى ئەمەلىيەتنى پەيدا قىلغۇچى بىر ئاللاھدۇر.

4 ـ ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقى يوق، مەجبۇرىي دېگەن مەزمۇنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئايەتنىڭ كۆپىنچىسى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە ئوخشاش:

﴿هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاء﴾

﴿ئاللاھ سىلەرنى بالىياتقۇدا ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ﴾[1]

قىز ھالىتىدە تۇغۇلغان بوۋاق ئۆزىنى ئوغۇل قىلىۋېلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ، قارا تەنلىك تۇغۇلغان بوۋاق ئۆزىنى ئاق تەنلىككە ئۆزگەرتىۋالالمايدۇ.

﴿وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَاء وَيَخْتَارُ مَا كَانَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ﴾

﴿ئاللاھ خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس﴾[2] .

ئىنساننىڭ كۈچ قۇۋۋىتىدىن يۇقىرى دۇنيا ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەت:

﴿أَفَرَأَيْتُم مَّا تَحْرُثُونَ * أَأَنتُمْ تَزْرَعُونَهُ أَمْ نَحْنُ الزَّارِعُونَ * لَوْ نَشَاء لَجَعَلْنَاهُ حُطَامًا﴾

﴿سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى سىلەر ئۇندۇردىڭلارمۇ ياكى بىز ئۇندۇردۇقمۇ؟ ئەگەر خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەبلىنىپ قايغۇراتتىڭلار﴾[3]

﴿وَإِن يَمْسَسْكَ اللّهُ بِضُرٍّ فَلاَ كَاشِفَ لَهُ إِلاَّ هُوَ﴾

﴿ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزۈشنى خالىسا ئاللاھتىن باشقىسى ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ﴾[4] .

[1] سۈرە ئال ئىمران 6 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 68 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ۋاقىئە 63 ـ 65 ـ ئايەتكىچە.
[4] سۈرە يۇنۇس 107 ـ ئايەت.



www.munber.org



ئىنسان قىلىقىدىن ئەمەس، ياخشىلىق ـ يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغان شەرت ـ شارائىتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەت:

﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا ❖ فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا * قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا﴾

﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾[1]

بۇ ئايەتلەر بار:

﴿إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا﴾

﴿شۈبھىسىزكى بىز ئۇنىڭغا ئىككى يولنى كۆرسەتتۇق. ئۇ مۆئمىن بولۇپ، ياخشى يولغا مېڭىپ، ئاللاھقا شۈكرى قىلغۇچىدۇر، ياكى بۇزۇق بولۇپ كۇپۇرلۇق قىلغۇچىدۇر﴾[2]

بۇ ئايەتلەردە ئىنساننىڭ ياخشى يامان بولۇشتا بەزى تەسىرلەرنىڭ بارلىقى ماڭا ئاشكارا بولدى.

بۇ توغرىسىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئىزدىنىپ بۇ توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى خاتا چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرىنچىدىن: ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئىرادىسى ۋە مۇكاپات جازا توغرىسىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىدى. ئىككىنچىسى، قۇرئاننىڭ تېكىستىنى ئومۇمىي چۈشەنمەي يۈزەكى چۈشەندى. كىمكى ئومومىي مەزمۇننى بىلىدىكەن قۇرئاننىڭ مۇكاپات جازانى ۋە ئىنساندىكى ئەركىنلىك، ئىرادىنىڭ بارلىقنى ئىسپاتلايدىغانلىقنى بايقايدۇ. كىمكى قۇرئاندىن: «ئاللاھ ئۇ ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرگە ھىدايەت بېرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئوقۇيدىكەن، كۆز قارىشى يۈزەكى ئادەم ھىدايەت تېپىش، ئېزىپ كېتىش ئاللاھ تەرەپتىن بەندىلەرگە بېكىتىلگەن ئىكەن، ئاللاھ ئاۋۇ

[1] سۈرە شەمس 7 ـ 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئىنسان 3 ـ ئايەت.



www.munber.org

كىشىلەرنى ئازغۇن، بۇ كىشىلەرنى توغرا يولدا ماڭدىغان يارىتىپتىكەن دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ: «قۇرئان خۇدادىن قورقىدىغانلارغا يېتەكچىدۇر» دېگەن سۆزىنى دىققەت قىلىپ ئوقۇسا توغرا يولغا مېڭىش ۋە ئېزىپ كېتىش ئاللاھ تەرەپتىن مەجبۇرىي ئەمەسكەن دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن بۇ ئىنساننىڭ ھالىتىگە باغلىق ئەمەس. ئەگەر ئىنسان تەقۋا بولسا قۇرئان بۇ كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئەگەر پاسىق بولسا ئېزىپ كېتىدۇ، مۇشۇ خىيال بىلەن بەزىلەر مېنى ئاللاھ تەقۋا كىشىلەر بىلەن بىللە قىلدىمۇ ياكى پاسىق كىشىلەر بىلەن بىللە قىلدىمۇ؟ بۇنى قانداق بىلەلەيمەن؟ دەيدۇ. بۇنداق كىشى ئاللاھنىڭ:

﴿لِّلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾

﴿قۇرئان غەيبكە ئىشىنىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، بىز بەرگەن مال - مۈلۈكتىن سەرپ قىلىدىغان تەقۋا كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر﴾[1] دېگەن سۆزىگە ۋە ﴿إِلاَّ الْفَاسِقِينَ الَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الأَرْضِ أُولَـئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ ﴿پاسىقلاردىن ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان سىلە - رەھىمنى ئۈزىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزگە دىققەت قىلسا ئىشنىڭ مەجبۇرىي ئەمەسلىكىنى، ئېزىپ كېتىش ياكى توغرا يولغا مېڭىش ئىنساننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ئەركىنلىك دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

مەسىلەن: سىز غەيبكە ئىشىنىشكە، ناماز ئوقۇشقا، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىشقا قادىر بولسىڭىز ۋە ئەھدىنى بۇزۇشقا، ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلماسلىققا، زېمىندا بۇزۇق ئىشلارنى قىلىشقىمۇ قادىر بولالمايسىز.

[1] سۈرە بەقەرە2 ــ 3 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەقەرە 27 - ئايەتلەر.



www.munber.org



بۇلارنىڭ ھەممىسى سىز قىلاي دېسىڭىز قىلالايدىغان، قىلماي دېسىڭىز قىلماسلىققا كۈچىڭىز يېتىدىغان ئىشلار. ئەگەر سىز يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنى قىلسىڭىز تەقۋا كىشىلەردىن بولۇپ توغرا يول تاپىسىز، ئەگەر تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلسىڭىز پاسىق كىشىلەردىن بولۇپ ئېزىپ كېتىسىز.

## ئاخىرى يوق ئىزدىنىش

بۇ يەردە تۆۋەندىكىلەرگە رەددىيە بېرىلىدۇ. يامانلىقنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قىلدىممۇ ياكى ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسى بىلەن قىلدىممۇ؟ مەن پەقەتلا يامانلىقنى قىلىشقا قادىرمۇ؟ مەن قىلغان ئىشىمنى ياراتتىمۇ؟ مۇشۇنداق كۆپلىگەن مەسىلىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئەقىدە كىتابلىرىنى توشقۇزىۋەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى ئاخىرى چىقمايدىغان ئىزدىنىش. چۈنكى ياراتقۇچىنى يارالغۇچىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەقىل ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ سۈپىتىگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

ئاللاھ قىلغان ئىشىدىن سوئال قىلىنمايدۇ. بىزدىن قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزدىن سوئال سورايدۇ. ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدا شەك يوق. ياخشىسى بىز ئۆزىمىزگە قارىشىمىز، ئەقلىمىزنى ياخشى ئىشقا سېلىپ ئىرادىمىزنى ياخشىلىق تەرەپكە يۈزلەندۈرىشىمىز، بۇرۇنقىلار سۆزلىمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئارىلاشمىغان، ئاللاھقا دائىر ئىزدىنىشلەرنى قىلماسلىقىمىز لازىم.

## تەقدىر بىلەن پاكىت كەلتۈرۈش

گۇناھكارلاردىن بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىغا تەقدىرنى پاكىت قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن زىنا قىلدىڭ؟ دېسىڭىز «بۇ تەقدىر» دەپ



www.munber.org

www.munber.org

تۇرىۋالىدۇ. بۇ ئەرزىمەس پاكىت. ئۇنىڭغا ئىككى تەرەپتىن رەددىيە قايتۇرىلىدۇ.

1 ـ چۈنكى ھېساب ۋە جازا قىلغان ئىشقا ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغۇچىغا بولىدۇ. بۇ زىناخور تەقدىر يېزىلغان «لەۋھۇل مەھپۇز» [1] دىن خەۋەردار ئەمەس، ئويلىغىنىدەك زىنا قىلىشىنىڭ ئۆزىگە يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ زىنا قىلىشقا تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بارمىدى. ئۇ پەقەتلا شەھۋەتكە ئەگەشتى. ئالدىراپ كېلىدىغان لەززەتنى تەلەپ قىلىپ شەيتاننىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب قايتۇردى. مۇشرىكلار مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پاكىت كەلتۈرۈپ:

﴿لَوْ شَاء اللّهُ مَا أَشْرَكْنَا﴾

﴿ئاللاھ خالىغان بولسا بىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق﴾ [2] دېگەندە ئاللاھ ئۇلارغا:

﴿قُلْ هَلْ عِندَكُم مِّنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا﴾

﴿ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا، سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار﴾ [3] دېگەن سۆز بىلەن رەددىيە قايتۇردى. يەنى سىلەر مۇشرىك بولۇشتىن ئىلگىرى شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزەڭلارغا بەلگىلەنگەنلىكىنى قانداق بىلگەن ئىدىڭلار؟ سىلەر ئىمان كەلتۈرۈپ تەجرىبە قىلىپ كۆرۈپ ئىماننىڭ ئۆزۈڭلاردىن چەكلەنگەنلىكىنى بايقىدىڭلارمۇ؟

2 ـ ئەگەر تەقدىر كەلتۈرگەن بۇ پاكىت توغرا بولسا بەلگىلەۋاتقان كەمبەغەللىك، كېسەللىك، ئاچلىق، سۆيگىنىدىن ئايرىلىش، مال ـ دۇنياسىنى يوقىتىپ قويۇش قاتارلىقلارغا رازى بولسۇن. بۇ ئىشلارغا رازى

[1] لەۋھۇل مەھپۇز ـ كىشىلەرنىڭ ۋە دۇنياسىنىڭ تەقدىرى يېزىلىپ ئەرشتە ساقلىنىدىغان تاختا ـ كىتاب.
[2] سۈرە ئەنئام 148 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنئام 148 ـ ئايەت.





بولماسلىقى ئوچۇق گەپ. ئۇ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ. بەلكى دۇنيا يىغىش، كېسەلنى داۋالاش، ئاچلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ ۋە سۆيگىنىنىڭ يوقالغانلىقىغا، كەمبەغەللىكىگە ھەسرەت چېكىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنى يىغىپ دۇنيانىڭ لەززىتىگە ئېرىشىش، ئاغرىقنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ؟ ھارام ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدە ئازابنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەقلىنى ئىشلىتىپ شەھۋىتىنى يىغىپ، قىزىقىۋاتقان بۇ يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى توسمايدۇ؟

## تەقدىر ئەقىدىسى ئالدىدا بىز ۋە سەلەپلەر [1]

ئىسلام دۈشمەنلىرى بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار تەقدىرگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ھورۇن، تەۋەككۇلچى دەپ مۇسۇلمانلارغا قارا چاپلىماقتا. ئەگەر مۇشۇ تۆھمەتتە ئازراق ھەقىقەت بار دېيىلسە، ئۇ تەقدىر ئەقىدىسىنى چۈشىنىشنىڭ خاتا چۈشەنچىسىدىكى يامانلىق. سەلەپلەر تەقدىرنى تىرىشىپ ئىشلەشكە، كۈرەش ۋە جىھاد قىلىشقا ئۈندىگۈچى قىلغان بولسا، ھازىرقى بىر قىسىم نادان مۇسۇلمانلار تەقدىرنى گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا، ھورۇنلۇققا ۋە ئەزىمىلىككە سەۋەب قىلدى.

بىز رىزقنى تەقسىم قىلىپ كەتكەن دەپ ئوقۇدۇق. «ساڭا تەقسىم قىلىنغىنى ساڭا ھەسسىلەپ كېلىدۇ، باشقىلارغا تەقسىم قىلىنغىنىغا بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭ بىلەنمۇ ئېرىشەلمەيسەن» بەزى كىشىلەر بۇنىڭ تەلىپىنى كەسپىنى تاشلاپ ئىش ـ ھەرىكەت قىلماي، جىملا ئاسماندىن «ئالتۇن كۈمۈش چۈشىدۇ» دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇش ۋە تەييارلىقسىز سەپەر قىلىش دەپ گۇمان قىلدى. سەلىبلەر بولسا بۇنى ئوقۇپ «بىز ھەرۋاقىتتا ئىشلەپ

[1] ئەسھابلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىلار سەلەپلەر ـ ئىلگىرىكىلەر دېيىلىدۇ. بۇلار ئېتىقادى مۇستەھكەم دىنى كۆزقارىشى ئىلغار دىن پېشىۋاسىدۇر.



www.munber.org

كۆچمىزنىڭ يېتىشىچە مال يىغىشىمىز لازىمكەن» دەپ چۈشەنگەن ۋە ئىشتىن بىكار بولسا تاپقىنىغا رازى بولغان ئاللاھقا ئاچچىقلانمىغان، كۆپرەك مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ھەسەت قىلمىغان، باي بولسا تەكەببۇرلۇق قىلمىغان، كەمبەغەل بولسا ھەسرەت چەكمىگەن. بىز ئەجەل پۈتۈلۈپ كەتكەن دەپ ئاگلاپ بۇنى ئېھتىيات قىلماسلىق ۋە قەستەن جىنايەت بىلەن تەقدىر ئوتتۇرىسىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە سەۋەب قىلدۇق. شوپۇر ماشىنىنى تېز ھەيدەپ سوقىلىپ كېتىپ خەتەر چىقسا، ئوقۇغۇچى دەرسنى ياخشى ئۆگەنمەي ئىمتىهاندىن ئۆتەلمىسە بۇ تەقدىردىن دېدۇق. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئەجەل يېزىلىپ كەتكەن دېگەننى ئاڭلاپ ئەجەل بەلگىلىنىپ كەتكەن بولسا ئىنسان ئوتقا كىرسىمۇ، مەيدىسىگە نەيزە سانجىلسىمۇ ئەجەل كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلمەيدىغان، يەتتە قات قەلئەنىڭ ئىچىدە ساقلانسىمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدىغان بولسا ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىمكەن. ئۆلۈم بەلگىلىنىپ كەتكەن ۋاقتتىن بۇرۇن كەلمەيدۇ، كېچىكىپ قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قەتئىي قورقماي دىنسىزلارغا قارشى تىلىمىز، مال ـ دۇنيايىمىز، قېنىمىز بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز، ھەددىدىن ئاشقان زالىملارغا ئادىل ھەقىقەتنى سۆزلەپ ئىسلام ۋە مىللەتنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشىمىز لازىم دېگەن، ھەق ئىشتا ئاللاھتىن باشقا كىشىدىن قورقمىغان.

بىز ھەممە نەرسىنىڭ بەلگىلىنىپ كەتكەن ئۆلچەملىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. دۇنيادىكى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئاللاھ زىيانغا سەۋەب قىلىپ بەرگەن تەبىئەت قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە سەل قارىدۇق. سەلبىلەر بۇلارنىڭ ئالىملىرى بولغان ئۇلارنى چۈشەنگەن ۋە ئۇلاردىن پايدىلانغان. بىزنىڭ بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلمەسلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى بىز ئەڭ يۇقىرى ئورۇندىن ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ كېتىپ، دىنسىزلارنىڭ ئاياق ئاستىدا خارلىنىپ دەسسىلىپ، چەيلەندۇق. ئىنسانىي قىممىتىمىزنى يوقىتىپ



www.munber.org



ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. بىز ئايىغان بۇ جان قىممەتسىز ھالدا دوزاخقا مەھكۇم بولسا، ئايىغان مال ـ دۇنيايىمىز دۈشمىنىمىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىپ بىزنى قۇل قىلىشقا سەۋەب بولۇپ بەردى. بىز پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويغان قۇل بولۇپ قالدۇق. بۇرۇنقىلار دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىرىنى ھەقىقەت قىلىچى بىلەن ئىشغال قىلىپ مۇستەھكەم ئىمان ئارقىلىق دۇنيانىڭ خوجايىنى، ھۆكۈمرانى، ئۇستازىغا ئايلانغان. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز باتىل قىلىچى بىلەن مەركىزى شەھەرلىرىمىزنى ئىشغال قىلىپ بىزنى قۇل قىلدى.

## ئۆلۈكلەرنى مۇقەددەس بىلىشنىڭ سەۋەبى

بىز بارلىق ھاياتىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ھايات كىشىلىرىمىزنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شان ـ شەرىپىنى ۋە ياخشىلىقىنى ئەسلىدۇق. ئۈمىدسىزلىكىمىز ھازىرقىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئارزۇغا يۆتكەلدى. ئەۋلادىمىز بولسا ئۆلۈكلەرنى ئۇلۇغلاشقا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكلەرنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇلارغا يۆلىنىش، ئۇلاردىن مەدەت كۈتۈش قاتارلىقلار پەيدا بولدى. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، بىز مەغلۇب بولغان بولدۇق. ئۇلار بىزگە مەدەت بېرىدۇ، دەپ گۇمان قىلدۇق. چوڭ قەبرىلەرنى ئېگىز گۈمبەزلەرنى بەرپا قىلىپ ئۇلارنى مۇقەددەس دەپ بىلىشكە باشلاپ جاھالىيەت دەۋرىدىكى[1] ئەقىدىلەرگە يېقىنلىشىپ قالدۇق ۋە مۇشۇ قەبرىلەر ئۈچۈن نەزىر ـ چىراق قىلىپ ئۆلۈكلەردىن ئىسلام قانۇنىغا زىت ھالدا ياردەم سورىدۇق. سەۋەب قىلماستىن ئۆلۈكلەردىن پايدا زىيان تەلەپ قىلدۇق. بۇنىڭ ھەممىسى خاتا

[1] ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئېزىپ كەتكەن دەۋر ـ ت.



www.munber.org

ھەرىكەتلەر بولۇپ بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا، كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزغا ۋە بۇرۇنقى شان ـ شەرىپىمىزگە چوڭ ئاپەتتۇر.

## پايدىسىز ئارىلاشتۇرىۋېتىش

بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىر ئەقىدىسىنى چۈشىنىشىمىزدىكى خاتا كۆز قاراش. بۇ كۆز قاراش بىر قىسىم كىشىلەر بىز ئىگە بولالايدىغان ئىختىيارى ئىشلار ۋە بىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمىز يەتمەيدىغان ئاللاھ ئىختىيارىمىزنى يۇقىرى قىلغان ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەنلىكتىن پەيدا بولغان، ئۇ ئاجايىپ ئارىلاشتۇرىۋېتىش مەنتىقى مەزھەبلىرىدىكى نەتىجە، بەزى كىشىلەر ئىنسان مەجبۇرىي ئەركىنلىكى يوقالغان، چۈنكى يۈرەك مۇسكۇلىغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ خىزمەت قىلىشى ۋە ئەۋزەل شارائىتنى تاللىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس دەپ دەۋا قىلىدۇ.

بۇنداق دېگۈچىلەر ئاللاھ ئىنسانغا قانداق ئىشلەتسە ئىشلىتەلەيدىغان مۇسكۇللارنى ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە شارائىتنىڭ خاتالىقىنى ۋە خاتا تەربىيەنىڭ تەسىرىنىڭ تۈزگىلى بولىدىغان ئەملىنى بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان. بەزى كىشىلەر تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلىيەتتىن تاشقىرى سۈپەتلىدى ـ دە، مۇكاپات ۋە جازا ئىشىدا ئارىلاشتۇرىۋەتتى، ئاللاھ تائالا ئىنساندىن ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ۋە قۇدرىتى دائىرىسىدىكى ئىشلاردىن ھېساب ئالىدىغانلىقىنى، ئەركىنلىكى يوق ئىشتىن ھېساب ئالمايدىغانلىقىنى ئۇنۇتتى. ئاللاھنىڭ ئادالىتى ئىنسانلار ئادالىتىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەنمەيدىغانلىقىنى، تەقدىر ئەقىدىسى ۋە باشقا ئەقىدىلەرنى ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە قۇرئاندىن ئىزدىشى لازىم ئىكەنلىكىنى، تەقدىر مەسىلىسىدە ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن ئىبارەت سەلەپلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش لازىملىقىنى يۈزەكى بولغان يۇنان

www.munber.org





پەلسەپەلىرى پەيدا قىلغان ئاخىرى چىقماس پايدىسىز ئىزدىنىشلەرنى قىلماسلىقىمىز لازىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى.

ئى كەرىمى كەڭ ئاللاھ! گۇناھىمىزنى كەچۈرۈپ قەلبىمىزنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتقىن، يوقالغان ئىززەت ئابرۇيىمىزنى قولغا كەلتۈرىشىمىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ قەلبىمىزنى بارلىق شېرىك ئەقىدىلەردىن پاكلاپ ئۆزەڭ ياخشى كۆرگەن، بۇرۇنقى سالىھ مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدا ماڭغىلى نېسىپ قىلغىن!

www.munber.org

# غەيبكە ئىشىنىش

## غەيب دۇنيا

بىز يۇقىرىدا ئەقىدە ئاساسلىرىدا سەزگۈ ئەزالار مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسىنى سېزەلمەيدۇ، دېگەن ئىدۇق. ھەقىقەتەن مەۋجۇدىيەتتە نۇرغۇن دۇنيالار بار. بىز بۇلارنى سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىلەن سېزەلەيمىز. بۇ دۇنيانىڭ بىزگە ئەڭ يېقىن ھەربىر جان ئىگىسى ھايات تۇرۇۋاتقان روھى دۇنيادۇر.

روھنىڭ بارلىقىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. روھنىڭ ماھىيىتىنى كىم بىلەلىدى؟ ھېچكىم بىلەلمىدى. سەزگۈ ئەزالار بىلەن سەزگىلى بولىدىغان دۇنيانى ئاللاھ «ئالىمۇش شاھادە ـ كۆرۈپ تۇرغان دۇنيا» دەپ ئاتىدى. سەزگۈ ئەزالىرىمىزدىن غەيب بولغان ماددا ئارقىسىدىكى دۇنيا «*Metaphysque*» يەنى غەيب دۇنيا دەپ ئاتىدى.

ئەمما ئالىمۇش شاھادىنىڭ بارلىقىغا بارلىق ئىنسانلاردىن تىلسىز ھايۋانلارغىچىلىك ئىشىنىپ تەستىقلايدۇ. ئىشىنىشتە پەرق يوق باپباراۋەر ئىشىنىدۇ. چۈنكى بۇ تەبىئىي بىلىشتۇر. لېكىن غەيىب دۇنياغا ئىشىنىشتە پەرق بار. راستچىل خەۋەرگە تايىنىپ غەيىبىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەن ۋە بارلىقىغا تەستىق قىلغان كىشىدە ئارتۇقچىلىق بار. مانا بۇ مۇتتەقى كىشىلەرنىڭ سۈپىتىدە «ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ» دەپ غەيبكە ئىشىنىشنى مۇتتەقىلەرنىڭ بىرىنچى سۈپىتى قىلدى.

www.munber.org





## غەيبكە قانداق ئىشىنىمىز؟

ئاللاھ بىزگە غەيبنى بىلىدىغان سەزگۈ ئەزانى بەرمىگەن تۇرسا غەيبكە قانداق ئىشىنىمىز؟ ئەگەر بىز سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تايىنىپ، ئۇ ئارقىلىق بەختكە ئېرىشكەن نەرسىگە، ھۆكۈم قىلىدىغان ئەقىلگە ئاساسلانساق ماددا ئارقىسىدىكى نەرسىلەرنى بىلەلەيمىز.

ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە رەھمىتى ئەقىلنى ماددا ئارقىسىدىكى نەرسىنى بىلىشتىن ئاجىز قويمىدى. بەلكى ئاللاھ ئەقىلگە ئەقىل ئېھتىياجلىق بولغان بۇ خەۋەرلەر ئىنسانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ياكى مۆلچەرىدىن، روھى ئىلھامىدىن، زېھنى ئۆتكۈرلۈكتىن، ئەقلى ھۆكۈمىدىن، ئىنساننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن سادىر بولغان ئەمەس، لېكىن بۇ خەۋەرلەر ئىنساننىڭ سىرتىدىكى ئۈچ خىل يول بىلەن كەلگەن.

بىرىنچى: ئاللاھ بۇ خەۋەرلەرنى ئىنسانغا ئىلھام ياكى ئۇيقۇ ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ ياكى ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسىمۇ ئېرىشەلەيدىغان بىر خىل يول ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ، ئىنسان بۇنى سېزىدۇ ۋە بۇ توغرىلىق سۆزلىيەلەيدۇ.

ئىككىنچى: ئىنسان بۇ خەۋەرلەرنى ئېيتقۇچىنى كۆرمەستىن سۆزىنى ئاڭلاپ بىلەلەيدۇ ۋە ئېسىدە ساقلايدۇ.

ئۈچىنچى: ئاللاھ تائالا بىزدىن يوشۇرۇن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىدىغان، پەرىشتىدىن بىرنى ئۆزى خالىغان ئىنساندىن بىرىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ پەرىشتە شۇ كىشىگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. مانا بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇل بولۇپ، تۆتىنچىسى يوق.

﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَاء حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولا فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَاء﴾

www.munber.org

﴿ئاللاھ ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيي ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ ئۇز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان﴾[1]

## ئىشىنىش زۆرۈر بولغان غەيب

قۇرئاندا دېيىلگەن غەيب ئىشلارغا ئىشىنىش ئىماننىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئىشەنمىگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ ۋە ئىسلام مىللىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما توغرا ھەدىستە دېيىلگەن غەيبكە تانغۇچى كاپىر بولمايدۇ. ئىسلام مىللىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بەلكى گۇناھكار پاسىق بولىدۇ. مانا بۇ قۇرئان سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان پەرق.

قۇرئان ھەدىس ئەسلىدە پاكىت جەھەتتە قۇرئان ئاللاھتىن لەۋزى ۋە مەنىسى بىلەن ۋەھيي قىلىنغان. لەۋزى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى. ئاللاھ:

﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى * إِنْ هُوَ إِلا وَحْيٌ يُوحَى﴾

﴿ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[2] دېگەن، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلىشتا ۋە پاكىت جەھەتتە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىمىغان. لېكىن پەرق رىۋايەتتىن كېلىپ چىققان. قۇرئاندىكى رىۋايەتلەرنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ چۈشكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى ساھابىلارغا يەتكۈزگەن. قۇرئاندىن بىرەر نەرسە كېمەيتىلمىگەن، زىيادە قىلىنمىغان، يەڭگۈشلەنمىگەن ھالدا ساقلانغان. ئەمما ھەدىسنىڭ

[1] سۈرە شۇر 51 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەجىم 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر.





كۆپىنچىسى بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن نەقىل قىلغان. ھەدىسشۇناسلار ھەدىسنىڭ رىۋايىتىنى ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى كىشىلەرنى ئالاھىدە تەكشۈرگەن. ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم ۋە ھەدىسشۇناسلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن. ئۆز ئەينى قۇرئانغا ئوخشاش يۆتكىگەن دەپ كەسكىن ئېيتالايمىز. ئەقىدە دىنىنىڭ ئاساسى. ئەقىدىگە بوشلۇق سىڭىپ كىرسە كاپىر ۋە مورتەد (دىندىن چىقىۋالغان) بولغانلىقىدىن قۇرئاندىكى ئەقىدىلەرگە ئىنكار قىلىنسا كاپىر، ھەدىستىكى ئەقىدىلەرگە تانسا پاسىق دەيمىز.»[1]

## غەيبلەر

شەرىئەت خەۋەر بەرگەن غەيب نەرسىلەرگە ئىشىنىش زۆرۈر بولۇپ ئىشەنمىسە كاپىر بولىدۇ. ئۇلار پەرىشتىلەر، جىنلار، كىتابلار، پەيغەمبەرلەر، ئاخىرەت كۈنى، ئۇ يەردە بولىدىغان ھېساب ھېسابتىن كېيىنكى مۇكاپات ۋە جازا، تەقدىر ۋە قۇرئاندا دېيىلگەن ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى، ئىنساننىڭ يارىتىلىشى، قۇرئان خەۋەر قىلغان بارلىق ئىشلار.

[1] رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرۈلىشى بولۇپ، ئەگەر قۇرئاندا دېيىلمىگەن ھەدىستىكى ئەقىدە مەسىلىلىرىگە ئىشەنمىسە ئەقىدە مۇھىم بولغانلىقتىن پاسىق بولىدۇ. ئەمما قۇرئاندا ئاساسى بار سەھىھ ھەدىسلەرگە ئىشەنمىسە كاپىر بولىدۇ.

## گۇمان ۋە ئۇنىڭغا رەددىيە

سەزگەن نەرسىگىلا ئىشىنىدىغان ماددىزىمچىلارغا ئەقىدە ئاساسلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى بىلەن رەددىيە بېرىمىز. ئۇنىڭدا سېزەلمەسلىك يوقلۇقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، سېزەلمىگەن نەرسىنى ئىنكار قىلىشىمىز توغرا ئەمەس دېيىلگەن. ئۈچىنچى ئاساستا بايان قىلىنغىنىمىزدەك راستچىل خەۋەر ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن يەتكۈزگەن خەۋەرلەرنىڭ راستلىقى ئىسپاتلىنىپ كېلىۋاتقانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل خەۋىرىدىن بىز مۆئمىنلەر بۇغەيبلەر مەۋجۇت، سېزەلمىگەن نەرسىلەرنى يوق دېيىشكە بولمايدۇ دېگەن ئىشەنچىگە ئېرىشىمىز.

## غەيبنىڭ تۈرلىرى

غەيب دۇنياسى ئۈچكە بۆلىنىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى غەيب دەپ ئاتىلىدۇ.

1 ـ تۈرى: ئاللاھ غەيب دەپ ئاتىغان بىز سېزەلمەيدىغان، بىزدىن باشقىلار سېزەلەيدىغىنى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمى بۇ ۋەقەلىكنى سەزگۈر ئەزالىرى بىلەن سەزمىگەن، كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان. لېكىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى بەنى ئىسرائىللار يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ تۇققانلىرى بۇنى سەزگەن ۋە سادىر قىلغان. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ جەريانى ئىدى.

2 ـ تۈرى: ئىنسانلار ئەقىل ئارقىلىق سېزىشكە مۇمكىن بولسىمۇ، سېزەلمەيدىغان بۇرۇنقى زېمىندىكى ھادىسىلەر ۋە شۇ ۋاقىتتىكى مەخلۇقلارنىڭ خەۋىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ



www.munber.org



ئەجدادى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى، ھاياتلىقنىڭ باشلىنىش خەۋىرىنى بىلەلمىگەن ۋەھىي ئارقىلىق ئاندىن بىلگەن.

3 ـ تۈرى: سەزگۈ ئەزالار بىلەن سېزىش ئەقىلنىڭ ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتنى خىيال قىلىشىبىلەن بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىشلار. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن بىزدىن يوشۇرۇن بولغان پەرىشتە، جىن ـ شەيتان، قىيامەت كۈندىكى ھېساب، مۇكاپات قاتارلىق ئەھۋاللار.

## گۇمان ۋە رەددىيە

بەزى كىشىلەر يامغۇرنىڭ يېغىشى، بالىياتقۇدىكى نەرسىنى بىلىش، ئاللاھ بىلىدىغان غەيب ئىشلاردىن تۇرسا ھاۋارايى ئىستانسىسى ھاۋا ئوچۇق ياكى يامغۇر ياغىدۇ دەپ ئەتىكى ھاۋادىن قانداق مەلۇمات بېرىدۇ؟ ئىلىم ـ پەن ھامىلدار ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى قانداق ئېچىپ بېرىدۇ؟

جاۋاب: بىرىنچى: قۇرئاننى چۈشۈرگەن، دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارنى ياراتقان زات ئاللاھ، قۇرئاندا سەزگىلى، كۆرگىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئىنكار قىلىپ ئايەت كەلتۈرگەن ئەمەس. ئەگەر بىز ئەمەلىيەتكە زىت كۆرۈنگەن ئايەتنى بايقىغاندا ئۇنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ باقىدىغان بولساق ئايەتتىن مەقسەت قىلىنغان مەزمۇننىڭ باشقا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئىككىنچى: ھاۋارايى ئىستانسىسى يامغۇر يېغىش سەۋەبلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن سۇرىيە ئەتراپىدا يامغۇر ياغىدۇ، دەپ يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ھاۋارايى ئىستانسىسى ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى قانۇننى بىلگەندىن كېيىن، يامغۇر يېغىشنىڭ سەۋەبى ئاتلانتىك ئوكياندىن كەلگەن ھاۋا، «تارىق» تاغ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ھەرىكەتسىز ھاۋا توپى توقۇنۇشىدۇ، ھەرىكەتسىز ھاۋانىڭ ئىسسىقلىق



www.munber.org

دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بۇلۇت شەكىللىنىپ يامغۇر ياغىدۇ دەپ خەۋەر بېرىدۇ. ھاۋارايى تەكشۈرگۈچىلەر بۇنى كۆرۈپ ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇپ ئاندىن يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ خۇددى دىرىزىدىن پوچتالىيوننى كۆرۈپ ئۆيگە قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ ئۆيدىكىلەرگە بەش مىنۇتتىن كېيىن پوچتالىيون كېلىدۇ دەپ خەۋەر قىلغان كىشىگە ئوخشاش ياكى تېلېسكوپ بىلەن يىراقتىن كېلىۋاتقان ماشىنىنى كۆرۈپ كېلىشتىن بۇرۇن خەۋەر قىلغان كىشىگە ئوخشاش. بۇلار ھەقىقەتتە غەيبنى بىلمىگەن، لېكىن ئەمەلىيەتنى باشقىلار كۆرۈشتىن بۇرۇن كۆرۈۋالغان. ھامىلدار ئايالنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ قىز ياكى ئوغۇللىقىنى خەۋەر قىلغان كىشى تۆرەلمە قىز ياكى ئوغۇل شەكلىگە ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن خەۋەر قىلغان بولۇپ ئۇمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

بۇلۇتنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاللاھنىڭ قۇرغاق زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرىشى، يامغۇرنى يېغىۋاتقان ئورۇنلاردىن توختىتىش، تۆرەلمىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىقىنى بىلىش قاتارلىقلار غەيب ئىش بولماستىن بەلكى ئايەتتىن ئىپادىلەنگەن مەقسەت (ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ).

## پەرىشتە، كىتاب ۋە پەيغەمبەر

پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە كىتابلارغا ئىشىنىش ئىنسان مۇشۇلارغا ئىشىنىش ئارقىلىق مۆئمىن بولىدىغان ئېتىقاد ئاساسلىرىدۇر. پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئىنسانغا ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى. كىتابلار، پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان، پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان رىسالىدۇر.



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

## ۋەھيي ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى

ۋەھيي قىلىش ئەقلى جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇمكىن بولىدىغان ئىش بولۇپ، ئاللاھ پەرىشتىلەرنى يارىتىشقا، ئۇلارنى ئەلچىلىككە تاللاپ ھۆكۈم تۇرغۇزۇشقا قادىر. ئەقىل ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، قۇدرىتىگە ۋە ئىرادىسىگە ئىشەنگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە بۇ ئىشنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا قارشى چىقمايدۇ. چۈنكى راستچىل خەۋەر ئۇلار ئارىلىق يېتىپ كەلگەن دەپ ئۆتكىنىمىزدەك راستچىل خەۋەر جەزمەنلىكنى بىلىشنىڭ يولى. بىز بۇنىڭغا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان نەرسىلەرگە ئىشەنگىنىمىزدەك جەزمەن ئىشىنىمىز. ۋەھيي ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، ئەگەر ۋەھيي بولمىغان بولسا ئىنسانلار ماددى دۇنيا بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى ۋە ماددا ئارقىسىدىكى ئىشلارنى بىلەلمەيتتى. پەقەت دۇنيا ئۈچۈن ياشايدىكەن، يېمەك ـ ئىچمەك، جىنسى مۇناسىۋەت، جىنسى لەززەتتىن باشقىسىنى بىلمەيدىغان، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمەيدىغان، ئاخىرەتتىكى كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىش قىلمايدىغان، ھايۋاندەك بولۇپ كېتەتتى ۋە ئېسىل ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىنسانى ئۇلۇغلۇقنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى. ئەخلاق ۋە ئەخلاق ئىلمى قانداق نەرسىلەرنى ئەكىلىشتىن قەتئىينەزەر ئەقىدە ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلمىسا بۇ قۇم ئۈستىگە سېلىنغان بىناغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش، پايدىغا قىزىقىش، زىياندىن قېچىش تەبىئىتى بىلەن يارىتىلغان بولۇپ ئۆزىگە لەززەت ياكى پايدا بولمايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ كەچلىك تاماق ئۈچۈن ساقلىغان بىر كويلا پۇلى بولسا يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلىش ساندۇقىنى كۆرسە ئۇ ئادەم خۇداغا ئىشەنمەيدىكەن، يالغۇز بولسا ئۇنى ھېچكىم كۆرمىسە بۇ بىركوي پۇلنى ساندۇققا سېلىپ قويامدۇ؟
... ياق...



www.munber.org

ئەمما مۆئمىن ساندۇقتا سالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھ قىلغان ئىشىمنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنى قىيامەت كۈنى ئورنىغا 700 ھەسسە بېرىدۇ دەيدۇ. مۆئمىن كىشىلەر كۆرسۇن ـ كۆرمىسۇن، رەھمەت ئېيتسۇن ـ ئېيتمىسۇن، مۇكاپاتلىسۇن ـ مۇكاپاتلىمىسۇن، ئورنىغا بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن ياخشىلىقنى قىلىۋېرىدۇ. مۆئمىن كىشى يالغۇز بولسۇن ياكى كىشىلەر بىلەن بولسۇن يامان ئىش قىلمايدۇ. ئەمما ماختىنىش ئۈچۈن ياكى سوۋغا ئېلىش ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەم ئۇنى ماختايدىغان ياكى سوۋغا بېرىدىغان ئادەم تاپقاندا ئاندىن ياخشىلىق قىلىدۇ. رەسۋالىق ياكى جازادىن قورقۇپ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەم كىشىلەر ياكى ساقچى كۆرۈپ قېلىشتىن خاتىرجەم بولسا يامان ئىشلارنى قىلىۋېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنىڭ قىلغان يامان ئىشىدىن ھېساب ئالغاندا ئۇلارغا پەرۋەردىگارنىڭ قانۇن ـ شەرىئىتىنى تونۇيدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەن بولسا ئۇلار:

﴿رَبَّنَا لَوْلا أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولا فَنَتَّبِعَ آيَاتِكَ وَنَكُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق﴾[1]

دەپ ھۆججەت كەلتۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان بولساق ئەمەل قىلاتتۇق، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى تونۇغان بولساق ئەگىشەتتۇق دەپ دەۋا قىلغان بولاتتى.

﴿رُسُلاً مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلاَّ يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن خوش خەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾[2].

[1] سۈرە قەسەس 47 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 165 ـ ئايەت.



www.munber.org



## گۇمان ۋە رەددىيە

بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ھەممە كىشىلەرنى جەننەت يولىغا باشلىمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسانلاردا شەھۋەتنى قويۇپ ئۇلار زىنا قىلسا جازالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسانلاردا مالنى دوست تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن تۇرۇپ ھارامدىن مال يىغقانلىقىدىن ھېساب ئالىدۇ؟ دەيدۇ.

جاۋاب: بۇ سۆز مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىزگە ئىمتىھان سوئاللىرىنى يىلنىڭ بېشىدا بەرمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزدىن ئىمتىھان سوئاللىرىنى يوشۇرىدۇ، بىزنى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟ دېگەن سۆزگە ئوخشاش. ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ياخشى تىرىشىپ ئۆگەنسۇن، ھەرقايسى پەنلەرنى ئوبدان ئوقۇسۇن دەپ ئىمتىھان سوئاللىرىنى يوشۇرغان. ئەگەر ئىمتىھان سوئاللىرى ئۇلارغا يىلنىڭ بېشىدا بېرىلسە ئىمتىھاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ بۇ دۇنيا ئىمتىھان دۇنياسى، ئىمتىھان دېگەن ئەرەپ تىلىدا بويسۇنمىغۇچىدىن بويسۇنغۇچىنى، خاتا قىلغۇچىدىن، توغرا قىلغۇچىنى ئايرىش سىنىقى دېگەن بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا بارلىق كىشىلەرنى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش مەخسۇس ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن بىر مىللەت قىلىپ ياراتقان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ شۇنداق بولۇشنى تاللىغان ۋە خالىغىنىنى قىلىدۇ. قىلغان ئىشىدىن سوئال قىلىنمايدۇ. بىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، ئاللاھنىڭ مۈلكى، ئاللاھقا قايتىمىز. بىزگە ئاللاھتىن باشقا تەربىيىچى ئىلاھ يوق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا بىزنى ئازابلايدۇ، خالىسا بىزنى ئەپۇقىلىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ۋە رەھىم قىلىشىنى سورايمىز. ئازابىدىن پانا تىلەيمىز. بىز ئاللاھنىڭ



www.munber.org

ئازابىدىن ئەپۇ سوراش بىلەن قۇتۇلالايمىز ۋە ئاللاھنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشەلەيمىز.

## پەرىشتە

پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى قۇرئاندا بار بولۇپ كىمكى قۇرئاندا دېيىلگەن پەرىشتىلەرنىڭ خەۋىرىدىن بىرسىنى ئىنكار قىلىدىكەن كاپىر بولىدۇ. قۇرئاندا دېيىلگەن پەرىشتىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە خەۋىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ پەرىشتىلەر ئىنساندىن بۇرۇن يارىتىلغان. ئاللاھ ئۇلارغا:

﴿إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً﴾

﴿مەن زېمىندا ئورۇن باسار يارىتىمەن﴾[1] دەپ خەۋەر بەرگەندە، پەرىشتىلەر:

﴿أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاء﴾

﴿زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان كىشىنى يارىتامسەن؟﴾[2] دېدى.

2 ـ پەرىشتىلەر خالىس ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا يارىتىلغان. پەرىشتىلەر:

﴿وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ﴾

﴿بىز سېنى پاك ۋە مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز﴾[3] دېدى.

﴿لا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾

﴿ئۇلار ئاللاھ بۇيرىغانغا ئاسىي بولمايدۇ. ئاللاھ بۇيرىغاننى قىلىدۇ...﴾[4]

﴿وَيُسَبِّحُونَهُ وَلَهُ يَسْجُدُونَ﴾

[1] سۈرە بەقەرە 30 ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت.
[4] سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿ئۇ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ﴾[1].

﴿يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِ﴾

﴿ئۇلار ئۆز پەرۋەردىگارىغا ھەمدى بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ﴾[2]

3 ـ ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىسىملارنى ئۆگەتتى. بۇ ئىسىملارنىڭ نېمىلىكىنى بىزگە بايان قىلمىدى. لېكىن بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ياكى مۇشۇ كۈندىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن ھەمدە قايسى تىل بىلەن ئۆگەتكەنلىكىنى بايان قىلمىدى. ئاللاھ پەرىشتىلەردىن بۇ ئىسىملارنى سورىغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىگۈچە ئۇلار جاۋاب بېرەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت سەجدىسى ئەمەس، ھۆرمەت سەجدىسى قىلىشقا بۇيرىغان.

4 ـ پەرىشتىلەر بەزىدە ماددى شەكىلدە بولۇپ، ئىنسانلار سۈرىتىدە ئاشكارا بولىدۇ. ئاللاھ مەريەم ئەلەيھىسسالام ھېكايىسىدە:

﴿فَأَرْسَلْنَا إِلَيْهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ لَهَا بَشَرًا سَوِيًّا﴾

﴿ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىز جىبرىئىلنى ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى﴾[3] دېگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرى پەرىشتە بولۇپ ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كالا گۆشىدىن تەييارلانغان كەچلىك تاماقنى سۇنغان.

[1] سۈرە ئەئراف 207 ـ ئايەت.
[2] سۈرە غافىر 7 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مەريەم 17 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿فَلَمَّا رَأَى أَيْدِيَهُمْ لاَ تَصِلُ إِلَيْهِ نَكِرَهُمْ وَأَوْجَسَ مِنْهُمْ خِيفَةً قَالُواْ لاَ تَخَفْ إِنَّا أُرْسِلْنَا إِلَى قَوْمِ لُوطٍ﴾

﴿ئۇلارنىڭ قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خوش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار قورقمىغىن بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق﴾[1] دېدى.

5 ـ پەرىشتىلەرنىڭ ئورنى ئاسمان بولۇپ، زېمىنغا ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن چۈشىدۇ.

﴿وَمَا نَتَنَزَّلُ إِلا بِأَمْرِ رَبِّكَ﴾

﴿بىز پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ بۇيرىقى بىلەن چۈشىمىز﴾[2]

6 ـ ئۇلار يارىتىلىشتا، ئىبادەتتە بىر قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ.

﴿رُسُلا أُولِي أَجْنِحَةٍ مَّثْنَى وَثُلاثَ وَرُبَاعَ يَزِيدُ فِي الْخَلْقِ مَا يَشَاءُ﴾

﴿پەرىشتىلەرنى ئىككى، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچى قىلغان. ئاللاھقا مەدھىيە بولسۇن، ئاللاھ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ﴾[3]

﴿وَمَا مِنَّا إِلا لَهُ مَقَامٌ مَّعْلُومٌ﴾

﴿پەرىشتىلەر بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار دەيدۇ﴾[4]

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەھيى ئېلىپ چۈشىدىغان جىبرىئىل بار.

﴿قُلْ مَن كَانَ عَدُوًّا لِّجِبْرِيلَ فَإِنَّهُ نَزَّلَهُ عَلَى قَلْبِكَ بِإِذْنِ اللّهِ﴾

﴿ئېيتقىنكى جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم ئاللاھقا دۈشمەندۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴾[5].

﴿وَإِنَّهُ لَتَنزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ * نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ * عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنذِرِينَ﴾

[1] سۇرە ھود 70 ـ ئايەت.
[2] سۇرە مەريەم 64 ـ ئايەت.
[3] سۇرە فاتىر 1 ـ ئايەت.
[4] سۇرە سەففات 164 ـ ئايەت.
[5] سۇرە بەقەرە 97 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشىڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾[1]

ئۇلارنىڭ ئىچىدە جانلارنى ئېلىشقا مۇئەككەل بولغان ئۆلۈم پەرىشتىسى بار.

﴿قُلْ يَتَوَفَّاكُم مَّلَكُ الْمَوْتِ الَّذِي وُكِّلَ بِكُمْ﴾

﴿سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئېلىشقا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ﴾[2].

سۇر چالىدىغىنى، مىكائىل ۋە ئەرشنى كۆتىرىدىغانلار بار.

﴿وَيَحْمِلُ عَرْشَ رَبِّكَ فَوْقَهُمْ يَوْمَئِذٍ ثَمَانِيَةٌ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشنى سەككىز پەرىشتە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ﴾[3]

ئۇلاردىن جەننەتتىكىلەرگە نېئمەت بېرىشكە ۋەكىل قىلىنغانلىرى بار.

﴿وَالمَلاَئِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِم مِّن كُلِّ بَابٍ سَلاَمٌ عَلَيْكُم بِمَا صَبَرْتُمْ﴾

﴿پەرىشتىلەر ئۇلارنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىپ، سەبرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن﴾[4] دەيدۇ.

ئۇلاردىن دوزاختىكىلەرنى ئازابلاشقا بۇيرۇلغانلىرى بار.

﴿مَا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾

﴿ئۇ قانداقلا بىر سۆزنى قىلمىسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۈزىتىپ تۇرىدۇ﴾[5].

﴿عَلَيْهَا مَلائِكَةٌ غِلاظٌ شِدَادٌ﴾

[1] سۇرە شۇئەرا 192-194 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۇرە سەجدە 11 ـ ئايەت.
[3] سۇرە ھاققە 17 ـ ئايەت.
[4] سۇرە رەئد 23-24 ـ ئايەتلەر.
[5] سۇرە قاف 18 ـ ئايەت.



www.munber.org

﴿دوزاختا ناھايىتى قاتتىق قول پەرىشتىلەر بار﴾[1]

ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى خاتىرىلەيدىغانلىرى بار.

﴿وَإِنَّ عَلَيْكُمْ لَحَافِظِينَ * كِرَامًا كَاتِبِينَ﴾

﴿سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بار، ئۇلار ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ﴾[2]

ئۇلاردىن قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى ھېساب بېرىشكە ھەيدەيدىغانلىرى ۋە ئىنسانغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىرى بار.

﴿وَجَاءتْ كُلُّ نَفْسٍ مَّعَهَا سَائِقٌ وَشَهِيدٌ﴾

﴿ھەربىر ئىنسان (مەھشەرگاھقا) كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (ئۇنى مەھشەرگاھقا) ھەيدىگۈچى ۋە (ئۇنىڭ ئەمەلىگە) گۇۋاھچى بولىدىغان (ئىككى پەرىشتە) بىللە كېلىدۇ﴾[3]

7 - پەرىشتىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن قۇرئان خەۋەر بەرگەنلىرى بار، ئۇلار جەڭدە مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم تۇرغۇزىدۇ.

﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلآئِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُواْ الَّذِينَ آمَنُواْ سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُواْ الرَّعْبَ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە، مەن سىلەر بىلەن بىللە مۆئمىنلەرنى ئۇرۇش مەيدانىدا چىداملىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن دەپ ۋەھيى قىلدى﴾[4]

پەرىشتىلەر مۆئمىنلەرگە دۇئا قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا رەھمەت تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەيدۇ.

﴿هُوَ الَّذِي يُصَلِّي عَلَيْكُمْ وَمَلَائِكَتُهُ﴾

﴿ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە رەھمەت تىلەيدۇ...﴾[1]

[1] سۈرە تەھرىم 6 - ئايەت.
[2] سۈرە ئىنفىتار 10 - 11 - ئايەتلەر.
[3] سۈرە قاف 21 - ئايەت.
[4] سۈرە ئەنفال 12 - ئايەت.



www.munber.org



مۆئمىنلەر بىلەن بىللە بامدات نامىزىغا ھازىر بولىدۇ.

﴿إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا﴾

﴿پەرىشتىلەر چوقۇم بامدات نامىزىغا ھازىر بولىدۇ﴾[2]

كىشىلەرگە ئۆلۈم ھازىر بولغان ۋاقتتا مۆئمىنلەرگە خوش خەۋەر بېرىپ، گۇناھكارلارنى ئۇرىدۇ.

﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىمىز بىر ئاللاھدۇر دېگەنلەر ئاندىن توغرا يولغا ماڭغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار دەيدۇ...﴾[3]

﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلآئِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمْ﴾

﴿ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنغان چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلاردىن سىلەر قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟ دەپ سورايدۇ﴾[4]

﴿وَلَوْ تَرَى إِذْ يَتَوَفَّى الَّذِينَ كَفَرُواْ الْمَلآئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ وَأَدْبَارَهُمْ﴾

﴿پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرەتتىڭ﴾[5]

شۇنىڭدىن كېيىن كاپىرلارنى دوزاخقا ھەيدەپ ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. جەننەتتىكىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.

[1] سۈرە ئەھزاب 43 - ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرائىل 78 - ئايەت.
[3] سۈرە فۇسسىلەت 30 - ئايەت.
[4] سۈرە نىسا 97 - ئايەت.
[5] سۈرە ئەنفال 50 - ئايەت.



www.munber.org

﴿وَسِيقَ الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَى جَهَنَّمَ زُمَرًا حَتَّى إِذَا جَاؤُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَابُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا أَلَمْ يَأْتِكُمْ رُسُلٌ مِّنكُمْ يَتْلُونَ عَلَيْكُمْ آيَاتِ رَبِّكُمْ وَيُنذِرُونَكُمْ لِقَاء يَوْمِكُمْ هَذَا قَالُوا بَلَى وَلَكِنْ حَقَّتْ كَلِمَةُ الْعَذَابِ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾

﴿كاپىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ بارلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق، لېكىن ئازاپقا دۇچار بولۇش ھۆكۈمى كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى دەيدۇ.. ئۇلار جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمىدېگەن يامان دېيىلىدۇ. پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار توپ ـ توپ بولۇپ ماڭدۇرۇلدى، ھالبۇكى ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ. جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر پاك بولۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، ئۇنىڭدا مەڭگۈ قېلىڭلار﴾[1] دەيدۇ.

پەرىشتىلەر توي قىلمايدۇ، نەسىل قالدۇرمايدۇ، ئەر ـ ئايال دەپ سۈپەتلەنمەيدۇ. مانا بۇ قۇرئاندا بايان قىلىنغان پەرىشتىلەرنىڭ خەۋىرى. ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى ئىشەنچلىك ھەدىسلەردىمۇ ناھايىتى كۆپ. كىمكى قۇرئاندا دېيىلگەن پەرىشتىلەر مەسىلىلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن كاپىر بولىدۇ. پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى.

﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ﴾

[1] سۈرە زۇمەر 71 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن كىتابقا ئىشەندى، مۆئمىنلەرمۇ ئىشەندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى﴾[1].

## پەرىشتىگە ئىشىنىشنىڭ پايدىسى

پەرىشتىلەرگە ئىشەنگەن كىشىلەر مۆئمىنلەرگە دۇئا قىلىشقا ۋە گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەشكە پەرىشتىلەر ۋەكىل قىلىنغانلىقىنى ئەسلەپ ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە رەھمىتىگە بولغان سىېزىمى كۆپىيىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى پەرىشتىلەرنىڭ خاتىرىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ يامان ئىشتىن يانىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا، پەرىشتىگە ئىشىنىش ئۇلارنى كۈرەشتە باتۇر ۋە جۈرئەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. پەرىشتىگە ئىشەنگۈچىلەر جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، دوزاخقا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يامان ئىشلاردىن يانىدۇ. پەرىشتىگە ئىشىنىشنىڭ ئومومىي نەتىجىسى ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىشتا يامان ئىشلارنى قىلماسلىقتا ئىنساندا پەرىشتىگە ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش خاراكتېرىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

## جىن

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا جىننى باشقا بىر مەخلۇق قىلىپ ياراتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پەرىشتىلەرنى بىنەپشەرەڭنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل رەڭنىڭ ئاستىدىكى كۆن نۇرلىرىنى، ئاۋاز دولقۇنىنى، توك سىمىدىكى توكنى

[1] سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت.



www.munber.org

كۆرەلمىگىنىمىزدەك جىننىمۇ ئەسلى سۈرىتىدە كۆرەلمەيمىز. مانا بۇ مەخلۇق جىندۇر. جىننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ ئىشەنمىگەن ئادەم كاپىر بولىدۇ. ئاللاھ جىننى مەخسۇس زىكرى قىلمىغان بولسىمۇ جىننىڭ بارلىقىنى قۇرئاندا بايان قىلغان.

## قۇرئاندىكى جىن

1. قۇرئاننىڭ خەۋەر قىلغىنى جىنلار ئوتتىن يارىتىلغان لېكىن جىن تەككەن نەرسىنى كۆيدۈرىۋېتىدىغان ئوت ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن باشقا بىر تەبىئەتكە ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئىنسانلار لايدىن يارىتىلغان. لېكىن ئۇ ھازىر لاي ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئۇنى باشقا بىر مەخلۇق قىلدى. ئاللاھ ئىنساننى دۇنيا قانۇنى بويىچە ئۇستىخان، مۇسكۇل، قان ۋە نېرۋىدىن قۇراشتۇرغان. ئاللاھ يەنە مەخلۇقلارنى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىپ بىر ھۈجەيرىدىن سۈپىتى، شەكلى ۋە تەبىئىتى ئوخشىمايدىغان كانلار، قۇرۇق ئۇرۇقچىدىن ھەرخىل رەڭلىك گۈللەر، يېشىل دەرەخلەرنى مەيدانغا ئەكىلىدۇ.

2. قۇرئان كەرىم جىنلارنى ئىنسانلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن يارىتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

﴿وَالْجَآنَّ خَلَقْنَاهُ مِن قَبْلُ مِن نَّارِ السَّمُومِ﴾

﴿جىنلارنى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت ـ يالقۇندىن ياراتقان ئىدۇق﴾[1]

3. جىنلار بىزنى كۆرىدۇ. بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. قولىدا دۇربۇن بار كىشى يىراقتىكى ئادەمنى كۆرەلەيدۇ، لېكىن بۇ ئادەم ئۇ كىشىنى كۆرەلمەيدۇ. شەيتان ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر.

[1] سۈرە ھىجر 27 ـ ئايەت.

www.munber.org





﴿يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لاَ تَرَوْنَهُمْ﴾

﴿شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ. سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر﴾[1]

4. جىنلار بىزگە ئوخشاش ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ بىز ھېساب بەرگەندەك ھېساب بېرىدۇ. بىز مۇكاپاتلانغان، جازالانغانغا ئوخشاش ئۇلارمۇ مۇكاپاتلىنىدۇ ۋە جازالىنىدۇ. جەھەننەم (ئاللاھ بىزنى ساقلىسۇن) جىن ۋە ئىنسان بىلەن توشىدۇ.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلا لِيَعْبُدُونِ﴾

﴿جىنلار ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشقا ياراتتىم﴾[2]

﴿وَتَمَّتْ كَلِمَةُ رَبِّكَ لأَمْلأَنَّ جَهَنَّمَ مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەن چوقۇم پۈتۈن جىن ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى تولدۇرىمەن﴾[3] دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى.

5. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى جىنلارغا بۇرۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى يەتكەنگە ئوخشاش جىنلار

﴿قَالُوا يَا قَوْمَنَا إِنَّا سَمِعْنَا كِتَابًا أُنزِلَ مِن بَعْدِ مُوسَى مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ وَإِلَى طَرِيقٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾

﴿ئۇلارنى، ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى ئاڭلىدۇق﴾[4] دېدى.

6. جىنلاردىن ياخشىلىرىمۇ، ئەسكىلىرىمۇ بار بولۇپ خۇددى ئىنساندەك ھەر تۈرلۈك بولىدۇ.

﴿وَأَنَّا مِنَّا الصَّالِحُونَ وَمِنَّا دُونَ ذَلِكَ كُنَّا طَرَائِقَ قِدَدًا﴾

[1] سۈرە ئەئراف 27 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھود 119 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەھقاف 30 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنىدۇق﴾[1]

﴿وَأَنَّا مِنَّا الْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا الْقَاسِطُونَ﴾

﴿بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار﴾[2]

7. ئۇلارنى ئاللاھ تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

﴿يَعْمَلُونَ لَهُ مَا يَشَاء مِن مَّحَارِيبَ وَتَمَاثِيلَ وَجِفَانٍ كَالْجَوَابِ وَقُدُورٍ رَّاسِيَاتٍ﴾

﴿ئۇلار سۇلايمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، ئەينەكتىن ئاجايىپ ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، چوڭلۇقتىن مىدىرلىيالمايدىغان قازانلارنى ياساتتى﴾[3].

8. ئۇلار غەيبنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىشلىگەن.

﴿مَا دَلَّهُمْ عَلَى مَوْتِهِ إِلا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ الْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ الْغَيْبَ مَا لَبِثُوا فِي الْعَذَابِ الْمُهِينِ﴾

﴿سۇلايماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرتلار خەۋەردار قىلدى، سۇلايمان يىقىلغان چاغدا، جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، ئېغىر ئەمگەكتە قالمىغان بولاتتى﴾[4].

9. ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردىن قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغاندەك جىنلاردىنمۇ تەلەپ قىلغان.

[1] سۈرە جىن 11 ـ ئايەت.
[2] سۈرە جىن 14 ـ ئايەت.
[3] سۈرە سەبەئ 13 ـ ئايەت.
[4] سۈرە سەبەئ 14 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿قُل لَّئِنِ اجْتَمَعَتِ الإِنسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَـذَا الْقُرْآنِ لاَ يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ ئۆزئارا ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾[1].

10. بۇلار بۇرۇن پەرىشتىلەردىن ئاسمان خەۋەرلىرىنى بىلىۋالاتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن بۇلار توسىلىپ ئۇلارغا ئوت يالقۇن ئېتىلغان

﴿وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَاعِدَ لِلسَّمْعِ فَمَن يَسْتَمِعِ الْآنَ يَجِدْ لَهُ شِهَابًا رَّصَدًا﴾

﴿بىز ھەمىشە ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، ئەمدى كىمكى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار بايقايدۇ﴾[2].

[1] سۈرە ئىسرائ 88 ـ ئايەت.
[2] سۈرە جىن 9 ـ ئايەت.



www.munber.org

## شەيتانلار

شەيتانلار جىننىڭ كاپىرلىرى، ئۇلارنىڭ كاتتىسى ئىبلىس.

بەزىلەر ئىبلىس پەرىشتىدىن دەيدۇ، لېكىن گەپنىڭ توغرىسى ئىبلىس جىندىن چىققان.

1. چۈنكى ئاللاھ مۇنداق بايان قىلغان:

﴿فَسَجَدُوا إِلا إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ﴾

﴿ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى، شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾[1]

2. ئىبلىس پەرۋەردىگارىغا ئاسىي بولدى، پەرىشتىلەر:

﴿لا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ﴾

﴿ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا ئاسىي بولمايدۇ﴾[2]

3. قۇرئان ئىبلىسنى ئوتتىن يارىتىلغان دەپ بايان قىلدى.

﴿قَالَ أَنَاْ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِي مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُ مِن طِينٍ﴾

﴿ئىبلىس مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾[3] دېدى.

## قۇرئاندىكى شەيتانلار

1. شەيتان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاۋالقى دۈشمىنى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ دادىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەن. شەيتان ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرىشتىن توساش، جەننەت يولىدىن يىراقلاشتۇرۇش، دوزاخ يولىغا باشلاش بىلەن ئالدىراش خىزمەت قىلىدۇ.

[1] سۈرە كەھف 50 - ئايەت.
[2] سۈرە تەھرىم 6 - ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف 12 - ئايەت.



www.munber.org



ئىنسانلار بۇنى بىلىپ تۇرۇپ شەيتانغا ئەگىشىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىنى قويۇپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە، پەيغەمبەرنىڭ توغرا يولىنى قويۇپ شەيتاننىڭ ئارزۇسىغا ئەگىشىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئازابلىنىشىنى خالاپ، ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھنى ۋە رەھىم - شەپقەت تىلەشكە چاقىرىدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ چاقىرىغىنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ بۇ ھاماقەتلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

﴿أَفَتَتَّخِذُونَهُ وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَاء مِن دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ بِئْسَ لِلظَّالِمِينَ بَدَلًا﴾

﴿مېنى قويۇپ ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇ زالىملار ئۈچۈن نېمە دېگەن چوڭ بەدەل﴾[1].

2. بۇ ئايەت شەيتاننىڭ نەسىللىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولىدىغانلىقىنى، بارلىق شەيتانلار ئىبلىسنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

3. ئاللاھ شەيتاننى ئىنسانغا مۇسەللەت قىلىپ قويغان. لېكىن ئۇنىڭغا پايدا - زىيان يەتكۈزۈش قۇدرىتى بەرمىگەن. ئالدامچىلىق قىلىشنى بەرگەن.

﴿إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا﴾ ﴿شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىز﴾[2]

﴿وَلَيْسَ بِضَارِّهِمْ شَيْئًا إِلا بِإِذْنِ اللَّهِ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولمىسا شەيتان مۆئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾[3]

[1] سۈرە كەھف 50 - ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 76 - ئايەت.
[3] سۈرە مۇجادىلە 10 - ئايەت.



www.munber.org

﴿وَمَا كَانَ لَهُ عَلَيْهِم مِّن سُلْطَانٍ إِلا لِنَعْلَمَ مَن يُؤْمِنُ بِالْآخِرَةِ مِمَّنْ هُوَ مِنْهَا فِي شَكٍّ﴾

﴿شەيتاننىڭ كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر﴾[1].

4. شەيتاننىڭ ئىشى ئازدۇرۇش، يامان ئىشلار بىلەن غەپلەتتە قالدۇرۇش، قەبىھ ئىشلارغا چاقىرىشتۇر.

﴿الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاء﴾

﴿شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ...﴾[2]

﴿يَعِدُهُمْ وَيُمَنِّيهِمْ وَمَا يَعِدُهُمُ الشَّيْطَانُ إِلاَّ غُرُورًا﴾

﴿شەيتان ئۇلارغا يالغان ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام ـ خىيالغا سالىدۇ. شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾[3].

شەيتان ئىنسانلارنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش قاتارلىق ئىشلارغا ئۈندەيدۇ. بۇنداق ئىشلار ﴿رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ﴾ ﴿شەيتاننىڭ پاسكىنا قىلىقىدۇر﴾[4] شەيتاننىڭ بارلىق دىللارنى يامان قىلىش، ھەددىدىن ئېشىش ۋە زىددىيەتكىلا قىستارتىلغان بۇ پىلاننىڭ بىرىنچى ماددى ئاساسى تۆنجى قېتىم ئادەم ۋە ھەۋۋا كىيىمىنى قىسقا كىيىش، يالىڭاچ بولۇش ۋە بەدەننى ئوچۇق قويۇشتا ئالدانغان بولۇپ، سىلەر بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىڭلار.

﴿يَا بَنِي آدَمَ لاَ يَفْتِنَنَّكُمُ الشَّيْطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُم مِّنَ الْجَنَّةِ يَنزِعُ عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْءَاتِهِمَا﴾

[1] سۈرە سەبەئ 21 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 268 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 120 ـ ئايەت.
[4] سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزىۋەتكەن ئىدى﴾[1]

ئەۋرەتنى ئېچىش، كىيىمسىزلىك، شەيتاننىڭ قانۇنىنىڭ بىرىنچى ماددىسى. شەيتان ئەگەشكۈچىلەرگە يامان ئىشنى چىرايلىق كۆرسەتكۈچىلىك تىرىشىپ، ئەگەشكۈچىلىرىگە ئەسكى ئىشنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ ـ دە، ئۇلار ئەسكى ئىشنى يامان كۆرمەيدۇ. شەيتان ئۇلارغا قىلغان ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىبلىس دوستلىرىنى مۆئمىنلەردە گۇمان پەيدا قىلىشقا، ئۇلارنى ھەققانىيەت چاقىرىقىدىن جېدەل ۋە رىيا قىلىشقا يۈز ئۆرىتىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

﴿وَإِنَّ الشَّيَاطِينَ لَيُوحُونَ إِلَى أَوْلِيَآئِهِمْ لِيُجَادِلُوكُمْ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾[2] دەيدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلماڭلار ۋە ئۇلاردەك مۇشرىك بولماڭلار.

ئەگەر ئۇلارغا بويسۇنساڭلار ھەقىقەتەن سىلەر مۇشرىك بولۇپ كېتىسىلەر. ئىبلىس مۆئمىن كىشىنى پەرۋەردىگارىنى ئۇنۇتقانغا قەدەر ئاللاھنى ئەسلەشتىن يۈز ئۆرۈتكۈزۈپ يامان ئىشلارغا ئۈندەيدۇ. لېكىن

﴿إِنَّ الَّذِينَ اتَّقَواْ إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبْصِرُونَ﴾

﴿تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىسا ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرىۋېلىپ ئۇنىڭدىن خالاس تاپىدۇ﴾[3]

5. لېكىن شەيتاننىڭ ئادىتى بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كىشىلەرنى دۈشمەنلەشتۈرۈشتە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ

[1] سۈرە ئەئراف 27 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 121 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف 201 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئارقىسىدىن كېلىدىغان، ئىنسان ھەمىشە كۆزىتىپ تۇرىدىغان ئاۋازى بىلەن ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق سالىدىغان، بىر پۈتۈن ئىشىدا شېرىك بولىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇ ئىنساننى ئازدۇرۇش يامانلىققا چاقىرىشتىن باشقىسىغا ئىگە بولالمايدۇ ۋە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. كاپىرلار بىلەن شەيتان قىيامەت كۈنى جېدەللەشكەن ۋاقتىدا، شەيتان ئۇلارغا:

﴿وَمَا كَانَ لِيَ عَلَيْكُم مِّن سُلْطَانٍ إِلاَّ أَن دَعَوْتُكُمْ فَاسْتَجَبْتُمْ لِي فَلاَ تَلُومُونِي وَلُومُواْ أَنفُسَكُم﴾

﴿سىلەرگە مېنىڭ ھۆكۈمران بولغىنىم يوق، مەن سىلەرنى پەقەت گۇمراھلىققا چاقىردىم، سىلەر قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەي ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار...﴾[1]

ئىبلىس ئاللاھتىن ئۇلۇمنى كېچىكتۈرۈشنى تىلەپ ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

﴿قَالَ رَبِّ بِمَآ أَغْوَيْتَنِي لأُزَيِّنَنَّ لَهُمْ فِي الأَرْضِ وَلأُغْوِيَنَّهُمْ أَجْمَعِينَ * إِلاَّ عِبَادَكَ مِنْهُمُ الْمُخْلَصِينَ *الَ هَذَا صِرَاطٌ عَلَيَّ مُسْتَقِيمٌ* إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ إِلاَّ مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىم سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا گۇناھلارنى ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن، ئۇلاردىن پەقەت ئىخلاسمەن، بەندىلىرىڭ مۇستەسنا﴾[2] دېگەندە ئۇلۇغ ئاللاھ: ﴿بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر، مېنىڭ بەندىلىرىمگە سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا كۈچۈڭ يېتىدۇ﴾.

﴿إِنَّهُ لَيْسَ لَهُ سُلْطَانٌ عَلَى الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ * إِنَّمَا سُلْطَانُهُ عَلَى الَّذِينَ يَتَوَلَّوْنَهُ وَالَّذِينَ هُم بِهِ مُشْرِكُونَ﴾

[1] سۈرە ئىبراھىم 22 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر 39 ـ 42 ـ ئايەتكىچە.



www.munber.org



﴿شۈبھىسىزكى مۆئمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەرگىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ﴾[1]

6. شەيتان ئەگەشكۈچىلىرىنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي قاچىدۇ.

﴿وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ وَقَالَ لاَ غَالِبَ لَكُمُ الْيَوْمَ مِنَ النَّاسِ وَإِنِّي جَارٌ لَّكُمْ فَلَمَّا تَرَاءتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ وَقَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِّنكُمْ إِنِّي أَرَى مَا لاَ تَرَوْنَ إِنِّيَ أَخَافُ اللّهَ وَاللّهُ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا قەبىھ ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان ۋاقتىدا شەيتان ئارقىغا چېكىنىدى ۋە مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ قورقۇۋاتىمەن، مەن ئاللاھتىن قورقىمەن...﴾[2] دېدى.

﴿كَمَثَلِ الشَّيْطَانِ إِذْ قَالَ لِلْإِنسَانِ اكْفُرْ فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِّنكَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ رَبَّ الْعَالَمِينَ﴾

﴿مۇناپىقلار ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشتا شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا كاپىر بولغىن دېدى، ئىنسان كاپىر بولغاندا شەيتان مەن سەندىن ئادا ـ جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن، دېدى﴾[3].

[1] نەھل 99 ـ 100
[2] ئەنفال 48
[3] ھەشر 16



www.munber.org

## ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرى

مانا بۇ قۇرئانى كەرىمدە دېيىلگەن شەيتان سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمى. شەيتان كۇپۇرلۇق، پاھىشە ئىشلىرىنى تارقىتىش ۋە ئەۋرەتنى ئېچىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. كىشىلەرگە يامان ئىشلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ، گۇمان پەيدا قىلىپ ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن جېدەللەشتۈرۈپ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ ۋە كىشىلەر شەيتاننىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىپ ئەگەشكەنگە قەدەر شەيتان مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدۇ. ئۇلار شەيتاننىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولۇپ ياردەمگە تەلەپ قىلسا شەيتان ئۇلاردىن قېچىپ ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئىنسانلاردىن كىم مۇشۇ ئەخلاقتا بولسا ئۇنىڭ ھۆكۈمى شەيتاننىڭ ھۆكۈمىگە ئوخشاش

﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ❖ مَلِكِ النَّاسِ❖ إِلَـهِ النَّاسِ❖ مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ❖ الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ❖ مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ﴾

﴿ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغان جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگىن﴾[1]

كىمكى پاھىشە ئىشلىرىغا قىزىقىپ ئۇنى كىشىلەرگە يالىڭاچ سۈرەتلەر ياكى شەھۋانىي ھېكايە رومان ياكى ئوچۇق ئەدەبىيات بىلەن چىرايلىق كۆرسەتتى، بۇنداق كىشى ئىنسان شەيتانلىرىدىندۇر ۋە كىمكى كىشىلەرنى جاھالىيەت دەۋرىگە[2] (مەيلى بۇرۇنقى جاھالىيەت دەۋرى بولسۇن ياكى ھازىرقى جاھالىيەت دەۋرى بولسۇن) چاقىرىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى پارچىلىغان بولسا مۇنداق ئادەممۇ ئىنسان شەيتانلىرىدىندۇر. كىشىلەرنى جەننەت يولىدىن قايتۇرۇپ دوزاخ ئازابىغا

[1] سۈرە ناس 1 - 6 - ئايەتكىچە.
[2] بىلىمسىزلىكتىن ئېزىپ كېتىدىغان دەۋر.

www.munber.org





باشلىغان، ئاللاھنى ئەسلەشنى، قىيامەتنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇغان ئادەممۇ ئىنسان شەيتانلىرىدۇر.

﴿وَقُل رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ❖ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَن يَحْضُرُونِ﴾

﴿پەرۋەردىگارىم ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، پەرۋەردىگارىم ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن﴾[1].

[1] سۈرە مۆئمىن 97 - 98 - ئايەتلەر

www.munber.org

## پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش

قۇرئان ئاۋۋال مۇقىملاشتۇرىدىغان نەرسە پەرىشتە، جىن ۋە پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ مەخلۇقى دېيىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھ بۇلارنى يوق يەردىن ياراتقان، خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز پايدا ـ زىيانغا ئىگە بولالمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان، ئىنسانلارغا ئوخشاش تۇغۇلۇپ، ئۇلارغا ئوخشاش ئۆلىدۇ. ئۇلاردەك كېسەل بولىدۇ ۋە ساق بولىدۇ، جىسمانىي تۈزۈلۈشتە، شەكلىدە، قانلىرىنىڭ ئايلىنىشىدا، يۈرەكنىڭ سوقۇشىدا ئىنسانلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق بولۇپ، ئىنسانلار يەپ ـ ئىچكەنگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ. پەيغەمبەرلەردە ئىلاھلىق سۈپەتلەردىن ھېچنەرسە يوق. ئىلاھلىق سۈپەت بىر ئاللاھقا خاس. لېكىن پەيغەمبەرلەر ۋەھيي قىلىنغان ئىنسان. بۇرۇنقى كىشىلەر ۋەھيىدىن ھەيران قالغان ۋاقتىدا ئاللاھ ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ:

﴿أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنْ أَوْحَيْنَا إِلَى رَجُلٍ مِّنْهُمْ أَنْ أَنذِرِ النَّاسَ وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُواْ﴾

﴿ئىنسانلارنىڭ بىرىگە ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغىن، مۆئمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾[1] دېگەن.

كىشىلەر ئىنساندىن پەيغەمبەر بولغانلىقىغا ھەيران بولدى.

﴿أَن قَالُواْ أَبَعَثَ اللّهُ بَشَرًا رَّسُولاً﴾

[1] سۈرە يۇنۇس 2 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿مۇشرىكلار ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟﴾[1]

ئاللاھ بۇلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىنسان جىنسىدىن بولىدۇ. ئىنسانلارغا ئىنساندىن ئەلچى ئەۋەتىلىدۇ دەپ رەددىيە بېرىدۇ.

﴿لَّوْ كَانَ فِي الأَرْضِ مَلآئِكَةٌ يَمْشُونَ مُطْمَئِنِّينَ لَنَزَّلْنَا عَلَيْهِم مِّنَ السَّمَاء مَلَكًا رَّسُولاً﴾

﴿مۇبادا زېمىندا مېڭىپ يۈرىدىغان ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق﴾[2] ۋە ئۇلار پەيغەمبەرلەر بىلەن ھېسابلاشتى.

﴿قَالُواْ إِنْ أَنتُمْ إِلاَّ بَشَرٌ مِّثْلُنَا ....﴾

﴿ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان...» دېدى﴾[3]

﴿قَالَتْ لَهُمْ رُسُلُهُمْ إِن نَّحْنُ إِلاَّ بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ وَلَـكِنَّ اللّهَ يَمُنُّ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ﴾

﴿پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا بىز پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە پەيغەمبەرلىكنى مەرھەمەت قىلىدۇ﴾[4] دېدى.

ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى بىزگە ئېھسان قىلىپ شەرىئەتنى ۋەھيي قىلدى. بىزنى ئۇنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى.

﴿وَقَالُوا مَالِ هَذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الْأَسْوَاقِ لَوْلا أُنزِلَ إِلَيْهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُ نَذِيرًا﴾

﴿مۇشرىكلار: بازارلاردا تاماق يەيدىغان، مېڭىپ يۈرىدىغان، بۇ قانداق پەيغەمبەر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭغا نېمىشقا بىر پەرىشتە ئەۋەتمىدى﴾[1]

[1] سۈرە ئىسرائ 94 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرائ 95 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىبراھىم 10 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئىبراھىم 11 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ رەسۇلۇللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ:

﴿وَما أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِنَ الْمُرْسَلِينَ إِلا إِنَّهُمْ لَيَأْكُلُونَ الطَّعَامَ وَيَمْشُونَ فِي الْأَسْوَاقِ﴾

﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[2] دېدى

ئۇلارغا رەددىيە قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

﴿وَقَالُواْ لَوْلا أُنزِلَ عَلَيْهِ مَلَكٌ وَلَوْ أَنزَلْنَا مَلَكًا لَّقُضِيَ الأَمْرُ ثُمَّ لاَ يُنظَرُونَ❖ وَلَوْ جَعَلْنَاهُ مَلَكًا لَّجَعَلْنَاهُ رَجُلاً وَلَلَبَسْنَا عَلَيْهِم مَّا يَلْبِسُونَ﴾

﴿ئۇلار ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بىر پەرىشتە چۈشمىدى دەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى، بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا ھالاك قىلىناتتى، مۆھلەت بېرىلمەيتتى، بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، بۇلارنى يەنە شۈبھىگە چۈشۈرەتتۇق﴾.

## پەيغەمبەرنىڭ ھەقىقىتى

1. ئەلچى ۋەھيي بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىنسان. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ﴾

﴿ئى مۇھەممەد! مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا پەقەت ۋەھيي قىلىنىدۇ دېگىن﴾[3] دەيدۇ.

[1] فۇرقان 7
[2] فۇرقان 20
[3] غافىر 6



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

بۇنىڭدىن ئاللاھ «پەقەت» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق پەيغەمبەرنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. «پەقەت» دېگەن سۆز ئىنسانلىقتا زىت كېلىدىغان نەرسىنى يوقىتىپ سۆزنى قىسقارتىپ بېرىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئىككىنچى قېتىم پەقەت دېگەن سۆزنى سىلەرگە ئوخشاش دېگەن سۆز بىلەن تەكىتلىدى. پەيغەمبەر يارىتىلىشتا، تەبىئەتتە بىزگە ئوخشاش. لېكىن بىز ئەخلاق، پەزىلەت، ئۇلۇغلۇقتا ئۇلارغا ئوخشاش ئەمەس. ئەگەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولمىغان بولسا، چوڭلار چوڭ، تۆۋەنلەر تۆۋەن بولۇپ قالغان بولاتتى. پەيغەمبەرلەر بىزگە ئوخشاش ئىنسان بولىدىكەن، بىزگە توغرا بولغان ئىش ئۇلارغىمۇ توغرا بولىدۇ، ئۇنداقتا ئۇلارمۇ بىز خاتالاشقاندەك خاتالىشامدۇ؟

جاۋاب: ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى يەتكۈزۈش شەرىئەتنى بايان قىلىشتا ئۇلاردىن خاتالىق كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى يەتكۈزسە ياكى شەرىئەت بايان قىلسا:

﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى❖ إِنْ هُوَ إِلا وَحْيٌ يُوحَى﴾

﴿خاھىشى بويىچە ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[1]

ئاللاھ تائالا:

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءكُمُ الرَّسُولُ بِالْحَقِّ مِن رَّبِّكُمْ﴾

﴿ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەرلەر سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق دىن ئېلىپ كەلدى﴾[2] دەيدۇ.

ۋەھيي كېلىپ بولغاندا كېيىن ئۇلاردىن خاتالىق ياكى ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ياكى ئادەمگەرچىلىكنى يوقىتىپ

[1] سۈرە نەجم 3-4 - ئايەتلەر.
[2] سۈرە نىسا 170 - ئايەت.



www.munber.org

ئۇلۇغلۇققا قارشى ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنى ئۈلگە قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا ئەگىشىشكە بۇيرىغان.

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ﴾

﴿سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى ئۈلگىدۇر﴾[1] بارلىق پەيغەمبەرلەر شۇنداق ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيهِمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ﴾

﴿سىلەرگە ئۇلاردا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگە بار﴾[2] بۇ يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. ئاللاھتىن ۋەھيي چۈشمىگەن، پەيغەمبەرلەر ئۆزى چىقارغان شەرىئەت ئىشلىرىدا خاتالىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. لېكىن ئاللاھ بۇلارنى خاتالىقتا تۇرغۇزمايدۇ، بەلكى توغرىسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ئەما ۋەقەسىدە ۋە بەدرى ئەسىرلىرى ۋەقەسىدە بولغان. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا توغرا بايان قىلىپ بەرگەن. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەما كەلگەن كۈندىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيىسىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم؛ ئەگەر ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پوزىتسىيىسىنى بايان قىلغان بولسا بىرەر ئادەم ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدە خاتالىق بار ئىكەن دەرمىدى. ياكى ئۇنىڭ توغرا دەرمىدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ چوڭلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى يىغىپ ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈپ، دىنىنىڭ چاقىرىقىغا ياردەملەشتۈرۈش مەقسىتىدە ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىغا ئەگەشكۈچىلەردىن بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭدىن زۆرۈر بولمىغان، قاچانلا سورىسا بولىۋېرىدىغان بىر مەسىلىنى سوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئادەمدىن باشقا كىشى شۇنداق

[1] سۈرە ئەھزاب 21 - ئايەت.
[2] سۈرە مۇمتەھىنە 6 - ئايەت.



www.munber.org



قىلارمۇ؟ دۇنيادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشىنى توغرا دېمەيدىغان كىشى بارمۇ؟ بۇ ئىنسانلار مەنتىقىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا توغرا. لېكىن ۋەھيي باشقا بىر ئۆلچەم بىلەن چۈشۈپ، ئىنسانلار ئۆلچىمىدىن ئەقىلنى ياراتقان زاتنىڭ ھۆكۈمى كۆپ توغرا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدىكى ئەسىرلەر توغرىسىدىكى پوزىتسىيەسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە نىسبەتەن خاتا بولغان. بۇنىڭ خاتالىقىغا ۋەھيي چۈشمىگەن بولسا كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ كاتتىسى دەپ قارالغاچقا بۇ ئىشتا خاتالىق يوق دېگەن بولاتتى. بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى زېمىن ھېكمەتتىدىن يۇقىرى دېگەنلىككە دەلىل بار.

3. ھەربىي مەمۇرىي ئىشلاردا پەيغەمبەر ئىنسان بولغانلىقتىن، بۇ ئىشلاردا ئىنسانىي پىكىر يۈرگۈزگەنلىكتىن خاتالىق كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا ساھابىلارمۇ بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇقمۇ؟ ياكى ئۆزلىرى قارار قىلغان ئىشمۇ دەپ سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارغا بۇ ئاللاھتىن بولغان بۇيرۇق ئەمەس، مېنىڭ قارار قىلغان ئىشىم دېسە ساھابىلار كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ پىكرىنىڭ توغرا تەرىپىنى قوبۇل قىلاتتى. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئى رەسۇلۇللاھ بۇ ئورۇنغا سىزنى بىز ئىگەللەپ كەتسەك ياكى كېچىكىپ قالساق بولمايدىغان ئاللاھ چۈشۈردىمۇ ياكى بۇ پىكىر سىزنىڭمۇ؟ دېگەن ۋاقتىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئىختىيارى ۋەقەسىدە بۇ ئىش يۈز بەرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا شەخسىي پىكىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندا ساھابىلار ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز پىكرى بىلەن بىرلەشتۈرگەن.



www.munber.org

خەندەك كولاشنىمۇ ۋە مۇشۇ جەڭدە غەلىبە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولغان...

خەندەك كولاشنىمۇ ۋە مۇشۇ جەڭدە غەتپان قەبىلىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنىمۇ شۇنداق بولغان. ئەمما مۇتلەق دۇنيا ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەخسى كۆز قاراش بىلەن سۆزلەيدىغان بولۇپ، ئادەتتە بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلار بىلىدىغان ئۆزى بىلمەيدىغان ساناائەت، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا خاتالاشقان .شۇنداقلا خورمىنى چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە خاتالاشقان بولۇپ بۇ يېتەرسىزلىك ئەمەس.

ئەگەر دۇنيانىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى بولسىمۇ شۇنداق. خورمىنى چاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسى دېھقانچىلىق مەسىلىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدا ئويلىنىپ باقسا بولىدىغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن ساھابىلارغا تاگمىغان ۋە بۇلارنى ئۇنى قىلىشقا ئۈندىمىگەن. بۇ سۆزۈم دىندىن ئاللاھ ۋەھيي قىلغان دېمىگەن خاتالىقى مەلۇم بولغاندا: «سىلەر دۇنيا ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىسىلەر....» دېگەن.

## پەيغەمبەر غەيبنى بىلمەيدۇ

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان بولۇپ ئاللاھ قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇشقا بۇيرىدى.

﴿قُل لاَّ أَقُولُ لَكُمْ عِندِي خَزَآئِنُ اللّهِ وَلا أَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلا أَقُولُ لَكُمْ إِنِّي مَلَكٌ إِنْ أَتَّبِعُ إِلاَّ مَا يُوحَى إِلَيَّ﴾

﴿ئى مۇھەممەد، مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار دېمەيمەن، مەن غەيبنى بىلمەيمەن، مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە دەپمۇ ئېيتالمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن دېگىن﴾[1]

[1] سۈرە ئەنئام 50 ـ ئايەت.



www.munber.org



﴿قُل لاَّ أَمْلِكُ لِنَفْسِي نَفْعًا وَلاَ ضَرًّا إِلاَّ مَا شَاء اللّهُ وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لاَسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِيَ السُّوءُ إِنْ أَنَاْ إِلاَّ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾

﴿ئى مۇھەممەد! ئاللاھ خالىمىغان ئىكەن ئۆزەمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى توساش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان زەخمەتكە ئۇچرىمىغان بولاتتىم، مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خوش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن دېگىن﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلغان ۋە بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگەن. بۇ ئايەتلەر مەسچىتلەردە تىلاۋەت قىلىپ، بەش ۋاخ نامازدا ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان قۇرئان ھالىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى.

## پەيغەمبەرلەر نۇرغۇن ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنىڭ يىلتىزى بىر

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ھەربىر ئۇممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

﴿وَإِن مِّنْ أُمَّةٍ إِلا خلا فِيهَا نَذِيرٌ﴾

﴿قانداقلا بىر ئۇممەت بولسۇن ئۇنىڭغا بىر پەيغەمبەر كەلگەن﴾[2] لېكىن ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرئاندا زىكرى قىلمىدى. بەلكى ئاز بىر قىسمىنى زىكرى قىلدى.

﴿وَرُسُلاً قَدْ قَصَصْنَاهُمْ عَلَيْكَ مِن قَبْلُ وَرُسُلاً لَّمْ نَقْصُصْهُمْ عَلَيْكَ﴾

﴿بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار﴾[3]

[1] سۈرە ئەئراف 188 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فاتىر 24 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 164 ـ ئايەت.



www.munber.org

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىرلىكىدە قىيامەت كۈنىگە تەستىق قىلىش ۋە ئاللاھ يولغا قويغان شەرىئەتكە ئەگىشىش بىلەن ئەۋەتىلگەن ئىسلام قانۇنى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىدۇر.

﴿شَرَعَ لَكُم مِّنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە دىنىدىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى ساڭا يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئەيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننىڭلارنى بەرپا قىلىڭلار، دىندا بۆلۈنۈپ كەتمەڭلار...﴾[1]

ئاللاھ ھەربىر پەيغەمبەرنى ئۆز تەۋەسىگە شۇلار بىلەن سۆزلەشسۇن ۋە ئۇلار چۈشەنسۇن ئۈچۈن شۇلارنىڭ تىلى بويىچە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلاَّ بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ فَيُضِلُّ اللّهُ﴾

﴿قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەنلا ئەۋەتتۇق...﴾[2]

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى پۈتۈن كىشىلەرگە ئومۇمىي قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرنىڭ ئاخىرىسى قىلغان بولۇپ بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر يوق. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كېتىش بىلەن ۋەھيي ئۈزۈلگەندىن كېيىن ئاللاھتىن ۋەھيي كەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن دىن مۇكەممەل بولغان ۋە نېئمەت تاماملانغان:

[1] سۈرە شۇرا 13 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىبراھىم 4 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا﴾

﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1]

## سوئال جاۋاب

بىر قىسىم كىشىلەر ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى يەتكۈزۈشى ئۆز قەۋمىگىلا تۇرسا قانداقسىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي ۋە ئۆزگەرتىلمەي قىيامەت كۈنىگىچىلىك قېلىپ قالىدۇ؟ دەيدۇ.

جاۋاب: (ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ) ئىسلام شەرىئىتى ئاللاھ تەرىپىدىن ھەربىر زامان ۋە ماكاننى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن شۇنىڭغا ئۇيغۇن ھالدا كەلگەن. بۇنىڭ بايانى ئىسلام دىنىدىكى ئەقىدە ۋە ئىبادەتلەر زامان ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى، شارائىت دەستۇرى، ئىقتىساد مۇئامىلە ۋە مەمۇرىي ئەھۋاللاردا تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ ئۇ توغرىسىدا بىنانىڭ تۈۋرىكى ۋە ھۇلغا ئوخشاش ئومۇمىي مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. مۇشۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىسلام ھەر زامانغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈشنى بىزگە تاپشۇرغان. مەن بۇنىڭغا قىسقىغىنا بىر مىسال كەلتۈرەي. ئىسلام دىنىدىن ئىسلام ھوقۇقدارلىرىنىڭ ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىشنى، ئاممىنىڭ ئەركىن پىكرى بولۇشنى، ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى قۇرئاننىڭ ھۆكۈمنى تۇتۇشنى، پۇقرا ياكى ئەمەلدار بولسۇن ھەممىگە مەسلىھەت بېرىشنى، سايلاش ئۇسۇلىنى بەلگىلەشنى ۋە قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز كىشىلەرنى بەلگىلەش يولىنى، شۇنىڭدەك مەسلىھەت سېلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى بىزگە تاپشۇردى. ھەممە كىشىلەر

[1] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرىدى. لېكىن ئادىللىققا يەتكۈزىدىغان يولنىڭ سۈرئىتىنى بىزگە قويۇپ بەردى.

## ئىسلام دىن پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىنى ئايرىمايدۇ

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە ئۆز پەيغەمبەرلىرىدىن باشقىغا تۆھمەت قىلىدىغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسى توغرىسىدا يامان گەپ قىلىدىغان كىشى ئىسلام پرىنسىپىغا قارشى ئىش قىلغان بولىدۇ.

﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾

﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۆزىگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز دېيىدۇ، ئۇلار بىز دەۋىتىڭنى ئاڭلىدۇق ۋە ئەمرىڭگە بويسۇندۇق، پەرۋەردىگارىمىز مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىرى قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾[1]

مۇسۇلمان ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەندەك، مۇسا، ئەيسا قاتارلىق باشقا پەيغەمبەرلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەپ ئۇلۇغ بىلگەنگە ئوخشاش بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ.

[1] سۈرە بەقەرە 285 - ئايەت.



www.munber.org



## قۇرئاندىكى پەيغەمبەرلەر

مۇسۇلمان ئادەم قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى، جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ چۈشكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلدىن ئاڭلىغىنى بويىچە يەتكۈزگەن، قۇرئاننىڭ مۇقاۋىسى ئىچىدىكى جىبرىئىل ئېلىپ چۈشكەن قۇرئاننىڭ ھەممىسى ۋە ئۆزى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. كىمكى قۇرئاندىن بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلىدىكەن ۋە ياكى شەك قىلىدىكەن ئىسلام دىنىدىن چىقىدۇ. قۇرئاندا 25 پەيغەمبەر زىكرى قىلىنغان بولۇپ بۇلارنىڭ ئىسىملىكلىرى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى بەش ئايىتىگە جۇغلانغان.

﴿وَوَهَبْنَا لَهُ إِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ كُلاًّ هَدَيْنَا وَنُوحًا هَدَيْنَا مِن قَبْلُ وَمِن ذُرِّيَّتِهِ دَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَى وَهَارُونَ وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ❁ وَزَكَرِيَّا وَيَحْيَى وَعِيسَى وَإِلْيَاسَ كُلٌّ مِّنَ الصَّالِحِينَ❁ وَإِسْمَاعِيلَ وَالْيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطًا وَكُلاًّ فضَّلْنَا عَلَى الْعَالَمِينَ﴾

﴿ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ھىدايەت قىلدۇق، ئىبراھىمدىن ئىلگىرى نوھنى ھىدايەت قىلدۇق، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇپ، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز، زەكەرىيا، يەھيا، ئەيسا، ۋە ئىلياسلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر، ئىسمايىل، ئىلياس، يۇنۇس، ۋە لۇتلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى ئۆز زامانىدىكى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[1]

﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِدْرِيسَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا❁ وَرَفَعْنَاهُ مَكَانًا عَلِيًّا﴾

[1] سۈرە ئەنئام 84 - 87 - ئايەتكىچە.



www.munber.org

﴿كىتابتا يەنى قۇرئاندا ئىدرىسنى بايان قىلغان، ئۇ ھەقىقەتەن راستچىل پەيغەمبەر ئىدى، ئۇنى بىز يۇقىرى ئورۇنغا كۆتەردۇق﴾[1]

﴿وَإِلَى عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا﴾

﴿ئاد قەۋمىگە ئۇزىنىڭ قېرىندىشى ھودنى ئەۋەتتۇق﴾[2]

﴿وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا﴾

﴿سەمۇتقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى ئەۋەتتۇق﴾[3]

﴿وَإِسْمَاعِيلَ وَإِدْرِيسَ وَذَا الْكِفْلِ كُلٌّ مِّنَ الصَّابِرِينَ﴾

﴿ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفلىلارنىڭ ھەممىسى سەۋرلىك ئىدى﴾[4]

ئادەم ئەلەيھىسسالام زىكرى قىلىندى. پەيغەمبەر بولغان دەپ ئوچۇق بايان قىلىنمىدى. لېكىن ئادەم ئەلەيھىسسالام زىكرى قىلىنغان ئايەتلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولىشىنىڭ كۇچلۇكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 25 پەيغەمبەردىن ئىدرىس ۋە زۇلكىفلىگە ئوخشاش قۇرئاندا پەقەت ئىسمىلا زىكرى قىلىنغانلىرى بار، (ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە يۇنۇسلارغا ئوخشاش ۋەقەلىكى قىسقىغىنا سۆزلەنگەنلىرى، ئىبراھىم، مۇسا، يۇنۇس، ۋە ئەيسالارغا ئوخشاش ۋەقەلىكى ئايرىم ئېنىق سۆزلەنگەنلىرى بار. (ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن).

قۇرئاندا دېيىلگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكىنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ۋە راست بولۇپ ئۇنىڭغا ئىشىنىش زۆرۈر.

﴿تِلْكَ الرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ اللّهُ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَاتٍ﴾

[1] سۈرە مەريەم 56 ـ 57 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھود 50 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھود 61 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنبىيا 85 ـ ئايەت.



www.munber.org

ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى﴾[1]

## مۆجىزىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن قۇددۇسقا (پەلەستىندە) سەيرى قىلدۇرۇلغان بولۇپ بىر كېچىدە بېرىپ قايتىپ كەلگەن. قۇرەيشلەر بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئىشەنمىگەن. چۈنكى ھەممىمىزگە مەلۇم، تۆگە ۋە باشقا ئۇلاغلار بىلەن مۇنداق سەپەرنىڭ ئەمەلىيەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ بۈگۈنكى كۈندە بىرەر ئادەم ھەيران قالمايدىغان ۋە ئىنكار قىلمايدىغان ئادەتتىكى مۇمكىن ئىش بولۇپ قالدى. ئەگەر بۈنىڭدىن بىر ئەسىر ياكى ئىككى ئەسىر بۇرۇن تەبىئەت ئالىملىرىنىڭ چوڭلىرىغا يېقىندا ئىنسانلار تۆمۈر ۋە پولاتتىن ياسالغان كېمىلەر بىلەن شامال ئۈستىگە چىقىدۇ، ھاۋا دائىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىنى ۋە نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتقىنى خاتىرىلەيدۇ، بۇنى سۆزلىگۈچى ئۆلۈپ كەتسىمۇ خالىغان ئادەم ئاڭلىيالايدۇ، دېيىلگەن بولسا چوقۇم بۇ ئالىم بۇ ئىش ئەمەلىيەتكە ئاشقان تۇرۇقلۇق بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن بولاتتى.

ئۇنداقتا مۇمكىن بولمىغان ئىش قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟

جاۋاب: مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىككى خىل بولىدۇ.

1. يۇقىرىدا دېيىلىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار.

2. مەۋجۇتلۇق ۋە يوقلۇقتىن ئىبارەت ئىككى زىت نەرسىنىڭ جەمئىي كەلگىنىگە ئوخشاش ئەقىلدە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. مەسىلەن: مۇشۇ

[1] سۈرە بەقەرە 253 ـ ظايەت.

ئورۇندا بولمىغان ئادەمنىڭ ئۆزى مۇشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ئورۇندا بولمىغان بولىدۇ ۋە يەنە نەرسىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۆزگەرگىنىگە ئوخشاش بولۇپ كىتاب كىتاب بولىدىغان ۋاقىتتا كىتاب قوشۇق بولمايدۇ.

ئەقىلدە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئادەتتىكى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى بىز يۇقىرىدا دۇنيادىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىنسانىنىڭ بىلىشى قانداق مۇمكىن ئىشقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا مۇشۇنداق قانۇنلارنى ئىجاد قىلغان ئاللاھ مۇمكىن ئەمەس ئىشنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرۇشقا ئاجىز كېلەمدۇ؟ بۇنىڭدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدە شەك يوق. ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى قىلىش ئاللاھقا مۇمكىن. بۇ توغرىدا بىزگە توغرا خەۋەر يېتىپ كەلسە ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

## كارامەتلەر

قۇرئاندا ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ئۈچ خىلى زىكرى قىلىنغان.

بىرىنچى خىلى پەيغەمبەرلەردىن قەۋملىرى ئۆزىنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا پەيغەمبەرنىڭ قولى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىرى. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا ئاللاھ كۆيدۈرىدىغان ئوتنىڭ تەبىئىتىنى سوغۇق كۆيدۈرمەيدىغان قىلىپ بەرگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىغاندا يىلانغا ئۆزگەرگەن. ھاسا بىلەن تاشنى ئۇرغاندا تاشتىن سۇ چىققان. دەريانى ئۇرغاندا كىشىلەر ئۆتۈۋالغۇچىلىك سۇ توختاپ تۇرغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن. قۇرئاندا دېيىلگەن مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.





ئىككىنچى خىلى ئاللاھنىڭ سالىھ ۋەلىيلىرىنىڭ قولى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئىشلار. مەسىلەن: مەريەمنىڭ قېشىدا مېھراپتا تائام تەييار تۇرغىنىغا ۋە بىلىملىك ئادەمنىڭ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە يەمەندىن پەلەستىنگە پادىشاھلىقنىڭ تەختىنى ھازىر قىلغىنىغا ئوخشاش بولۇپ بۇ كارامەت دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى، كاپىر سامىرىنىڭ بەنى ئىسرائىلغا موزاي ياساپ بەرگىنىگە ئوخشاش. بىرىنچىدىن، بۇ ئۈچ خىل ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ قۇرئاندا بايان قىلىنغان بولۇپ ئىشىنىش زۆرۈر. ئىككىنچىدىن، قۇرئاندا بۇ توغرىلىق سۆزلىگەننىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئەمما ئىنسانلارنىڭ كىشىلەرنى ئەۋلىيا دەپ ئاتاپ ئۇلارغا نىسبەتەن بەرگەن كارامەتلىرى خەۋەر بولۇپ ئەگەر ئەۋلىيادىن بولغان بولسا بۇنىڭ راستلىقىمۇ يالغانلىقىمۇ ئېھتىمال. ۋەلى دېگەن تەقۋا مۆئمىندۇر. (ئىزاھات: سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى يەمەن پادىشاھى بىلقىسنىڭ تەختىنى كۆزنى يۇمۇپ - ئېچىپ بولغىچە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوردىسىغا (پەلەستىنگە) ئەكىلىپ بولغان.

﴿أَلا إِنَّ أَوْلِيَاء اللّهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ❖ الَّذِينَ آمَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا قورقۇش، قايغۇرۇش يوقتۇر، ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴾[1]

ئەمما گۇمان قىلىنغان كارامەت گۇناھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن ياكى كاپىرنىڭكى ئىكەن ياكى تەقۋادار ئەمەس كىشىنىڭ ئىكەن، بۇ كارامەت ئەمەس يالغان.

[1] سۈرە يۇنۇس 62 - 63 - ئايەتلەر



www.munber.org
www.munber.org

## مۆجىزە ۋە سېھرى

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىركۈنى فىرئەۋن سېھرگەرلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇسابىقە بولغاندا فىرئەۋن سېھرگەرلىرى ئارغامچا ۋە ياغاچ هاسىسلىرىنى تاشلىدى. ئۇ كىشلەرنىڭ كۆزىگە يىلان بولۇپ كۆرۈندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام هاسىسىنى تاشلىۋىدى، يىلانغا ئۆزگىرىپ پىرئەۋن سېھرگەرلىرىنىڭ يىلانلىرىنى يەپ كەتتى. بۇ ئىككىسى باپباراۋەرمۇ؟ ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشى فىرئەۋن سېھرگەرلىرىنىڭ ئىشى بىلەن ئوخشاش بولسا نېمە ئۈچۈن سېھرگەرلەر ئىمان كەلتۈردى؟ سېھرگەرلىرىنىڭ ئىشى كۆز بوياش ۋە ئىنسانلارنى خاتا ھېسسىياتقا سېلىپ قويۇش. بۇ سېھرگەرلەر ئارغامچا ۋە هاسا ئۆز هالىتى بىلەن تۇرۇقلۇق كىشلەرگە يىلان كۆرسەتتى. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ هاسىسى ھەقىقىي يىلانغا ئۆزگەردى. ئەگەرشۇ يەردە سۈرەتكە تارتىش ئاپپاراتى بولۇپ بۇنى سۈرەتكە تارتقۋالغان بولسا سېھرگەرلەرنىڭ يىلانلىرىنىڭ ئارغامچا هاسسا بولۇپ ئاشكارا بولغاندا سۈرەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ھەقىقىي يىلان بولۇپ كۆرۈنەتتى.

www.munber.org





## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىككى بولۇپ، بىرسى، قۇرئان. يەنە بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر مۆجىزە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان بولۇپ، كىشلەر ئۇنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلمىسۇن ياكى ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ قويمىسۇن دەپ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېيلان قىلىشقا بۇيرۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ﴾

﴿ئى مۇھەممەد، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان ماڭا ۋەھىي قىلىنىدۇ دېگىن﴾[1] دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئامما قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، لېكىن ئۇلۇغلۇقتا ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشى يوق. ئاللاھ تائالا ئىنسانلاردىن پەقەتلا بىر كىشىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا (بۇ كىشىگە، ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىمغا، مۇسا، ئىيسا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھنىڭ سالىمى بولسۇن) تارىخ دۇنياغا پەيدا بولغاندىن باشلاپ تارىخ سەھىپىسىدە ئىسمى چاقنىغان ئاشۇ مىڭلىغان كاتتا كىشلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سېلىشتۇرۇش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ھەقىقەتكە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بۇ كاتتا كىشلەردىن ناھايىتى ئەقىللىقلىرى بولغان، لېكىن ھېسسىيات ۋە سۆز قابىلىيىتى جەھەتتە ئاجىز، سۆز قابىلىيىتى يۇقىرى، خىيالى ئۆتكۈرلەرنىڭ پىكرى ئاددى باشقۇرۇش، رەھبەرلىك قىلىش ئىشلىرىدا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەخلاقى ئاددىي.

[1] سۈرە كەھف 110 - ئايەت.

www.munber.org

مەسىلەن: ئىسكەندەر، دوماس، بودىلېر، بىرون، ناپالىئون، باناپارت قاتارلىقلار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق بۈيۈك ئىشلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىردىنبىر كىشى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ھەربىرىنىڭ يوشۇرۇشقا تىرىشىدىغان، كىشىلەرنى ئۈركۈپ قېلىشتىن قورقىدىغان شەھۋەتكە مۇناسىۋەتلىك ياكى ئائىلىسىگە چېتىشلىق بولغان ئاجىزلىق ياكى قانۇندىن سىرت ئىش قىلىپ قويغان تەرەپلىرى بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆز ھاياتىنى بارلىق كىشىلەرگە ئاشكارا قىلغان بىردىنبىر كىشى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى ئوچۇق كىتاب بولۇپ بۇنىڭدا يوشۇرۇپ قالغان بىرەر ئىش ياكى ئۈچۈرۈلگەن بىرەر قۇر يوق. بۇ كىتابتىن خالىغان ئادەم خالىغان نەرسىنى ئوقۇيالايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئېلان قىلىش ۋە تارقىتىشنى ئەسھابلىرىغا رۇخسەت قىلغان بىردىنبىر كىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان كىشىلەر) سەممىي ۋاقىتىدىكى ۋە ئاچچىقلىنىش، قىزىرىش، تەسىرلىنىشتىن ئىبارەت ئىنسانىي ئاجىزلىق ۋاقىتىدىكى ئەھۋاللارنى كىشىلەرگە تارقاتقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئىشلارنى رىۋايەت قىلغان.

ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكى ھالىتىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن بولغان ئەھۋالىنى تارقاتقان.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى دىن ۋە قانۇندۇر. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىز



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق يەيدىغان، قانداق كىيىدىغانلىق، قانداق ئۇخلايدىغانلىق، ھاجىتىنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىق، ئۇنىڭدىن قانداق تازىلىنىدىغانلىق ئەھۋاللىرىنى بىلدۇق. قېنى سىلەر ماڭا مېنىڭ تەرجىمىھالىم ۋە بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىمنى كىشىلەرگە تارقىتىڭلار، ئۇلار ئوقۇسۇن، دوست ـ دۈشمەنلەرگە كۆرسىتىڭلار خالىغان كىشى يېتەرسىزلىكلىرىمنى تېپىۋالسۇن، دېيىشكە جۈرئەت قىلغان باشقا بىر كاتتا كىشى بولسا كۆرسىتىپ بېرىڭلار. قېنى سىلەر ماڭا تەرجىمىھالى مۇشۇنداق تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ۋە 13 ئەسىردىن كېيىنمۇ بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇغىنىمىزغا ئوخشاش مەخپىيەتلىرى تەلتۆكۈس تونۇلغان يەنە باشقا بىر ئۇلۇغ كىشى بولسا كۆرسىتىپ بېرىڭلار. ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىق ياكى مىجەز، ئەخلاق، ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكتە ياكى كاتتا كىشى قىلغان بۈيۈك ئىشلاردا ياكى شۇ كىشى ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىدا ياكى دۇنيا تارىخىدا قويغان تەسىرى بىلەن بولىدۇ. ھەرقانداق كاتتا كىشى ئۈچۈن مۇشۇ ئۇلۇغلۇق ئۆلچىمىدىن بىر تەرىپى بولىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتىلىقى، ئۇلۇغلىقى بۇنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزگىچىلىك، ئالاھىدە ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئۇلۇغ تەسىردىن ئىبارەت كاتتىلىق ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. كاتتا كىشىلەر پەقەت ئۆز خەلقى ئىچىدىلا كاتتا بولىدۇ. ئۇلار باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەن مىقداردا ئۆز خەلقىگە پايدا يەتكۈزگەن. جەڭ قىلغان قەھرىمانىنىڭ، غەلىبە قىلغان قوماندانىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ئوخشاش. ياكى ئۇ مۇئەييەن بىر تەرەپتە دۇنياۋى ئۇلۇغ بولىدۇ. ئالىملار دۇنيادا يېڭىدىن تەبىئەت قانۇنلىرىدىن بىرەر قانۇنىيەتنى ئېچىشتا ياكى يېڭىدىن بىرەر دورىنى كەشىپ قىلىشتا ياكى پەلسەپە نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ياكى تالانتلىق ھېكايە، پاساھەتلىك شېئىرلار توپلىمىدەك بىرەر چوڭ

تولۇپلامنى تەييارلاشتا دۇنياغا تونۇلدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىرىسى ئالەمشۇمۇل بولۇپ ماۋزۇسى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چاقىرغان نەرسە ئىشەنچلىك بولۇپ، ئىلگىرى ياكى ھازىر بولسۇن بىز بىلىدىغان تەشۋىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مەخپىي ئىشلىرىنى ئاشكارا قىلمايدۇ. بىرەر ئىشقا قىزىققان، قورققان، ئاچچىقلانغان ياكى ئاچ قالغان ياكى بىرەر زۆرۈرىيەت ۋاقتىدا ئۆز تەبىئىتى غالىب كېلىپ دېگەن سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەن بۇيەردە باشقا بىرىنى ئەمەس ئۆزەمنى مىسال كەلتۈرەي، مەن نۇتۇق سۆزلىگەن ۋاقتىمدا روھلۇق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە ھەقىقەتكە، ياخشىلىققا، توغرا يولغا چاقىرىدىغان ئىلمىي ماقالىلارنى يازىمەن. ئاندىن كېيىن تەبىئەتنىڭ ئىغىرلىقى، يامان خاھىشىمنىڭ شەھۋىتى غالىب كېلىپ يەرگە قايتىپ چۈشىمەن. ئىنسانلار ئاشۇلار دېگەن نەسىھەت ۋە نۇتۇقلارنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە پەرۋا قىلمايدۇ ۋە ئۇلاردا نەسىھەتنىڭ بىرەر تەسىرىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرەر مەكتەپتە ياكى نەسىھەت سورۇنلىرىدا ئەمەس بەلكى ئۆيىدە، مەسچىتتە، يوللاردا ۋەھىي قىلىنغان ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزەتتى ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توساتتى، ھەمدە ئۇنى تىل بىلەن دەپ ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۆزىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. سىلەرمۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاۋاتقانسىلەر. مەنىسىنى ئويلانمايۋاتىسىلەر، ئەي رەھبەر بۇنىڭ مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشى ۋە ئەخلاقى ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ئايەت، يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان دوكلات دەرسلىك يىغىلىشى، نەسىھەتلىك سورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى قۇرئان بۇيرىغاننى سۆزلەيدۇ. مۇھەممەد

www.munber.org





ئەلەيھىسسالام كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر ئاللاھتىن داۋاملىق مەغپىرەت تىلەيتتى. ئۇنىڭ: ئاللاھ سېنىڭ ئىلگىرى كېيىنكى گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرمىگەنمىتى؟ دېيىلگەندە ئۇ تېخىمۇ كۆپ شۈكرى ئېيتقۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپىنچە قىلىدىغان ئىشى ناماز ئوقۇش ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەربىر تىرىشچانلىقى ۋە ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتى ياخشىلىقنى كۈچلەندۈرۈپ، يامانلىققا قارشى تۇرۇش ۋە كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانغا چاقىرىش ۋە ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئەسلى ۋەقە بىلەن بىر مىسال كەلتۈرىمەن. ئەگەر باي ياكى ئابرۇيلۇق ياكى مەنسەپدار ئائىلىدىن بىرەر قىز ئوغرىلىق قىلدى، دېگەن تۆھمەت بىلەن قارىلانسا، ئۇنى نۇرىيەنىڭ قولغا ئېلىنغىنىغا ئوخشاش قولغا ئېلىنىدۇ، ۋە شۇنىڭدا ئوخشاش قانۇن ھۆكۈمى يۈرگۈزىلىدۇ دەپ قارامسىلەر؟ ياكى ئۇنىڭ مەسىلىسىگە يۇزلىگەن بارماقلار يۈگۈرۈپ بېرىپ جىنايىتىنى ياكى سوراقنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ياكى جازانى يەڭگىللىتىدۇ دەپ قارامسىلەر؟ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، يەنى مەخزۇم جەمەتى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئابرۇيلۇق جەڭ پېشۋاسى خالىدنىڭ ئائىلىسىدكى بىر قىز ئوغرىلىق قىلىپ قويۇپ جىنايىتىنى ئىسپاتلىغان. ھۆكۈم چىقىرىلغان ۋاقىتتا كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقىغا قاراپ كەچۈرۈم قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قىزنىڭ جىنايىتىنى يۆگەش ۋە ئارا تۇرۇشقا ئالدىراشقان. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ ئاق سۆڭەكلىرى ۋە بايلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزسە جازالانمايدىغان، ئاجىز بىچارىلەر جىنايەت ئۆتكۈزسە جازالانغانلىقى ئۈچۈنلا ھالاك قىلىنغانلىقىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرگەن ۋە

www.munber.org

ئىسلام ھاياتىدا مۇستەھكەم بىرلا سۆز قىلىپ ئۇ قىز توغرىسىدا ئارا تۇرۇشنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى كەچۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «ئاگاھ بولۇڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەگەر قىزىم پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسا چوقۇم قولىنى كېسىۋەتكەن بولاتتىم.» دېگەندىن ئىبارەت ئاجايىپ بىر سۆزنى قىلغان.

بۇنداق ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئىي ئىشى ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىش ئۈچۈن ياشايتتى. كۆڭۈل خاھىشى ۋە ئارزۇسى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈمگە بويسۇناتتى. كىشىلەر بىلەن بولغان يېقىنچىلىق، دوستلۇق ۋە پايدىلىق ئىشلار ئىسلام كۆرسەتمىسىگە زىت كەلسە بۇ ئىشلارغا ئىسلام ھۆكۈمى بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتە ئىنسانلار يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈن ياشايدىغان ئىشلاردىن خالىي، كۆڭۈلنىڭ بارلىق تەلەپلىرىدىن يىراق ئىدى ۋە بىر قىسىم تەركى دۇنيا كىشىلەر دەۋا قىلغانغا ئوخشاش جاپا چېكىشكە قىزىقمايتتى. ئازغا يۈلىنىۋالمايتتى ۋە دائىم كەمبەغەللەر كىيىمىدەك كىيىملەرنى كىيىۋالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېرىلگەن پاك نەرسىلەرنى يەيتتى. ھارام بولمىسىمۇ كۆڭلى تارتمىغاندا يېمەيتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەيىپ قويمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائامنى سۆككەنلىكى ياكى ئەيىب قويغانلىقى ھەرگىز مەلۇم ئەمەس. ئەگەر يېمەك ـ ئىچمەك تاپالمىسا تاپقانغا قەدەر ئازلىققا سەۋر قىلىپ قورسىقىغا تاش تېڭىۋالاتتى. تاپقىنىنى يەيتتى. تاپقىنىنى كىيەتتى. بىر خىل پاسون ياكى بىر رەڭگە ئېسىلىۋالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە باش ئۈستىگە سەللە يۆگەپ كىيگەن، بەزىدە سەللە يۆگىمەي باش كىيىملا كىيگەن بەزىدە باش كىيىم كىيمەي سەللە يۆگىگەن. كۆينەك، ئىشتان، يەكتەك رىدا (ئەرلەر كىيىدىغان يەڭسىز تون) يوللۇق تون، ئۇزۇن چاپان

www.munber.org



ئىسلام دىنىنى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش
تعريف عام بدين الإسلام

قاتارلىق كىيىملەرنى كىيگەن. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيگەن ئۇزۇن چاپان، يەكتەكلىرى كەڭ بولماستىن بەلكى ئىخچام يەڭلىرى تار ئىدى. سەللىسىمۇ ھازىرقى سەللىلەرگە ئوخشاش چوڭ بولماستىن ھىجار (مەككە، مەدىنە، تائىفە ۋە ئۇلارغا تەۋە جايلارنىڭ ئومۇمىي نامى) لىقلارنىڭ سەللىسىگە ئوخشاش بولۇپ بىر پارچە رەختىنى بېشىغا يۆگىۋالاتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا ھاجەتلىك بولمىسا دولىغا تاشلىۋالاتتى، ياكى ئېھتىياجلىق ئورۇنغا ياكى ئەسىرلەرنى باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ئەرەبىستاننىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىق بولغانلىقى ۋە كۈن نۇرىنىڭ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن سەللە ئەرەبىستاندا ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، باشلىرىنى سەللە ئارقىلىق قۇياش نۇرىنىڭ قىزىقلىقىدىن ساقلايدۇ، شۇ جەھەتتىن «سەللە ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى» دەيدىغان سۆز بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەللىدە بىر خىل رەڭنى ئاساس قىلىۋالمايتتى. مەككە فەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەللىسى قارا ئىدى. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمان ئاياللار ئەۋرەتلىرىنى ئېچىشى، ئەرلەرنىڭ يېپەك تاۋار رەختتىن كىيىمى بولۇپ شۇ كىيىمنى كىيىشى توغرا ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا كىيىملەر چەكلەنمىگەن. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىندىكىلەرنىڭ راھىبلارغا ئوخشاش بىر خىل كىيىمى بولۇپ شۇ كىيىمنى كىيگۈچى شۇ دىندىن دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا مەخسۇس ئاياللارنىڭ كىيىمىنى ئەرلەر كىيىش، ئەرلەرنىڭ كىيىمىنى ئاياللار كىيىش قەتئىي چەكلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كىيىم كىيىش رۇخسەت قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چىقىرىپ بەرگەن زىننەتنى ۋە پاك زىننەتلەرنى ھارام سانىمايتتى ۋە قايتۇرمايتتى. ئازغا شۈكرى قانائەت قىلاتتى. يېمەك ـ ئىچمەك زىننەتكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، ۋە ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نىشانى

www.munber.org

قىلغۇالمايتتى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايلىق، يۈز ـ ئابرۇي، مەنسەپ ئارزۇسىدىن خالىي ئىدى، ھەممىزگە مەلۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايلىقنى خالىغان بولسا، ئۆز ۋاقتىدا قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا پۈتۈن قۇرەيشلەر پادىشاھلىقنى تەگلىگەن ئىدى. ئىشقىلىپ قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام چاقىرىقىدىن توختىتىش ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ كۆڭلى قىزىقىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باققان. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىغان. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىمى شەھۋەتتىن خالىي ئىدى. ساغلام بولغان ئەقلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەتقىق قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرى ئارىسىدىكى دانا كىشىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگەن شەرقلىق كىشىلەر گاڭگىراپ قالدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز خوتۇن ئالغانلىقىغا قاراپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جەڭ قىلغۇچى باتۇر كىشىلەرگە ياكى قەلەمكەشلەرگە ئوخشاش دەپ گۇمان قىلىپ ھەقىقەتەن مۇھەممەد شەھۋەتپەرەس ئادەم دېدى. مەسىلەن: ناپالېئون ئۆزى ياخشى كۆرگەن بولۇنىيەلىك قىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن بىر مىللەتنى ئۆزىگە سولامچى بولۇپ بېرىشكە زورلىغان. تېخى بۇنىڭدىن سىرت قىزنىڭ دادىسىنى قىزنى خالىغان ئىشقا كۆندۈرۈپ بېرىشكە زورلىغان ۋە ئۇ قىزنىڭ ئەركىنلىكىنى ئۆزىنىڭ پاھىشىۋاز جىنسى نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ سەن مېنىڭ دېگىنىمگە كىرمىسەڭ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن دەپ تەھدىت سالغان. ناپالېئونلا ئەمەس بەلكى ئىسكەندەر، دوماس، بىرون غوپ، بودىر ۋە شۇنىڭدەك ئون نەچچە كىشىمۇ ناپالېئونغا ئوخشاش. مانا بۇ شەرقلىقلەرنىڭ پېشقەدەم كاتتىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى. ئەگەر سىز بۇلارنىڭ قايسى بولمىسۇن

www.munber.org





جىنسى تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلسىڭىز ئاشۇ نىجىس پۇراقتىن زۇكامداپ قالىسىز.

بۇلارمۇ شۇ ئەقلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى تەتقىق قىلىشقا كېلىپ پسىخولوگىيە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى بىلمەستىن مۇھەممەد شەھۋەتپەرەس كىشىكەن دېيىشتى.

ئىنسانىنىڭ جىنسى ئارزۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولىدىغان بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپ يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنگە قەدەر بولىدۇ. مانا ھەرقانداق ئەقىل دېگىنى بولغان قىز ـ ئوغۇللارغا ئوخشاش ياكى خىزمەت ئىشلەش نامىدىن بولسۇن، بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىششقا تېگىشلىك بولغان ۋاقىت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ ياشتا قانداق ئىدى؟

گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىش، قىزلارغا قاراش، ھەمدە بۇ توغرىدا سۆزلىشىش ئىشلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياش ۋاقتىدا كۆرۈلگەنمۇ؟ ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەركىن شەھەردە ئەركىن ئىدى. ئەگەر يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىشنى خالىغان بولسا باشقۇرۇش ياكى ئۆرپ ـ ئادەت بۇ ئىشنى توسمايتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تەڭ ياشلار بۇ لەززەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنى بۇ ئىشتىن دىن ۋە قانۇن چەكلىمەيتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممىگە ئوچۇق بولۇپ، ھەرقانداق تەنقىدچى كۆرەلەيدۇ. بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ ياشتا ياشلىق باھارىغا تايىنىدىغانلىقىنى، ۋە پايدىغا، مال ـ مۈلۈككە بېرىلىدىغان شەھۋەتپەرەسلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆردىمۇ؟

سىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەگتۈشلىرى قىلغان ئويۇن ـ تاماشا قاتارلىق ئىشلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ياكى

www.munber.org

قىلمىغانلىقىدا يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ بېقىڭ. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇيقۇنى بېرىش ئارقىلىق ئۇ ئويلىغان نەرسىنى كەتكۈزۈۋەتكەن. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يامان ئىشتىن بىرەرنى قىلىپ سالغان بولسا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى مۇشرىكلار ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەرتەرەپتىن زىيان يەتكۈزۈشكە قىزىقىدىغان تۇرۇقلۇق بۇنىڭغا قاراپ تۇرارمىدى؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 25 يېشىدا توي قىلغانمۇ؟ چىرايلىق قىز بالا ئالغانمۇ ياكى ئانىنىڭ يېشىدىكى 40 ياشلىق تۇل ئايالنى ئالغانمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ باشقىسىمۇ تۇل ئايال بولۇپ، بۇلارنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئالغان ئەمەسمىدى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇسۇلمانلاردىن كۆپرەك خوتۇن ئېلىشنى يەنى 4 تىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىشنى رۇخسەت قىلغان. لېكىن ئاللاھ بۇنىڭ ئورنىغا ئاياللارنى تالاق قىلىشنى توسىغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن جىنسىي قۇۋۋەت ئەيىب ئەمەس. بۇ دېگەن ئەرلىكنىڭ ئالامىتى تۇرسا قانداقمۇ ئەيىب بولسۇن؟ ئەگەر ئەرلىك مۇشۇنىڭدا بولمىسا ئۇنداقتا نېمىدە بولىدۇ؟ لېكىن ئەيىب دېگەن ئەر كىشى بىرلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈچۈن ياشىسا ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنىلا ئويلىسا ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنى ھارام قىلغان يول ئارقىلىق ئېلىپ بارسا بۇنى ئەيىب دەيمىز. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەپ بىلەن بولغان ئەر - خوتۇنلۇق ۋەقەلىكىنى ئىسلام دۈشمەنلىرى قايتا - قايتا تەكرارلايدۇ. بۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەتنى قەستەن بۇرمىلاش ياكى ئاشكارا خاتا چۈشەنچىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. زەينەپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن تۇققىنى ھەم چىرايلىق قىز ئىدى. ئەگەر ئۇ زەينەپنى ئېلىشنى ئويلىغان بولسا ئۇنى ئالغان بولاتتى. پەيغەمبەر بۇنى ئويلىغان بولسا بۇ زەينەپنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. بىراق



www.munber.org



ئاللاھ زەينەپنى ئىسلام ئىسلاھلىرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىككى ئىسلاھاتى ئۈچۈن مەركەز قىلدى. بىرى زەينەپ تەجرىبىنىڭ ئۆزى بولدى، يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەجرىبىنىڭ ئۆزى بولدى. ئىسلام ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئابرۇيلۇق ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋە مۇشۇ جەھەتتە باراۋەر كېلىدىغان ئادەم يوق دەپ ھېسابلىنىدىغان زەينەپنى بېقىۋېلىنغان زەيدقا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىززەت ئابرۇيى ۋە سىنىپىلىق سېزىمىنى يوق قىلىشنى ئويلاپ زەينەپنى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي زەيدقا ئېلىپ بەردى. بۇلارنىڭ ھاياتى تالاش - تارتىش ۋە جېدەل - ماجرا بىلەن ئۆتكەن بولۇپ ھەرئىككىلىسى ئاجرىشىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنى زەينەپتىن ئاجرىشىپ كېتىشتىن توساتتى ۋە زەيدقا «ئايالىڭنى چىڭ تۇت، ئاللاھتىن قورققىن» دەيدىغان ئىدى. ھەتتا سەۋرى قاچىسى توشۇپ تېشىپ كەتتى ۋە ئېھتىماللىقا يول قويۇلماي زەيد زەينەپنى تالاق قىلىۋەتتى.

بۇ يەردە ئەڭ قىيىن ۋە مۇشەققەت بولغان ئىككىنچى تەجرىبە كېلىدۇ. بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ئايالى بېقىۋالغۇچىغا ھارام ئەمەس دېگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ۋە بېقىۋېلىنغان بالىدىكى ئادەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن زەينەپنى ئېلىش يۈكىنى كۆتۈرۈش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈكلەنگەن. بۇنىڭدىكى قىيىنچىلىق شۇكى شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەر مۇھەممەد ئۆز ئوغلىنىڭ ئايالىنى ئالدى دەپ گۇمان قىلىشتا ئىدى.

مانا بۇ كۆزقاراش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا رازى بولۇپ جاپاغا چىداشلىق بەردى. ۋەقە بولسا ئۇلار گۇمان ۋە پەرز قىلغىنىدەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە دېگەن سۆزلىرى بىھۇدە جۆيلۈش، رەددىيە قايتۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ. بۇنى



www.munber.org

ھەقىقەتنى بىلمەكچى بولغان كىتابخانلارغا ئوقۇتۇش ئۈچۈن بايان قىلدىم. جىسىم قۇۋۋىتى دېگەن ماددى قارشىلىققا غالىب كېلىشتۇر. دىل قۇۋۋىتى بولسا دۈشمەنگە غالىب كېلىشتۇر. بۇ يەردە ئەڭ چوڭ بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت بار بولۇپ بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ماددىدىن ۋە دۈشمەندىن چوڭراق بولغان نەرسىگە غالىب كېلىش ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق قۇۋۋىتى بىلەن كۆڭۈلگە، تەبىئەت سېزىمىغا ۋە ئارزۇسىغا غالىپ كېلىشتۇر.

مانا بۇ ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدىغان پىسخىك مەسىلە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ھەرخىل ئورۇنلاردا تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ «باتۇرلۇق دېگەن چېلىشقاندا قارشى تەرەپنى يېڭىش ئەمەس بەلكى ئاچچىق كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش» دېگەن. مانا بۇ ئۆزۈڭلاردىن سېزەلمەيدىغان، سىز كۈچلۈك بولۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشسىڭىز غەزىپىڭىزگە غالىپ كېلىش ۋە غەزەپنىڭ ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈشكە مۇھتاج بولىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت ھەرىكىتىڭىزدە، ئاۋازىڭىزدا ۋە تىللىشىڭىزدا جىمجىت ھالدا ئاشكارا بولسىمۇ غەزىپىڭىزنى يېڭىشكە قادىر بولسىز بەلكىم ئۇنىڭدىن قىيىنراقنى تەجرىبە قىلىپ كۆرۈڭ. مەسىلەن: سىز ئالدىدىكى نەرسىنى كۆرمەيدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ياخشى ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە مۇلايىم ئەپۇچان بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلسىڭىز مۇشۇ ھالدا ھەر ئون مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلايدىغان بىرەر ئادەم تاپالامسىز؟ ئەگەر بىر ئادەم سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن سىز ئۇنى چاقىرسىڭىز ئۇ سىزنىڭ چاقىرغانلىقىڭىزنى قوبۇل قىلىپ قېشىڭىزغا كەلسە دوستىڭىزغا تۆككەن كۆز يېشىڭىزنى ئۇنتۇپ قالارسىزمۇ؟ ئۇنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ھەمزىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋەھشىي ئىسىملىك كىشىنى بۇ كىشى ئىسلام



www.munber.org



كەلتۈرگەن ۋاقىتتا ئەپۇ قىلغان. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتى ئىسلامغا زىت كەلمەيدىغان ئىنسانغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان دەرىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غالىب كېلىپ ئۇ كىشىگە «مەن سېنى كۆرمىسەمكەن» دەپ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىكنى تەلەپ قىلغان.

ئەبۇ سۇپيانىنىڭ ئايالى ھىندىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە تاغىسىغا قىلغان ئۆچمەنلىكى ئىنسان، بۆرە، يولۋاس قىلمايدىغان ئىشنى قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ ھەمزىنىڭ كۆكسىنى يېرىپ يۈرىكىنى چىقىرىپ يېگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەڭلىرىدە نۇرغۇن يامانلىقلارنى قىلغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەن ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. سىلەرنىڭ تائىپىلىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان يامانلىقلىرىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇلار ئىسلام كەلتۈرگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنى كەچۈرگەن. مانا بۇ ئەڭ بۈيۈك مۇئامىلە ۋە ھەرۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ـ ئەلقەمە قاتارلىقلارنى قاتتىق ئازابلىغان بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جىسمانىي روھىي ۋە ئەقىدە جەھەتتىن ئازار يەتكۈزگەن بولۇپ ئۇنىڭغا ساراڭ، مەجنۇن، سېھىرگەر دېگەندەك نۇرغۇن بۆھتانلارنى چاپلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىدىن ئالاقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى تاغ جىلغىسىغا سولاپ يولغا تىكەن تاشلىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بېشىغا تۆگىنىڭ قېرىنىنى ئارتىپ قويغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر كۈن، بىر يىل بولماستىن بەلكى بىلىپ تۇرۇپ 13 يىل مەسخىرە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىنى قوغداشقا ئىگە بولالمايدىغان خار ھالدا كەئبىنىڭ ئەتراپىدا ئۆز ئالدىدا تۇرغۇزغانغا



www.munber.org

قەدەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشقان ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئەسھابلىرىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنتىقام ئېلىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن... ياق ئىنتىقام دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيلى، چۈنكى ئىنتىقام دېگەن سۆز بۇ ئورۇنغا لايىق ئەمەس. بۇ دېگەن ئۇزۇندىن بېرى بۇلارنىڭ قىلىپ كېلىۋاتقان يامانلىقىغا ۋە جىنايىتىگە رەددىيە بېرىشكە بولغان قانۇنلۇق جازالاش ۋاقتى. ئاگاھ بولۇڭكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارغا «مۇھەممەد بىزنى نېمە قىلىدۇ؟ دەپ ئويلامسىلەر» دېگەن سۆزنى قىلغان.

بۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامانلىقنى ئەسلەپ ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ: «ھۆرمەتلىك قېرىنداش، ھۆرمەتلىك قېرىنداشنىڭ ئوغلى» دەيدۇ ۋە پولاتتەك ھۆكۈمنى كۈتۈپ جىم تۇرىدۇ. ئەگەر ھۆكۈم بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە چىقىرىلغان بولسا تارىخچىلار ۋە دىن دۈشمەنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېچقانداق مالامەت قىلالمايتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىز ھېچكىم ئويلىمىغان ۋە شۇ ۋاقىتنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق دەۋرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ھۆكۈمنى چىقىرىپ ئۇلارنى: «قايتىڭلار، سىلەر ئازات» دېگەن.

مەن بۇ مۇئامىلىنى مۇشۇنداق قىسقىغىنا سۆزلىگىنىمگە ئەپسۇسلىنىمەن. مېنىڭ ئون مىڭ چېلىشچىنىڭ كۈچىگە مۇھتاج بولىدىغان بۇ مۇئامىلىنى ئايرىم بىر باب قىلىپ چۈشەندۈرۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. لېكىن ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق قىلالمىدىم. مەن تەرجىمىھال تارىخچىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۆجىزىلەرنى كەڭ دائىرىدە سۆزلەشكە ۋە مۆجىزىلەرنى قوشۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن. ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىكى ھاجىتى نېمىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش



www.munber.org



ـ ئىزلىرىدىن ھەربىر ئىش ۋە شەخسىي تۇرمۇشتىن ھەربىر تۇر ئەڭ چوڭ مۆجىزىلەردىن بىر مۆجىزە.

مۆجىزە دېگەن نېمە؟ مۆجىزە دېگەن ئىنسانلار ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قىلىشتىن ئاجىز كېلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى ۋە سەممىيلىكى مۆجىزە.

مەن ئادەتتىكى خەۋەر دەپ ئوقۇيدىغان بىر ۋەقەلىك بولۇپ ئۇنى دەرس مۇزاكىرە قىلىشلاردا يۈزلىگەن قېتىم ئوقۇپ ئۆتكەن. مەن بىر كۈنى تۇيۇقسىز بۇنىڭ ناھايىتى ھەيران قالارلىق ئىش ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدا بۇنداق خەۋەرلەرنىڭ ئوخشىشى ناھايىتى كۆپ. ھەممىڭلار بىلىسىلەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقىتتا قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قويغان ئامانەت نەرسىلەرنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئەلىنى قويۇپ قويغان. سىلەر بىر كۈنى بۇ ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ۋەقەلىكى قانداق ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە ماڭغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم قالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى ئەلى مۇسۇلمانلارغا ئەمەس بەلكى قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرىدا كۆچكەن كىشى بولۇپ خۇددى كىشىلەر كېمىسىدىن چۈشۈپ بولغانغا قەدەر كېمىچى كېمىسىدە تۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كۆچۈشى ئۇنىڭ ئېسىل خىسلىتى.

ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ۋەقەلىكى بولسا قۇرەيشلەر خەزىنىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ئىشەنچلىك كىشى تاپالمىغان. قېپتى ئوتتۇرىسىدا تىل، قول، پرىنسىپ ۋە ئەقىدە ئۇرۇشى بولىۋاتقان ئىككى گۇرۇھنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ



www.munber.org

گۇرۇھنىڭ شەخسلىرى پۇل ۋە ماللىرىغا، يەنە بىر گۇرۇھتىن بىر ئادەمگە ئىشىنىدۇ.

سىلەر مۇشۇ ۋەقەلىكنىڭ ئوخشىشىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى، سەممىيلىكى مۆجىزە بولمىسا ئۇلار مال ـ دۇنياسىنى قانداقمۇ ئۆز دۈشمىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئامانەت قويىدۇ؟ بۇنىڭدا گۇمانلىنىش مۇمكىن ئەمەس.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى كۈنىسىدىكى جەڭدە جەڭدىن بۇرۇن سەپلەرنى تۈزەۋاتاتتى. قولىدا بىر تال ياغاچ قاچا بار بولۇپ، سەۋۋادىبنى غەشرىنىڭ سەپتىن چىقىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قولىدىكى ياغاچ قاچا بىلەن قورسىقىدىن ئىتتىرىپ قويۇپ: «سەۋۋاد سەپتە رۇس تۇرغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەۋۋاد: «ئەي رەسۇلۇللاھ، سېنى ئاللاھ ھىدايەت، ئادىللىق بىلەن ئەۋەتكەن تۇرسا سەن مېنىڭ قورسىقىمنى ئاغرىتىپ قويىدۇڭ» دېدى. بۇ كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، مۇشۇنداق سۆزنى ئەسكەر دېسە ئەسكەر باشلىقى بۇنى نېمە قىلىدۇ، دەپ قارايسىز؟ ئەسكەر باشلىقى ئۇنىڭغا ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتەمدۇ ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرەمدۇ ياكى كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئۇنى كەچۈرەمدۇ؟ ياكى مەقسەتتىن زىيادە «كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە ئۆزرە ئېيتىمەن» دەمدۇ؟

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىم قىلمايدىغان ۋە ئويلاپمۇ باقمايدىغان بىر ئىشنى قىلىپ ئۇ كىشىگە قورسىقىنى ئېچىپ بەردى ۋە ياغاچ قاچىنى بېرىپ: «ئىنتىقام ئالغىن» يەنى، «مەن سېنى ئۇرغاندەك سەنمۇ مېنى ئاغرىتىۋالغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ پېشۋاسى تۇرۇپ ئۆزلىكىدىن بويسۇنغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا شۇنىڭغا ئوخشاش كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق خاتىرىسىنىڭ ھەممىسى مۆجىزە بولۇپ، دۇنيادىكى



www.munber.org



ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىش ـ ئىزلىرىنى قويۇپ كېتىشكە ئاجىز كەلدى ئاجىز كېلىۋاتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ جىسمانىي كۈچلۈكلۈكتە ۋە روھى جەھەتتە ئىززەت ۋە كاتتىلىقى بار. ئۇ غەلىبە قىلغاندا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەيتتى. مەغلۇب بولغاندا بىئارام بولىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان ياكى ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق جەڭلەردىكى مۇستەھكەملىكىدە ساھابىلارنىڭ باتۇرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قوغدىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باتۇرلىقى ئالدىدا ھەر قانچە باتۇر كىشى بولسىمۇ ئاجىز كېلەتتى. ئۇ پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، تۇل ئايال ۋە ياشىنىپ قالغان كىشىلەر بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇ ھەقنى ئىجرا قىلاتتى. ئۆزىنىڭ خاتالىقى ۋە كايىشى توغرىسىدا چۈشكەن ئايەتلەرگە قەدەر ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيي قىلىنغان ھەرقانداق سۆزنى راستلىق بىلەن يەتكۈزەتتى ۋە دېگىنىنى ياقلايتتى. شەخسىي مۇئامىلىدە بولسۇن ياكى دۆلەت ئەھۋالىدا بولسۇن ۋەدىگە ۋاپا قىلىش قانچە قىيىن ۋە جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقنى ئوڭ قول بىلەن يېيىش، يېگەن ۋاقتىدا بىسمىللا دېيىش قاتارلىق تاماق يېيىش تۈزۈمىنى ۋە ئەسھابلىرى ئىچىدە پاكىزلىق تۈزۈمىنى يولغا قويىغان. بۇنى ئۇلارغا ئۆگەتكەن ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەل قىلغان. ئۇ ساھابىلىرىغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارغا مەسلىھەت سالاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. كىرسە نەدە بوش ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ كەلگەن بەزى كىشىلەر كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قاراپ: «قايسىڭلار مۇھەممەد؟» دەيتتى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاممىۋى كىشىلەردىن ئولتۇرۇشتا بولسۇن ياكى كىيىم ـ كېچەكتە بولسۇن ئالاھىدە پەرقلىق



www.munber.org

بولماستىن ھەممە ئىشتا ئۇلارغا ئوخشاش ئىدى ۋە ئاياللاردىن ناھايىتى پەرز قىلىدىغان ئىپپەتلىك كىشى ئىدى. ئائىلىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىدا راستچىل چاقچاقلىرىدا ۋە كۆڭۈلنىڭ ئەركىنلىكىدە ناھايىتى سەممىي، ئەدەبلىك ئىدى، كەمتەرلىككە، مېلىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشتە ھەرقانداق دىل ياخشى كۆرىدىغان ئىدى.

ئۇ ساھابىلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇشتىن توساتتى ۋە ئائىلىدىكى ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۆزى قىلاتتى. ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۇل ـ مال تېپىشتىن ئاجىز ئەمەس تۇرۇقلۇق بايلىقتىن ئۆزىنى تارتىپ پېقىرلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خالىغان بولسا ئۆيى كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ ئوردىسىدىن كاتتىراق بولاتتى. لېكىن ئۇ بۇ دۇنيانى قويۇپ ئاخىرەتنى تاللىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئاياللىرىنىڭ يەنى توققۇز ئايالىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىردىن ئاشمايتتى. ئائىشەنىڭ ئۆيى لاي ۋە خام خىشتىن سېلىنغان بولۇپ، بۇ ئۆيدە ئائىشە ئۇخلىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇشقا سىغماي سەجدە قىلغان ۋاقتىدا ئائىشەنىڭ پۇتى ئورنىغا سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇتىنى ئىتتىرىپ قوياتتى. ئەمما ئۇنىڭ تائامىغا كەلسەك ئائىشە نان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە ئوت يېقىلماي بىر ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتەتتى، دېگەن.

ساھابىلار «نېمە يەيتتىڭلار» دېگەندە ئائىشە «خورما ۋە سۇ» دېگەن مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ تامىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قابىلىيەت جەھەتتە ھەممە كىشىدىن يۇقىرى ئىدى. بۇنىڭ ھەممىسى مۆجىزىدۇر. بۇنىڭدا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئادەم ئەۋلادىدىن بولغان بىردىنبىر ئالاھىدە ئادەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ مەرتىۋىلىكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى

www.munber.org





قىسمى قىلىپ تاللىغان دېگەنلىككە دەلىل باردۇر. ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كىشى يوق.

ئاللاھ پەيغەمبەرلىكنى قەيەردە قويىدۇ بۇنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ.

www.munber.org

# كىتابلارغا ئىشىنىش

## قۇرئان

قۇرئان ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق مۆجىزىسى.

قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان دېگۈچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىنكار قىلىپ ئىلاھ دەپ سۈپەتلىدى. بىز «ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك زات يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز.

بۇ قۇرئاننى ئىنسان قىلىپ چىقىشى ۋە توقۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان پەقەتلا ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن دېگەنلىكتۇر. كىمكى مۇھەممەد قۇرئاننى ئۆزى تۈزگەن دەيدىكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىلاھىيەتلىك سۈپەتنى بەرگەن بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قېنى ماڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كىتاب توقىيالمايدىغان، خەت يازالمايدىغان، ئۆمرىدە مەكتەپكە كىرىپ باقمىغان، بەلكى شەھەردە مەكتەپمۇ بولمىغان، بىرەر مەدەنىيەتلىك شەھەردە ياشىماستىن، چۆل ـ باياۋان قۇملىرىنىڭ ئارىسىدا كۆيۈپ كەتكەن قارا تاغ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر كەنتتە ياشىغان ۋە بۇكەنتتە رىم، قۇستەنتىن ۋە كىسرانىڭ شەھەرلىرى بىلمەيدىغان ۋە بۇ كەنتتە بىرەر ئادەم ھىندىستان ۋە ئىران ئەدەبىياتىنى ئاڭلىمىغان بۇ كەنتتە ئالىم، تەتقىقاتچى ۋە شۇ زاماندىكى ئالىملارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەنمىدىغان ئوقۇتقۇچى يوق بىر يېزىدا ئۆسۈپ، ئۆز كەنتىدىن باشقا ئورۇنلارغا





چىقىپ باقمىغان، چىققاندىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى شۇنىڭدىن سەل چوڭراق ئورۇنغا چىقىپ لېكىن بىر كۈن ياكى بىر نەچچە كۈن تۇرغان ساۋاتسىز ئادەمنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار. مۇشۇنداق بىر ئادەم قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى ئەكېلىشى مۇمكىنمۇ؟ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى تالانتلىق كىشىلەرنىڭ تارىخىدا ۋە ھەرقايسى دەۋردىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا شۇ ۋەقەلىككە ئوخشاش ۋەقە كۆرۈلگەنمۇ؟

مۇزارات ئۇندىن ئازراق مۇزىكا تورىنى تۈزۈپ چىققان. ھىشتار شۇنىڭغا ئوخشاش يېشىدا شېئىر رەتلىگەن. جىنپىئر ۋە ئۇنىڭ قىز بىر تۇققىنى ئالىيە ۋە زىرەنجە دېگەن يازغۇچى ناھايىتى ئەۋزەللىككە ئېرىشكەن. شكسپىر ئەدەبىيات ئىنقىلابىنى قوزغىغان بولسىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن بولالمىغان. بۇنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولىدىغان ئىش. ئەقىللىق بىر ياش ھەيران قالارلىق ھېكايە ياكى يېڭى ئىلىم نەزەرىيە كىتابىنى تۈزۈپ چىقالىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ تالانتلىق، تالانت دېگەن ئوقۇغۇچىلارغا ياكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرگە خاس ئەمەس.

بەزىدە ئادەم ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ. لېكىن ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات، گۈزەل ـ سەنئەتلەردە تارىخ ئېتىراپ قىلىدىغان كىشىلەر ئۆز زامانىسىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىلىگەن ياكى يۈزدە ئەللىك ياكى يۈزدە يۈز ئىلگىرىلىگەن بولۇپ بۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە چەك ـ چېگراسى بار. بۇ ئىلگىرىلەش ئەقىلگە ئۇيغۇن.

بارلىق تارىخلاردا شارائىتى مۇكەممەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئەڭ گۈزەل، قانۇن چىقىرىش ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى قانۇن، ئىشلارنى خەۋەر قىلىشتا ھېچكىم بىلمەيدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، تەبىئەت جەھەتتە ئۆز زامانىسىدا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا،



www.munber.org
www.munber.org

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن 10 ـ ئەسىرلەردە ھەتتا 1300 يىلدىن كېيىنمۇ ۋە ھازىرغىچىلىكمۇ كىشىلەرگە تونۇلۇپ يېتىلمىگەن قانۇن چىقىرىش ۋە ھەرخىل ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرەر كىتابنى تۈزۈپ كەلتۈرگەن بىرەر ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. قۇرئان ئىنسانلارنى قۇرئاننىڭ سۈرىسىگە ئوخشاش سۈرىدىن بىر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەيدانغا چىققان. بۇ مەيدانغا چىقىشنى تەلەپ قىلىش ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە. لېكىن ئىنسانلار ھازىرغىچىلىك قۇرئاننىڭ سۈرىسىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلمەكتە. قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى ھەردائىم مۇستەھكەمدۇر. بىراق سىلەر ئىستاتىستىكا ئالىملىرى تەتقىق قىلغاندەك مۆجىزىلىك تەرەپلىرىنىلا تەتقىق قىلماڭلار. مۆجىزە ئورنى قۇرئان كەرىمنىڭ بىرلا لەۋزىدە ئەمەس قۇرئانى كەرىمنىڭ غايىپتىن بەرگەن خەۋىرىدىلا مۆجىزە بار دېگەن ئورۇندىلا ئىزدەنمەستىن بەلكى قۇرئاننىڭ ھەممىسىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسى مۆجىزىدۇر.

قۇرئانى كەرىم بولسا گۈزەللىكى بىر چىرايىدا ياكى ئىككى كۆزىدە ياكى ئەزالىرىدىن قايسى بىر ئەزاسىدا بولماستىن بەلكى گۈزەللىك پۈتۈن جىسمىدا بولغان چىرايلىق ئايالغا ئوخشاش بولۇپ، قۇرئانغا قارىغان ئادەم قۇرئاننىڭ قايسى بىر يېرىگە قارىمىسۇن شۇ يەردە مۆجىزىنى تېپىپ كۆرىدۇ. سىلەر بىر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ئاللاھنىڭ:

﴿بَلَى قَادِرِينَ عَلَى أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُ﴾

﴿ئۇنداق ئەمەس يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىمىز، ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ئەڭ نازۇك بولغان بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز...﴾[1] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا ئىسلام كەلتۈرگەنلىكىنى بىلىسىلەر، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ بارماقنىڭ ئۇچىنىلا

[1] سۈرە قىيامەت 4 ـ ئايەت.



www.munber.org



زىكرى قىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن نېمە خىسلەت بار؟ پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭ. ئۇنىڭدا بارماق ئىزى بار. مانا بۇ ئاجايىپ ئىلاھى مۆجىزە! يەر يۈزىدە قانچىلىك ئادەم بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىرسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئىككى ئادەم يوق.

بۇ ھەيران قالارلىق بەلگە بولۇپ يېقىندا تونۇلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 ـ ئەسىرلەردىمۇ بۇنى بىرەرمۇ ئادەم تونىمايتتى. ئۇنداقتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن تاپشۇرۇۋالغان بولۇشى ۋە قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان بولۇشى زۆرۈر. قۇرئاننى تەتقىق قىلغان كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقىلار تونۇپ يېتەلمىگەن قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرەرنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى بىلىۋاتىمىز. چۈنكى قۇرئاننىڭ ئاجايىپلىقى تۈگەپ قالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ھەر زاماندا يېڭىدىن تەپسىر قىلىنىپ تۇرۇشنى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلار، ھوقۇقشۇناسلار، پىسخولوگىيە ئالىملىرى ئاسترونومىيە، جەمئىيەتشۇناسلار تەپسىر قىلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەربىرى قۇرئان كەرىمدە ئۆز ئىلمىگە مەيدان ۋە دەلىل تاپالايدۇ. چۈنكى قۇرئان ئاللاھنىڭ مۆجىزىسىدۇر. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسى بىر قېتىملا بولۇپ تۈگەپ كەتكەن. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھەرۋاقىت كۈچكە ئىگە. پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسى پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىغا پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىلدۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ بارلىق پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىغا بولسۇن.

بىز قۇرئانغا ۋە قۇرئان خەۋەر قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «سەھىپە» گە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «تەۋرات» قا، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «زەبۇر» غا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «ئىنجىل» قاتارلىقلارغا ئىشىنىمىز.



www.munber.org

قۇرئان ئۇ كىتابلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئۆلچەيدىغان كىتابتۇر. ئاللاھ:

﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا﴾

﴿ئى مۇھەممەد، بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى ئىتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا شاھىد بولىدىغان ھەق كىتابنى چۈشەردۇق.﴾[1] دېدى.

بىز قۇرئاندا مۇشۇ كىتابلاردىن دېگىنىگە ئىمان كەلتۈردۇق. ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم كاپىر دېدۇق ۋە بۇ كىتابلارنىڭ خەۋىرىدىن قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلگىنىنى ئۆزگەرتىپ كىرگۈزۈلمەي توغرا ھالىتىدە ساقلىنىپتىكەن ۋە بۇ كىتابلارنىڭ خەۋىرىدىن قۇرئاندا دېيىلگەن سۆزلەرگە زىت كېلىدىغانلىرىنى ئۆزگىرىپ كېتىپتىكەن دەپ ئېتىقاد قىلدۇق.

[1] سۈرە مائىدە 48 ـ ئايەت.

www.munber.org





# خاتىمە

مانا بۇ ئىسلام ئېتىقادلىرى

كىمكى بۇ ئىسلام ئېتىقادلىرىغا، ئاسمان زېمىن ۋە ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىن ئىبارەت قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنسە ۋە ئىشىنىشىنىڭ ئالامىتى ئىش ـ ھەرىكىتىدە كۆرۈلسە بۇ ئادەم كامىل مۇسۇلمان بولغان بولىدۇ.

كامىل مۇسۇلمان دېگەن: ئۆزى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان قۇرئاننى چۈشەنمەستىن تىلاۋەت قىلىش بىلەن ۋە چۈشەنمەي رىتىملىق چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇش بىلەنلا بولىدى قىلماستىن، قۇرئاننى ئۆز ھاياتى تۇرمۇشىنىڭ دەستۇرى قىلىدۇ. قۇرئان ھالال دەپ كۆرسىتىپ بەرگەننى ھالال، ھارام دەپ كۆرسىتىپ بەرگەننى ھارام دەپ بىلىدۇ. قۇرئان بۇيرىغاننى قىلىپ، چەكلىگىنىدىن يانىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادلىرى بىرلا ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلىرىدا بولغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بىرلا مەسچىتتە ئەمەس، بەلكى ئائىلە، بازار، پادىشاھنىڭ ئوردىسى، جەڭ، تېنچلىق ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە بولىدۇ. ئىسلام داۋاملىق مۇسۇلمان بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ۋە چەكلەنگەن ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئىسلام مۇسۇلمان كىشى يالغۇز بولسۇن ياكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولسۇن، تىجارەتتە بولسۇن ياكى باشقا ھەرقانداق ئىشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمان بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇسۇلماننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئىشىغا بەش ھۆكۈمدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى جايىز ئىشى بار.

باشقا ئېتىقادلارنىڭ سىياسەت ۋە ئىلىم بىلەن ئالاقىسى يوق. ئىسلامى ئىبادەت ھەق ـ تەلەپ قانۇنى، جازا قانۇنى، دۆلەت قانۇنى، مەمۇرىي

www.munber.org

قانۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاق قانۇنى، يول، سياسەت، ئىلىم ـ پەن، جىھاد (ئىسلام كۈرىشى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىز شەرىئەت ئالىملىرى كىتابلىرىدىن قايسى كىتابنى ئېچىپ،ئۇنىڭ مۇندەرىجىسىگە قارىسىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرىسىز. ئەگەر باشقا دىنلاردا ئىبادەت پەقەت ناماز بولىدىغان بولسا، ئىسلامدا ئىبادەت پەقەت ناماز روزىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا بولغان ھەرقانداق ئىشنى قىلغان ئادەم ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ قىلغان بولسا بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئىبادەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىسلام دىن بىلەن ئىلىم ـ پەن ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتكەن بولسا قۇرئاندا ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن سۆز «ئوقۇ» دېگەن سۆز بولۇپ دەسلەپتىلا «دۇنيا توپلار» ياكى «دۇنيادىن ئايرىلىپ تەركى دۇنيا بول» دېگەن سۆز چۈشمىگەن. ئوقۇ دېگەن سۆز قۇرئاندا دەسلەپ چۈشكەن سۆز بولۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ بەرگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت، مەنسەپ ـ ھوقۇق قاتارلىقلار توغرىسىدا سۆزلىگەن.

ئىسلام جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەرقانداق ئىلىمنى ئۆگىنىشنى، شۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشكە قادىر بولغانلارنىڭ ھەممىگە پەرز قىلدى.

دۇنيادا ئىسلام دىنىدىن باشقا خىمىيە، تىبابەت، ئاۋىئاتسىيە قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى پەرز قىلغان ئىككىنچى بىر دىن بارمۇ؟ ئىسلام دىن باي دىن بولۇپ، ئاللاھ قۇرئاندا مالنى ماختاپ

﴿وَإِنَّهُ لِحُبِّ الْخَيْرِ لَشَدِيدٌ﴾

﴿ئىنسان پۇل مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر﴾[1] دېدى. مۇسۇلمانلار مالنى ھالالدىن تېپىشى ۋە مال كۆكۈلدە بولماستىن قولىدا بولۇشى شەرتى بىلەن باي بولۇشى لازىم. مال ـ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ

[1] سۈرە ئادىيات 8 ـ ئايەت.



www.munber.org



مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان. مۇسۇلمان ئادەم ئۆزى ئاللاھنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى، لېكىن دۇنيادىكى نەرسىلەرگە خوجا بولۇپ خالىغانچە ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى سېزىپ پايدىغا قىزىقىدۇ. لېكىن مالنى ئۆزىگە چوڭ ساناپ كەتمەيدۇ. چۈنكى مالنى ئۆزىگە چوڭ سانىغانلىق ئۇنىڭغا قۇل بولغانلىقتۇر.

مالنى چوڭ ساناش ئىبادەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مالنى مەنپەئەتلىنىش ۋاستىسى قىلىپ بەردى. ئەگەر سىز مال توپلاپ يوشۇرۇن خەزىنە قىلىپ ساقلىسىڭىز، ئۇنىڭدىن پايدىلانسىڭىز ئۇنداقتا سىز مالنىڭ خىزمەتكارى ۋە قۇلى بولغان بولىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پۇلنىڭ قۇلى بولغان ئادەم ئىنتايىن خار ئادەملەر» دېگەن.

كىيىم ـ كېچەك سوغاقتىن مۇداپىئەلىنىش، ئەۋرىتىنى يېپىش ئۈچۈن قىلىنغان. ئەگەر سىز كىيىم ـ كېچەكنى چوڭ بىلىپ ساقلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلانمىسىڭىز، كىيىم ـ كېچەكنىڭ قۇلى بولغان بولىسىز. «كىيىم ـ كېچەكنىڭ قۇلى، نېمە دېگەن شۇم پېشانە ـ ھە!» ئىسلام كۈچ ـ قۇۋۋەت دىنى لېكىن زۇلۇمسىزدۇر. ئىسلام دىنى دۇنيا ھەم ئاخىرەتلىك دىن بولۇپ:

﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً﴾

﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز بىزگە دۇنيا ھەم ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغايسەن﴾[1]

مۇسۇلمانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئىسلام قانۇنىغا ئەگىشىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللەتلەرنىڭ ئەڭ تەرەققىي ئەڭ كۈچلۈكى، ئەڭ ئالىملىرى، ئەڭ بىلىملىكى ۋە ئەڭ بېيى بولۇشنى تەلەپ

[1] سۈرە بەقەرە 201 ـ ئايەت.



www.munber.org

قىلىدۇ. ئەگەر ھەرقانداق مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇش، دىنىنى يەتكۈزۈش، چىرايلىق نەسىھەت ئارقىلىقلا ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىشتىن ئىبارەت ئۆزىگە مەجبۇرىيەتنىڭ بارلىقىنى بىلسە كىشىلەرنى ئىسلامغا زورلىماستىن ﴿لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ﴾ ﴿دىندا زورلاش يوق﴾[1] بەلكى ئۇلار دىنغا قىزىققانغا قەدەر ئىسلام دىنىنىڭ چىرايلىقلىقىنى سۆزلەپ بېرىش،كىشىلەرنىڭ تىلى بويىچە ئىسلام پرىنسىپلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇناسىپ ھالدا چۈشەندۈرۈشنى، كىشىلەر قاچىدىغان ۋە يىراقلىشىپ كېتىدىغان ھازىرقىدەك ئەھۋال بولماسلىقى، تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈش ۋە چۈشەندۈرگۈچىنىڭ پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئەقلى ئۆتكۈر بولۇش، ئىسلام پرىنسىپىغا ئۇيغۇن ھالدا شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتىگە ماسلاشقان بولۇشى ئىسلامنى تولۇق چۈشەنگەن بولۇشى، كىشىلەرگە شۇ زاماننىڭ تىلى ۋە شىۋىسى بىلەن سۆزلىشى، كۆڭلى يۇمشاق، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشى،قوپال، تەكەببۇر بولماسلىقى لازىم.

ھەرقانداق مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام توغرىسىدىكى مۇنازىرلەردىن قورقمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن قاچمايدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە ئىسلامدىكى قانداق نەرسىنىڭ پاكىت ۋە دەلىل بىلەن ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ئىسلامغا قارشى تۇرغۇچىدىن پاكىت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك.

﴿قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾

﴿سىلەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار پاكىتلارنى ئەكىلىڭلار دېگىن﴾[2]

﴿وَمَن يَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ لا بُرْهَانَ لَهُ بِهِ﴾

[1] سۈرە بەقەرە 256 - ئايەت.
[2] نەمل 64 - ئايەت.



www.munber.org



﴿كىمكى ئاللاھ بىلەن يەنە بىر ئىلاھنى قوشۇپ چاقىرىدىكەن ئۇنىڭ ئۇنىڭغا پاكىتى يوق﴾[1]

قېنى پاكىت بولسا ئەكەلسۇن، لېكىن تەۋھىدنىڭ خىلاپىغا دەلىل تۇرغۇزۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر دۇنيادىكى ئاشۇ ئىبزىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئاللاھ ۋە ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىش يەتكەن بولسا ھەممىسى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرگەن بولاتتى. ئاللاھ

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

﴿بۇ دىننى بىز چۈشۈردۇق، ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز﴾[2] دېگەن.

ئىسلام مەڭگۇ تۇرىدۇ. ھەرگىز يوقالمايدۇ. كەلگۈسى ئىسلامغا مەنسۇپ. لېكىن ياكى بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزغا قايتىمىز شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى غەلىبە، ئاخىرەتتىكى ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. ياكى ئاللاھ بىزنى باشقا بىر خەلققە ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلار ئىسلامغا كىرىپ ئىسلام دىنىغا كىشىلەرنى چاقىرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بىز ئاللاھتىن بىزنى ئالماشتۇرىۋېتىشتىن پاناھ تىلەيمىز ۋە ئاللاھتىن بىزنى دىنىمىزغا قايتۇرۇشنى كۆز ئالدىمىزدىكى غەلبىنى ئىسلامغا بېرىشنى، گۇناھىمىزنى كەچۈرۈپ بىزگە رەھىم - شەپقەت قىلىشنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىمىز بارلىق ھەمدۇ - سانا، ماختاش، ماختىنىش ۋە پۈتۈن گۈزەللىك پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

تۈگىدى

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 117 - ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر 9 - ئايەت.



www.munber.org